ئالىمجان رەجەپ

# قوياش، زېمىن ۋە ئادەم

(مەرىپەتپەرۋەر دېھقان كېرەم ئىمىن توغرىسىدا ئوچېرك)

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

ئالىمجان رەجەپ

# قۇياش، زېمىن، ئادەم

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابدۇراخمان ئەبەي
ئابلىمىز ئابباس
مەسئۇل كوررېكتورى: خالىدە مۇختەر

# قۇياش، زېمىن، ئادەم

*

ئاپتورى: ئالىمجان رەجەپ

*

شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 100 - قورۇ، پ: 830001)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ پاراۋانلىق باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۆلچىمى: 1168×850مم، 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى: 8.125
1994 - يىل 12 - ئاي 1 - نەشرى
1994 - يىل 12 - ئاي 1 - بېسىلىشى
ISBN7-5371-1933-3/I·654
سانى: 1 — 5070
باھاسى: 4.00 يۈەن

## مۇندەرىجە


دېھقان ئېڭى ........................ 1
قىزغىنلىق ۋە تەلۋىلىك ........................ 6
سۆزلەنمىگەن ھېكايە ........................ 13
1974 - يىلى قىش ........................ 21
تۇرمۇش ئۆز ئوقىنى ئايلىنىدۇ ........................ 26
قىزىل قىرغاق، قىزىل نەپەسلەر ........................ 32
ئانا دەريا، ئانا ماكان ........................ 37
تىپىك ئەپسانە ........................ 43
مەشئەل ........................ 52
ئاھ، بورانچى دەرياسى ........................ 58
قىزىل شەمشەر، ئاقار يۇلتۇزلار ........................ 68
باھار يامغۇرى ۋە زېمىن ........................ 78
يېشىل ئورمان، يېشىل بۆشۈك ........................ 89
سامانيولى جىمىرلايدۇ ........................ 100
ئاق تۇمان، ئاق ياپراقلار ........................ 112
تۇنجى سۈرەت، تۇنجى ئاۋاز ........................ 125
ئاتمۇسفېرادىن ھالقىپ ئۇچۇش ........................ 138
ئۇيقۇسىز كېچىلەر ........................ 148

كونا مەنتىقە، ساخاۋەتلىك ئىش .................. 167
مۇقەددەس ئىشلار .............................. 176
قۇتلۇق مۇراسىم، يېڭى ئىزلار .................. 182
ئەگەر جەننەت بولسا ... ...................... 189
ئىككى باي ھەققىدە رىۋايەت .................... 197
زۇمرەت ئاسمان، زۇمرەت سەھرا ................. 206
قەھرىمىز، مېھرىمىز بار ئاتا .................. 217
ئۇزۇن يوللار ................................. 227
كۈمۈش دولقۇن، كۈمۈش قولۋاق .................. 237
يىراققا نەزەر ................................ 249
خاتىمە....................................... 255

# دېھقان ئېڭى

گېزىت خەۋىرى:

1950 - يىلى فېدېراتىپ گېرمانىيىدىكى ھەربىر دېھقان ئىشلەپچىقارغان ئاشلىق مەھسۇلاتى بىلەن ئاران ئون كىشىنى باقالى بولاتتى. 1983 - يىلىغا كەلگەندە، ھەربىر دېھقان ئىشلەپ چىقارغان ئاشلىق مەھسۇلاتى بىلەن 62 كىشىنى باقالى بولىدىغان بولدى. گوللاندىيىدە بولسا، ھەربىر دېھقان ئىشلەپ چىقارغان ئاشلىق مەھسۇلاتى بىلەن 112 كىشىنى، ئەنگلىيىدە 85 كىشىنى باقالى بولىدىغان بولدى. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەھسۇلاتى ناھايىتى تۆۋەن بولۇپ، بىر دېھقان 14 كىشىنى ئاران باقالايدۇ. ئامېرىكىدا 79 كىشىنى باقالايدۇ. جۇڭگودا 370 مىليوندىن كۆپرەك يېزا ئىگىلىك ئەمگەكچىسى بولۇپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەربىر ئەمگەكچى ئۈچ كىشىنى باقالايدۇ. ھالبۇكى، جۇڭگو دېھقانلىرى دۇنيا ئومۇمىي تېرىلغۇ يېرىنىڭ يەتتە پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدىغان تېرىلغۇ زېمىندا، دۇنيا نوپۇسىنىڭ تۆتتىن بىر قىسمىنى ئىگىلەيدىغان ئاھالىنى بېقىۋاتىدۇ... غەرب ئەللىرى دۇنياسىغا سېلىشتۇرغاندا، جۇڭگو دېھقانلىرىنىڭ نەقەدەر ئېغىر يۈك كۆتۈرۈۋاتقانلىقىنى ئىنكار قىلغىلى بولمايدۇ.

جۇڭگو دېھقانلىرى ئۆز - ئۆزىنى ئەمدىلا چۈشىنىشكە باشلىغاندا، ئۇلار «بەخت» ئۇقۇمى ھەققىدە ھېچقانداق

تەسىراتقا ئىگە ئەمەس ئىدى. 1 مىليارتتىن ئارتۇق نوپۇسقا ئىگە مۇشۇ زېمىندا، ھەربىر دېھقاننىڭ ئۈچ كىشىنى بېقىشى — ھەقىقەتەن تەس ئىدى. ئۇلار مۇشۇ خىل مۇھىت ئىچىدە، «بەخت»نىڭ ئۆزلىرىگە قۇتۇپ يۇلتۇزىدەك يىراق نەرسە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىشنى ھەرگىز خالىمايتتى.

دېھقان!

بۇ، ئەمگەك ئىلاھى، نەقەدەر ئاددىي، نەقەدەر يەڭگىل ئۇقۇم-ھە! كۆتەكتەك بىر دېھقان، كەتمىنىنى مۈرىسىگە سېلىپ، تاڭدىن بۇرۇن بىنەمگە كېلىدۇ. مەلۇم دائىرە ئىچىدە، يەر ئاغدۇرۇش، تۇزلەش، قىرلاش، سۇغىرىش قاتارلىق تالاي ئىشلارنى ئىشلەپ تۈگىتىدۇ، تاكى يۇلتۇزلار ئاسماندا بارگاھ قۇرۇشقاندىمۇ، ئۇ چىلىق-چىلىق تەرلەپ-پىشىپ ئىشلەيدۇ. بېلىنى رۇسلاي دېگەندە، ئۇنىڭغا تەقسىم قىلىنغىنى — بىر قاچا ئۇماچ بولىدۇ، بۇ يەنە دېھقان ئۈچۈن بەخت ھېسابلىنىدۇ. دېھقان، ئاللىقاچان تەمى، ئىسسىقى قاچقان ئاشۇ نازۇنېمەتتىن قانائەت ھاسىل قىلىدۇ. بىھېساب كۆزلەر، بىھېساب قەلبلەرنىڭ ئىشتىھا ئوتىدىن ھاسىل بولغان ئاشۇ سوغۇق ئاش — بىر كۈنلۈك ئەمگەك بەدىلىگە كەلگەن. ئاشۇ ئالتۇن تاۋاق — دېھقاننىڭ بارلىقىنى، پۈتكۈل ۋۇجۇدىنى ئىگىلىگەن، ئۇ ھەممىنى، دېھقان ئۈچۈن مۈشكۈل ھېسابلانغان غەم-غۇسسىنى، ھېرىش-چارچاشنى ئەستىن كۆتۈرىدۇ، شورۇلداپ ئاققان تەرنى ئۇنتۇلدۇرىدۇ. مانا بۇ — دېھقانچە ئاڭ، دېھقانچە تۇيغۇ، دېھقانچە چۈشەنچە ۋە دېھقانچە ياشاش تەبىئىتىنىڭ شەكىللىنىش جەريانى، مانا بۇ، جۇڭگو دېھقانلىرىنىڭ بىر كۈنى، بىر كۈنلۈك ھاياتى.

ئەمما ئۆتمۈشكە مەنسۇپ بولغان بۇ خىل ئاڭغا يارىشا، شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، بۈگۈنكى

جۇڭگو دېھقانلىرى، مېھنەت - جاپادا، مۇشكۈلچىلىكتە، سەپىنىڭ ئالدىدا تەر ئاققۇزغىنى بىلەن، پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ نەزەرىدە، ئۇ پەقەت «تەبىئەت بىلەن ئېلىشقۇچى» دېگەن شەرەپلىك چەمبەر ئىچىدىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ. دېھقان چۈشەنچىسى، كىشىلەر چەتلەپ ئۆتۈپ كېتىدىغان سازلىققا، چېكى يوق دەشتى - باياۋانغا، ئۇنۇمسىز تۇپراققا ئايلانغان. كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدىكى دېھقان ئوبرازى «قاتمال، نادان، پەمسىز» دېگەن ئىبارىلەر بىلەن سۈپەتلىنىدۇ، ئۇلارنىڭ ماددىي بايلىق ئىلاھى ئىكەنلىكى، تاش قورال دەۋرىدىن ئېلېكترون دەۋرىنى، ئاتوم ۋە پۈتكۈل ئالەم مەدەنىيىتىنى يارىتىشقىچە بولغان كۆۋرۈكلۈك رولىنى ئېتىراپ قىلىش — قىل سىغمايدىغان ھەقىقەت.

مەملىكىتىمىزدە دېھقان — ئالدى بىلەن خوجايىنلىق روھىغا ئىگە. نوپۇس ئىنتايىن كۆپ، تېرىلغۇ زېمىن بەكمۇ ئاز. ئەمما دېھقانلىرىمىز ئىككى بىلىكى، شىجائىتى بىلەن ئۆزلىرى ھەققىدىكى چۈشەنچىنى يېڭىلىماقتا، كەسىپ قۇرۇلمىسى جەھەتتىن، ئەمگەك كۈچلىرىنى ئەركىنلىككە قاراپ سىلجىتماقتا.

بۈگۈنكى جۇڭگودا «دېھقان» ئۇقۇمى «يەر تېرىپ، ئاشلىق مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقارغۇچىلار» دېگەن قەدىمىي ئەنئەنىنى بۇزۇپ تاشلاپ، پۈتكۈل جەمئىيەت ۋە دەۋرنى ئۆزگەرتىدىغان غايەت زور كۈچكە ئايلاندى.

**گېزىت خەۋىرى:**

1987 - يىلى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە 13 مىليون دېھقان سودىگەرچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ، شەھەر - يېزا ئوبوروت ساھەسىدىكى ئادەم سانى ئەڭ كۆپ بولغان، ھاياتىي كۈچكە ئىگە قوشۇن بولۇپ قالدى. تولۇقسىز

مەلۇماتلارغا قارىغاندا، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە، سودا بازارلىرى 60 مىڭغا، دېھقانلار ئاچقان ئاشخانىلار 770 مىڭغا يەتكەن. بىرقانچە قەۋەتلىك سودا دۇكانلىرى، ئاشخانىلار، مەيلى جەنۇب، مەيلى شىمالدا بولسۇن ئانچە يېڭىلىق ھېسابلانمايدىغان بولۇپ قالغان. مەملىكەت بويىچە نەچچە مىليون دېھقان ئۇزۇن يوللۇق يۈك توشۇش ترانسپورتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئەزەلدىن دۆلەت ۋە تەمىنات سودا كوپېراتىپلىرىدىلا يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى توشۇپ ساتىدىغان ھالەتنى بۇزۇپ تاشلىغان. بۇ دېھقان سودىگەرلەر قوشۇنى جۇڭگونىڭ شەھەر-يېزا سودا-ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا، غايەت زور رول ئوينىماقتا.

جۇڭگو دېھقانلىرى ئۆزگەردى. دېھقاندا، يەر تېرىش، قورساق توقلاشتىن بۆلەك يېڭىچە بىر ئاڭ — ئىستېمال سەۋىيىسى بارلىققا كەلدى. ئۇلار قوشۇمچە كەسىپ، قوشۇمچە تاپاۋەت، ئەركىن تىجارەت بىلەن شەھەر بىلەن يېزا ئوتتۇرىسىدىكى سېپىلنى بۇزۇپ تاشلىدى. يېزا ئىگىلىك پەن-تېخنىكىسى بارلىققا كېلىش بىلەن تەڭ ئۇلاردا تاشنى تالقان قىلىدىغان كۈچلۈك غۇرۇر، ئىرادە بار بولدى. ئۇلار تولۇپ تاشقان شىجائەت بىلەن جۇڭگونى پارلاق كېلەچەككە، بەخت-سائادەتكە يېتەكلەپ بارىدۇ، يېڭى بىر دۇنيا، يېڭى بىر ھايات مەنزىرىسىنى يارىتىدۇ.

خوتەن ناھىيە خانئېرىق يېزىسىدىكى ئاددىي دېھقان — كېرەم ئىمىن ئەنە شۇنداق جاسارەت بىلەن مەيدانغا چىقتى. ئەزەلدىن نامرات، ساۋاتسىز سانىلىپ كەلگەن سەھرا يىگىتىنىڭ 2—3 مىليون يۈەنلىك ئايلانما مەبلەغكە ئىگە ئىلغار كارخانىچى بولۇپ يېتىشىپ چىقىشى — ھەقىقەتەن بىر رىۋايەتكە ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

ئۇ «مۆجىزە يارىتىشقا بەل باغلىمىغان»، «چولپان»غا ئايلىنىشنى ئويلاپمۇ كۆرمىگەن. ئەمما خەرىتىدىن ئىزدەپ تېپىش ئىنتايىن تەس بولغان خىلۋەت بىر كەنتتە ئىگىلىك تىكلەپ، بايلىق يارىتىپ، خېلى چوڭ بىر زىلزىلە پەيدا قىلدى. مىڭلاپ كىشى ئارزۇ قىلغان، ئەمما قىلىشقا مۇيەسسەر بولالمىغان بىر ئىشنى قىلىپ، كاتتا شۆھرەت قازاندى. نۇرلۇق... بىلىم يۇرتى، قاينام ـ تاشقىنلىققا چۆمگەن مەكتەپ... چوڭ ئېقىن ئۈستىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان «بەخت كۆۋرۈكى»... ئۇنىڭ هالال قان ـ تەرى. ساخاۋەتلىك ئالىقىنى بىلەن ۋۇجۇدقا كەلدى. بورانچى ۋادىسى ئوتتۇرا ئەسىر قاشاقلىقىدىن ئەمدىلا قۇتۇلۇپ يېڭى دەۋر مەدەنىيىتىگە هامىلدار بولۇۋاتقان، ئەمما مەدەنىيەت بىخلىرى كۆكلەشكە جۈرئەت قىلالمايۋاتقان هالقىلىق پەيتتە، ئۇ دېهقان كارخانىچىنىڭ ئۆلمەس ئوبرازىنى تىكلەپ بەردى. دېهقان ئېڭى هەققىدە هېچ ئويلانمايلا «ئاڭسىز، قالاق» دېگۈچىلەر، «گاداي، يوقسۇل» دەپ سۈپەتلىگۈچىلەرنىڭ سەزگۈسىدە غايەت زور سادا، سەكرەش پەيدا قىلدى.

شۇنداق، ئۇ مۆجىزە ياراتتى، مۇنداق چوڭ مۆجىزە يارىتىشقا تۈرتكە بولغان كۈچنىڭ نېمىلىكىنى، قانداق سېهرىي قۇدرەتنى بارلىقىنى ئۇ ئاڭقىرىپ ئۈلگۈرەلمەيتتى. ئۇنىڭدا پەقەت، يەنە شۇ ئاڭ ـــ دېهقانچە تۇيغۇ. يەنە شۇ تەبىئەت ـــ دېهقانچە چۈشەنچە بار ئىدى. ئۇ سۇنىڭ تىماغ تەرەپتىن ئېقىپ كېلىدىغىنىنى، شامالنىڭ قايسى يۆنىلىشكە قاراپ كېتىۋاتقانلىقىنى، تۆت پەسىلنىڭ ئالاھىدە بەلگىلىرىنى، تۇپراقنىڭ «ئالتۇن قوزۇق»لۇق قىممىتى بارلىقىنى چۈشىنەتتى. ئەمما ئۇ تەبىئەت ئۈستىدىن يەكۈن چىقىرىشقا باشلىغاندا هەممە نەرسە ئۆزگىرىپ كەتتى. ئىككى بىلىكىدىكى مۇسكۇللار موكىدەك بۆرتۈپ چىققان، پىشقان

كەتمەنچىدىن، 19 چوڭ يۈك ئاپتوموبىل، ئۈچ تراكتور، «بېيجىڭ» ماركىلىق ئىككى جىپ، 2000 قوي، كالا، 40 مىڭ تۈپ ماتېرىيال دەرىخى، 20 مو تېرىلغۇ يەر، 20 مىڭ توخۇ-ئۆردەك، زامانىۋى بورداقچىلىق فېرمىسى، زىلچە-گىلەم كارخانىسى، ئىككى كورپۇسلۇق جاراڭلاپ تۇرىدىغان ئۆي-ئىمارەت تەئەللۇقاتىغا ئىگە بىر دېھقانغا ئايلاندى. مانا بۇ جۇڭگو پەلسەپىسى ئەمدىلەتىن كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان دېھقان ئىدى. ئۇنىڭ ئۆز پۇلىغا مەكتەپ، كۆۋرۈك، دوختۇرخانا سېلىشى، نامراتلىق قۇتراپ تۇرغان «ياقا پۇچقاق» تا خۇددى ئاي شارىغا ئىمارەت سالغاندەك يېڭىلىق ھېسابلىناتتى. لېكىن ئۇ... ئىككىلەنمىدى، ئالىقىنىنى كەڭ يېيىپ، يۇرت ئۈچۈن، ئەۋلادلار ئۈچۈن بەخت ياراتتى. ئۇنىڭ نامى كەنتتىن يېزىغا، يېزىدىن شەھەرگە، ھەتتا ئۆلكە، مەملىكەت دائىرىسىگە كېڭەيدى. ئاددى دېھقانىنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئۇرغۇپ چىققان بۇ مۆجىزە — دېھقان ئېڭى، دېھقان تەبىئىتى، دېھقان چۈشەنچىسىنى يېڭىباشتىن ئويلاپ كۆرۈشنىڭ مۇمكىنچىلىكىنى كۆرسەتتى.

## قىزغىنلىق ۋە تەلۋىلىك

5000 يىل — جۇڭگونىڭ 5000 يىلى!

ئۇ — جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ پەخرى، ھەيۋەتلىك سەددىچىن سېپىلى — جاپاكەش مىللەتنىڭ مېھنەت غۇرۇرى. بۇ خىل پەخىرلىنىش، غۇرۇرلىنىشنى دۇنيادا ھېچكىم بىلمىگەن، ھېس قىلمىغان چاغدىلا، جۇڭخۇا ئەجدادلىرى ئۇنى قەد كۆتۈرۈشنىڭ سىمۋولى، قىزىل ئەجدىھانىڭ ئەقىدىسى دەپ قارىغانىدى.

بۇ خىل قاراش — تارىخ، ئىنسانىيەت جەمئىيىتى تەرىپىدىن ھېچقاچان چەكلەنگەن ئەمەس!

شۇنداق، ھەربىر دۆلەتتە ھەربىر مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس تارىخى، مەدەنىيىتى، ئۆزىگە خاس تارىخ، مەدەنىيەت پەلسەپىسى بار. خاراب بولغان، گۈللەنگەن، قۇل قىلىنغان ۋە خوجايىن بولغان رەڭمۇ رەڭ ئۆتمۈشى بار.

قەدىمكى گرېتسىيىلىكلەر گۈزەللىك مەبۇدىسى ۋېنىس بىلەن ئەمەس، بەلكى دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ ئالتۇن ئاچقۇچى بولغان ئارىستوتېلى بىلەن پەخىرلىنىدۇ. قەدىمكى مىسىرلىقلار ئۆز تارىخىنىڭ شاھىتى بولغان سەلتەنەتلىك ئېھراملىرى بىلەن، قەدىمكى بابىللىقلار ئەجدادلىرىنىڭ قاتتىق سۆڭەك روھىيىتى بىلەن، قەدىمكى ھىندىستانلىقلار ئالتۇن بۇت، ئالتۇن قەلئەلىرى بىلەن شۆھرەت مىلودىيىسىنى باشلايدۇ.

قەدىمكى جۇڭگولۇقلار بولسا، مەشھۇر تۆت چوڭ كەشپىيات — كومپاس، پورۇخ، مىخ مەتبەئە، قەغەزچىلىك تېخنىكىسىنى ئىجاد قىلغانلىقى بىلەن تونۇلۇپ كەلگەن. بۇ خىل مۇۋەپپەقىيەت بىر خىل غايىبانە مۆجىزە سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا جۇلالىنىپ تۇرغان مەدەنىيەت ئابىدىسىگە ئايلانغان.

مۇشۇ ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرى جۇڭگو، قەدىمكى ئاسارئەتىقىلەر مۇزېيىدىن سۇرۇلۇپ چىقىپ، پۈتكۈل ئاك سىستېمىسىنى زىلزىلىگە سالغان ئاتوم - ئېلېكترون دەۋرىگە قەدەم قويدى. بۇ تاسادىپىي يۈز بەرگەن «چاقماق» يورۇقى ئىدى.

دۇنيا ئەھلى شەرق ئاسمىنىدا بىردىنلا پەيدا بولۇپ قالغان بۇ نۇرغا تاڭ قالدى. مىلتىق دورىسى ياساشتىن ئاتوم ئېنېرگىيىسىنى ئېچىشقىچە، كومپاستىن ئالەم بوشلۇ-

قىغا يۈرۈش قىلىشقىچە، مىخ مەتبەئەدىن ئېلېكترونلۇق مېڭىگىچە بولغان ئۇزاق بىر جەرياننى يورۇتۇپ تۇرغان بۇ بوشلۇق يۇلتۇزى، بىردىنلا زورىيىپ، پارتلاۋاتقان ماگمىغا ئايلاندى.

جۇڭگو— قەغەزچىلىكتە ئالدىنقى سەۋىيە ياراتتى. تارىخ چاقى ئايلىنىپ 60 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە بولسا تاغ - دالالار، ئويمان - ۋادىلار... چۆل-جەزىرىلەر... چوڭ - چوڭ شەھەرلەر، كوچىلار، ئۆيلەر... ئىشىك - دېرىزىلەر، پۈتۈنلەي قەغەز بىلەن تولۇپ كەتتى. ھەتتا، ئاسماننىڭ رەڭگىمۇ يامغۇردا قالغان قەغەز يۈزدەك ئۆڭۈپ كەتتى.

يېپيېڭى ئەسلىھەلەر، ئىشكاپ، تارتمىلار... قەغەز بىلەن پېچەتلەندى. ئادەملەر، ھېچقانداق مىللەتنىڭ ئەنئەنىسىدە كۆزگە چېلىقمايدىغان بىر خىل پاسوندا قەغەز چاپان، قەغەز كۆلا كىيىپ، كوچا ئايلىنىدىغان بولۇپ كەتتى.

قەغەز... قەغەز... قەغەز... ھەممە يەرنى قەغەز قاپلاپ كەتتى!

سىلىق ۋە ئۇزۇن بىر پارچە قەغەزگە يېزىلغان جەڭگىۋار چاقىرىق 900 مىليون خەلقنى ئايىغىغا تۇرغۇزدى!

«سىلىكىۋنى توپقا تۇتايلى!»

1966 - يىلى 16 - ماي كۈنى ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ ئۈچ چوڭ ئوپېراتسىيىسىنى باشتىن كەچۈرگەن خەلق قوشۇنى، تۆتىنچى ئۇرۇش ئوپېراتسىيىسىنىڭ جەڭ سىگنالىنى ئاڭلىدى. پۈتكۈل جەمئىيەت «يامغۇردىن كېيىنكى بامبۇكتەك» ياشىرىپ، قوزغىلىپ كەتتى!

«كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارلارنى يوقىتايلى!»

بۇ خىل ئەسەبىي قىزغىنلىق يوقاقۇندەك كىچىككىنە بىر كەنتنىمۇ چايقاپ تاشلىدى. ئۆتمۈشتە «چىرقىش بولى» تاپالمىغان بىر توپ ياش قابىل باشلامچى جۇمە نىيازنىڭ يول باشلىشى بىلەن، ئىمىن ئاكىنىڭ جۇۋازخانىسىدا پەيدا بولدى.

«جىن - شەيتانلارنى يوقىتايلى!»

ئىمىن ئاكا بىر هازا گاڭگىراپ قالدى. ئادەملەرگە ھەقىقەتەن جىن چېپىلغانىدى. ئۇلارنىڭ بېشى قىزىپ، ئەقلى كونا جۇۋازنىڭ ئوقىدەك قوداڭشىپ قالغانىدى.

— ئۇكىلار... سىلەرگە نېمە كېرەك؟

ئىمىن ئاكا كۈلۈمسىرىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى يېقىندىن بېرى شۇنداق كۈلۈمسىرەيدىغان بولۇپ قالغانىدى... توپىلىق يولدا غازاڭلار، قەغەز پارچىلىرى چېچىلىپ ياتسىمۇ، ئېرىق سۈيى بۇزغۇن بولۇپ ئاقسىمۇ، قاغا قاقىلدىسىمۇ... شۇنداق كۈلۈمسىرەپ قوياتتى. گويا، يوقاقۇننىڭ ھەممە نەرسىسى شۇنداق كۈلكىلىك ئىدى. ئادەملەر، ئاياغنى بېشىغا، ئىشتاننى مۈرىسىگە كىيىپ يۈرمىگىنى بىلەن ئۇنىڭدىنمۇ ئۆتە كۈلكىلىك ئىشلار بار ئىدى... ئەلمىساقتىن بۇيان، قوناقنىڭ چېچەكلىگىنىنى كۆرۈپ باقمىغان بۇ ساددا دېھقان... ھەيرانلىقتا چىدىماي... شۇنداق كۈلۈمسىرەشكە ئادەتلىنىپ قالغانىدى.

«— باغچە يېزىسىدا 7000 تەلپەك بىر كۈندىلا كۆيدۈرۈلدى.»

«— خانئېرىق يېزىسىدا 7000 ئادەمنىڭ ساقال-بۇرۇتى پاك - پاكىز قىرقۋېتىلدى.»

«— 7000 ئايال — «18 ياش»قا قايتىپ، چېچىنى كەستۈردى.»

مانا بۇ خەۋەرلەر گەرچە ئېچىنىشلىق بولسىمۇ، كۈلكىلىك، تولىمۇ كۈلكىلىك ئەمەسمۇ؟

ئېمىن ئاكىنىڭ خاتىرىسىدە ساقلىنىۋاتقان بۇنداق ئىشلار ئاز ئەمەس، «تۆت كونا»نى يوقىتىش جېڭىنىڭ دولقۇنىغا ئۇچراپ كەتكەن تالاي كىشىلەر،... ئۇنىڭ كۆز قارىچۇقىغا ئويۇلغان، نېرۋىسىنىڭ ھەربىر غىدىقلىنىشى ھۆجەيرىلىرىگە سىڭىپ كىرىۋالغان.

1966-يىلى، ئۈششۈك شامال دەرەخلەرنى چېقىۋاتقان بىر كۈز ئاخشىمى، كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى يوقاقۇنىنىڭ دەۋر سوتى—كونا جۇۋازخانىغا يالاپ كېلىندى. بۇ... «ئۆتمۈش»تىن قالغان ئالتۇن-كۈمۈشلەرنى ئىقرار قىلدۇرۇش باسقۇچىنىڭ ئاخىرقى پەللىسى ئىدى. ئۇلارنىڭ ئەرلىرى، چېكىدىن ئاشقان «جاھىل، مۇتەئەسسىپ، گرانىت كاللا»لاردىن بولۇپ، ھېچكىم بىر ئېغىز راست گەپ قىلمىغانىدى... ئەمما ئۇلار، ئەزىز نەرسىدىن، كۆزىدىن، قول-پۇتىدىن، ساغلام جىسمانىدىن... ئائىلىسىدىن مەھرۇم بولسا بولىدۇكى، «ئالتۇن»نى ئىقرار قىلىشمىدى...

ئاياللار ۋە بالىلار، بىركېچە چۇقان سېلىپ چىقتى، قاقشىغان جان ئىڭرىلىرى، كۆك توپىدا، داق يەردە پۇچۇلاندى. چاچلىرىنى يۇلدى. ئۆزلىرىنى زۇلۇمدىن قۇتۇلدۇرۇۋېلىشنى كۈتۈپ، كىمگىدۇر ئىلتىجا قىلىشتى. بىراق ھېچكىممۇ ئۇلارنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىشقا پېتىنالمايتتى.

شۇ بىر كېچە ئېمىن ئاكىنى ئويغا سالماي قالمىدى. ئۆتمۈشتە، يوقاقۇن، خانئېرىقتا، پەقەت تاشتۆمۈرباي ۋە خەتىم ھاجىنىڭلا شۇنداق كۆپ، يوشۇرغۇدەك ئالتۇنى بار ئىدى. ئۇلار ئاشۇ ئالتۇن بولغاچقىلا، بىر ئۆمۈر خەلقنىڭ

شىلىنىشىگە مىنىپ، ئالەمدىن ئۆتكەن، لېكىن، بۇ مەزلۇم بىچارىلەردە «ئالتۇن» نېمە قىلسۇن!

— سەن جىن-شەيتانلارنى قانات ئاستىڭغا ئالدىڭ!

ئىمىن ئاكا، بۇ خىل «ھۆكۈم»دىن قىلچە يېڭىلىق ھېس قىلمىدى. ئوخشاشلا ئاچچىق كۈلۈمسىرەپ قويدى.

— ئالتۇن، ئۇ مەزلۇملاردا ئەمەس!

— ئەمىسە قەيەردە؟

— ئېيتە... ئېيتمىساڭ، پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنىڭ پولات مۇشتۇمىنى تېتىپ كۆرىسەن.

— قوش تاختايىڭنىڭ ئاستىدا!

«غازاتچىلار» بارلىق قوش تاختايلارنى چاقتى... ئۆيلەرنىڭ، دېرىزىلەرنىڭ، مەسچىت قۇببىلىرىنىڭ، كۆۋرۈكلەرنىڭ... تاختايلىرىنى بۇزۇپ ۋەيران قىلىشتى. ھەممە نەرسە، ئالتۇنغا — ساپسېرىق جۇلالىنىپ تۇرغان ئالتۇنغا ئايلاندى. ئادەملەرنىڭ غىڭشىپ ناخشا توۋلىشى، بىر-بىرى بىلەن تىنچلىق-ئامانلىق سورىشى، بىر-بىرىگە خەيرخاھلىق قىلىشى — ئالتۇن تۈسىنى ئالدى... يوقاقۇننى ئىككىگە بۆلۈپ تۇرغان توپىلىق يولدا، سەپداش بولۇپ تۇرغان قىزىل ئەۋلادلار، بارلىق ئۆيلەرنى، تورۇس-تاملارنى... ئاختۇردى. «ئالتۇن»دا بار خۇسۇسىيەتلەرنىڭ زەررىچە ئېلېمېنتى كۆرۈلگەن ئۆي-بىساتلىرى، خاتىرە سۈرەتلەر، كىتاب-ژۇرناللار، سەللە-پەرىجىلەر... ئوت دۆۋىسىگە تاشلاندى...

ئىمىن ئاكا ئىچىدە كۈلۈمسىرەيتتى. ئۇنىڭ بېشىغا كىيدۈرۈلگەن ئۇزۇن كۇلاسى بىر يانغا قىيسىيىپ تۇراتتى. بويىنىغا ئېسىلغان «ۋىۋىسكا»، ئۇچىسىغا چاپلانغان «ئەقلىيە سۆزلەردىن پۈتكەن تەرجىمىھال» ئۇنى جىن-شاياتۇنغىلا ئوخشىتىپ قويغانىدى.

«ھىم، — دەيتتى ئۇ، ئۆز-ئۆزىگە، — مەن شاياتۇن
ئەمەس، بەلكى بىر ئادەم... ئاللانىڭ مۆمىن بەندىسى!»
پۈتكۈل تەبىئەت، ئۇنىڭ بۇ ھۆكۈمىنى تەستىقلىدى...
يوقاقۇنلۇق ئىككى ياش گومىنداڭ قورچاقلىرىغا
ئەسكەرلىككە تۇتۇلغان. بۇرنىغا ئۆلۈم پۇراپ تۇرغان
«ھەربىي تەلىم-تەربىيە» دىن خەۋپسىرەپ، ئۆز جېنىنى
ئېلىپ قېچىشقا نىيەت قىلىشقان... قار-شىۋىرغان ھۇۋلاپ
تۇرغان بىر كېچىسى، ئۇلار مەسلىھەتلىشىپ، ئات ئېغىلى
ئارقىلىق قېچىپ چىققان. ئەمما... كۆپ ئۆزىمايلا، پاي-
لاقچىلار تەرىپىدىن سېزىلىپ قالغان.
ئوق... مۆلدۈردەك ياغقان، ئەسكەرلەرنىڭ ئۆشتەكلىرى،
ئاتلارنىڭ دۈپۈرلەشلىرى ئالدىدا ئۇلار قاچقان... ئۇلارنىڭ
بىرى دەل بورانچى دەرياسى بويىدا قىلىچ بىلەن چېپىلىپ
يىقىلغان... كېيىن ئۇنىڭ كاللىسى دەريا بويىدىكى قېرى
سۆگەتكە ئېسىلغان. يەنە بىرى، بورانچى دەرياسىنىڭ
دەھشەتلىك قايناملىرىنى ئۈزۈپ ئۆتۈپ، تايتاق تەرەپكە
قېچىپ كەتكەن.
يامۇلدىن قاچقان گومىنداڭغا قارشى چىققان بۇ
«ئەسكەر» نىڭ بۈگۈنكى كۈندە «جىن-شەيتان» تەرىقىسىدە
سازايە قىلىنىشى، كىمنىڭ تەسەۋۋۇرىغا سىغسۇن؟!
يېقىنقى كۈنلەردە، «جىن-شاياتۇن» لارنىڭ كۈنى
ئەسىردەك ئۇزىراپ كەتتى. ئۇلار تۈن نىسبىدىلا قاتار
قىلىنىپ، قەلبىنى پاكلايدىغان «سۆز» لەرنى يادلايتتى.
ئۆزىنىڭ قاچان، قەيەردە تۇغۇلغانلىقىنى ئەمەس، قور-
ساقتىكى ھامىلە چېغىدىلا كىمگە، قانداق سادىق ئىكەنلىكىنى
ئەسكەرتەتتى. گۇمبەز ئىچىدە بىر-بىرىگە ئارقىسىنى قىلىپ
ئولتۇرۇپ، ئۆز كەچمىشىنى بايان قىلىشاتتى. «چاھار
دەرۋىش» بۈگۈنكى يوقاقۇندا تۆت ئەمەس، بەلكى ئەچچە

يۈزگە كۆپەيگەنىدى. ئۇلار رەتلىك ئىشلەيتتى... قاراقاش دەرياسىنىڭ شىددەتلىك قىيانلىرىغا كىرەتتى... پۈت ۋە ئالىقانلىرىنى تاش يىرىۋەتسىمۇ... بەدىنى مۇزلاپ، ئۈششۈپ كەتسىمۇ، تىنىماي ئىشلەيتتى... بۇ، سىياسەتئىلمىدە «ئىلمىي ئۇسۇلدا كاللا ئۆزگەرتىش» دەپ ئاتىلاتتى. لېكىن، بۇلاردىكى كاللا ئېيتىلىشىچە جىسمانىي جەھەتتىن ئەمەس، روھىيەت جەھەتتىن بۇزۇلغان كاللا ئىدى.

ئەمەن ئاكا مۇشۇلارنىڭ ھەممىسىنى كۆردى، ھەممىسىنى ئېتىپ، ھەممىسىگە چىداپ ئۆتتى. كېچە-كېچىلەپ، شامدەك ئۆرە تۇرسىمۇ، تاياق-دۇشكەلەشلەر، سىياسىي قارغاشلارغا يولۇقسىمۇ، ئاتالمىش «پىرقە دۆلەتكە ئەزا بولۇش» تارىخىنى ياساپ چىقالمىدى. ئاخىرى قۇمقايغانىنىڭ ئادەمخور پاشىلىرى ئارىسىدا تۆت يىل ياشاپ، زەيكەش گەمىدە، ئاچ-زېرىنلىقتا كۈن ئۆتكۈزگەندىمۇ، بالىلارنىڭ روھى سۇنۇپ، چېھرى قەغەز رەڭگىنى ئالغاندىمۇ، ئاشۇ تارىخنى ياساپ چىقىرالمىدى.

چۈنكى، ئۇنىڭغا ۋە ئۇ دېمەتلىكلەرگە بېغىشلانغان تارىخ — پۈتۈنلەي يالغان، ساختا ئىدى!

## سۆزلەنمىگەن ھېكايە

بۇ يەردە، ھېكايىگىمۇ، رىۋايەتكىمۇ ئوخشىشىپ كېتىدىغان شۇنداق بىر ۋەقە بولۇپ ئۆتكەن. بۇ قىشنىڭ زىمىستان، ئۇزۇن كېچىلىرىنىڭ بىرى ئىدى. داۋۇي تەشكىلىنىڭ ئازادە ھويلىسى، چېھرى سولغۇن، ئۇزايەدىن توپا ياغدىغان دېھقانلار بىلەن لىق تولغانىدى. كەمگىللا قارىماڭ، ئاجىز، بەختسىزلىكنىڭ شەپىسىنى بېرەتتى... بىرلىرى مۈكچىيىپ

تۈگۈلۈۋالغان ... بىرلىرى خورەك تارتىپ ئۇخلاۋاتقان ... بىرلىرى قولتۇقىدا قىستۇرۇپ كەلگەن «پوم» نىڭ ئۇۋاق-لىرىنى تېرىپ يەۋاتقان ... بىرلىرى ئاچچىق تاماكىنى بولۇشىغا سۈمۈرۈپ، ئىچ پۇشۇقى چىقىرىۋاتقان ... مۇنبەردە، چىھرى قاپاقتەك تولۇپ سەمرىگەن سېكرېتار جۇمەنىياز ۋەھىمە بىلەن سۆزلەيتتى:

— ئۇلۇغ داھىيمىز ... ئىسراپخورلۇق ئەڭ چوڭ جىنايەت ... دېگەن.

ياندىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان چوڭ ياشلىق، ئاياللار سودىرى، دادۇيجاڭ ۋە ساۋاتسىز كەمبەغەل دېھقانلار ۋەكىللى قىزغىن چاۋاك چالدى.

— بىز توق يەپ ئىنقىلاب قىلغۇچىلارمىز ...

دېھقانلار تولا يادلاپ، ئۆگىنىپ كەتكەن بۇ «ھېكمەت» تىن يېڭىلىق ھېس قىلمىسىمۇ، ئاندا-ساندا چاۋاك چېلىشتى ...

— مەن ھازىر دادۇي پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ قارارىنى ئوقۇپ ئۆتىمەن.

دېھقانلار كەلگۈندەك داۋالغۇپ كەتتى. ئۇلارنىڭ قۇلىقى «نەپ» تىگىدىغان بىرەر كەلىمە سۆزگە تەشنا ئىدى ... مىڭ تاغار قورۇق گەپتىن، بىر بۇردا نان ئەۋزەل-دە!

— دىققەت! — سېكرېتار يۇقىرى ئاۋاز بىلەن سۆز-لىدى، — پارتىيە ياچېيكىسى مەخسۇس قارارلاشتۇرۇپ، دادۇي مۈلكىنى، كوللېكتىپ ئىقتىسادىنى ئىنقىلاپ چىقتۇق. ھازىر دادۇي كىرىمى ھېسابىدا ساقلىنىۋاتقان ئومۇمىي پۇل 70 مىڭ يۈەن!

دېھقانلار پاتىپاراق بولۇپ كەتتى. ئۇزۇن يىل يوقىلىپ كەتكەن چوڭ بىر خەزىنە، بىردىنلا تېپىلغاندەك، ھەممە-سىنىڭ دىلىنى يورۇتتى.

— توۋا، كېچە-كۈندۈز ئىشلىسەك ... يىل ئاخىرىدا ئىككى قاپ سەرەڭگىگە تۇشلۇق پۇل تەگمىسە ... شۇنداق تۇپلىنىپ قالىدۇ-دە!

— ياخشى ... بولدى ... دولىمىز ئاپتاپ كۆرىدىغان بولدى.

— ياشىسۇن يوقاقۇن ...

— خەپشۇك، — سېكرېتار ياشاڭغىراپ تۇرىدىغان قىزىل كۆزلىرىنى ئالايتتى، — ئالدىراپ كېتىشمە ... سەن ھۇرۇن گادايلار ئىشلە دېسە، بىر كۈنلۈك ئىشنى ئۈن كۈندىمۇ تۈگىتىشەلمەيسەن، يەنە تېخى ... پۇل، پۇل دەيسىنا!

— مانا ئاڭلاپ تۇرۇش، بۇ 70 مىڭ يۈەن، مېنىڭ، دادۈيجاڭنىڭ ... ۋە ياكى... بوغالتىر-كاسسىرنىڭ چۆنتىكىدە ئەمەس، بەلكى ئولتۇرغان ھەرقايسىڭنىڭ گەدىنىدە.

كۆپچىلىك، قايناق قازانغا سوغۇق سۇ قۇيۇلغاندەك جىم بولۇشتى. 70 مىڭ ... 70 مىڭ يۈەن ... ھەقىقەتەن ئاز پۇل ئەمەس، بۇ پۇلغا 75 ئات كۈچىگە ئىگە تۆمۈر بۇقىدىن بىرنى، 28 تىپلىق يەلتاپاندىن ئىككىنى سېتىۋالغىلى، يوقاقۇن ئۆستەڭگە بىتون كۆۋرۈكتىن بىرنى سالغىلى بولىدۇ ...

— ھە، ئىمىنباي ... ، قېرىشتىن چىققان ئۆكۈزدەك جىمىپ كەتتىڭغۇ؟ — دادۈيجاڭ قولىنى كەينىگە تۇتقان ھالدا ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى، — بارى-يوقى يەتتە جان. يە دېسە كەر بالانىڭ قۇملۇقىنى يۇتۇشتىن يانمايسەن ... تەمىنات قەرزىگە كەلسەك، دادۈي بويىچە سېنىڭ ئالدىڭغا ئۆتىدىغىنى يوق.

بوغالتىر يەلپۈگۈچسىمان ھېسابات دەپتىرىنى ئېچىپ ئوقۇدى.

— ئىمىن ياغچى، بۇ، يىل 69 ياش ... بىرىنچى ئەمگەك. نورمىسى 29 جىڭ. كېلەر يىللىق تەمىناتىنى

پاك ـ پاكىز سۆيۈشۈپ يەپ بولغان ... جەمئىي تەمىنات قەرزى 1800 يۈەن. جامائەت فوندى قالدۇقى بىلەن قوشقاندا ...

— ئوقۇمايلا قوي، — ئىمىن ياغچى زەردە بىلەن ئورنىدىن تۇردى، — سېنىڭ ئۇ قەرز دەپتىرىڭگە ئولتۇرغانلاردىن قايسىبىرىمىزنىڭ ئىسمى پۈتۈلمىگەن.

— شۇنداق، بىز ئىشلەشنىلا بىلىمىز ... ئۇ مۇرۋايەت ... قەرزدىن قوتۇلالمايمىز.

كۆپچىلىك تەڭلا چۇقىراشتى. سېكرېتار ئۆزىنىڭ سۇرلۇك ئاۋازىدىن پايدىلىنىشىنىڭ پەيتىنى بىلەتتى. شۇڭا ئۇ «هالقىلىق» پەيتتە، ئىشنى كېسىپ هەل قىلىۋەتتى.

— دىققەت، — ئۇ ئىمىنبايغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى، — ئۇ، داۋۇيىمىزنىڭ قېرىسى. بۈگۈن قەرز قايتۇرۇشتا ئالدىن بولۇپ، كۆپچىلىككە يول كۆرسەتتى ... بۈگۈندىن باشلاپ ئۇنىڭ ئاشلىق نورمىسى توختىتىلسۇن!

كۆپچىلىك قازاندەك قايناپ كەتتى. ئىمىن ياغچىغا كەلگەن تەقدىر ئۇلارغىمۇ كۆرۈنۈپلا تۇراتتى.

— قانداق سىياسەت بۇ، تاغارمۇ ئىچىگە سامان تىقمىسا ئۆرە تۇرمايدۇ ... ئۇ بىر ئادەم ... شامال يەيدىغان پاتمىچۇق ئەمەس.

— ئاشلىقنى بىز تېرىساق ... كىمگە بېرىدىكەن؟

— كۆرىمىز ... تېخى.

— خىيالچاغلاشما، — داۋۇيجاڭ هىجىرىدەك سارغىيىپ كەتتى، — گەدەنگە دەسسەپ ئالىمىز ... هىم ... سەن كىم ... بىز كىم ... پېتىر ناندىن قىل ئالغاندەك، يۇلۇۋالىمىز ...

ئارىنى سۈكۈت باستى. سېكرېتارنىڭ ئىشارىسى بىلەن كەمبەغەل دېهقان ۋەكىلى سۆزگە چىقتى ... ئاۋۋال بىرنەچچە

ئۆزۈنده يادلاپ بەردى. ئاندىن ئۆتمۈشته، زومىگەر خەتىم هاجىنىڭ قامچىسى تەگكەن يەر دەپ، كاسىسىنى كۆرسەتتى. مەيدان زىلزىلىگە كەلدى ... كۆلكە ئاۋازى سېكرىتارنى تېرىكتۈردى. ئۇ ئەسلىدە، ئۆتمۈشنى سۆزلەش ئارقىلىق هازىرنىڭ قەدرىگە يېتىش، جاپاغا چىداپ قەرزلەرنى قايتۇرۇش روھىنى سىڭدۈرمەكچى بولغانىدى. بەختكە يارىشا، ئېغىزىدا چىشى قالمىغان ئاياللار مۇدىرى ئۆز كارامىتىنى كۆرسەتتى... ئۇ يۈگۈگنىڭ تاغنى يۆتكىشىنى... ناھايىتى تەسىرلىك بايان قىلىپ بەردى.

— قانداق؟ — سېكرىتار دەبدەبە بىلەن سۆزلىدى، — يۈگۈڭ دېگەن قېرى بوۋاي شۇنچە ئېگىز تاغنى يۆتكەشكە بەل باغلاپتۇ، بىز ... زېمىنىمىزدىكى ئاشۇ قەرزنى نېمىشقا تۈگىتەلمەيمىز؟ قېنى بىزدىكى مەيدان، نىشان، داغدام يول! ئاڭلاپ قوي، ئىمىنباي، بىز كەمبەغەللەر ئۆتمۈشتە باي - زومىگەرلەرنى باققان ... ئەمدىلىكتە سەندەك تېرىكتاپلارنى بېقىۋاتىمىز ... بۇ دېگەن ... سوتسىيالىزم، ئاۋۋال كوللېكتىپ بېيىسا، ئاندىن شەخس نامراتلىقتىن قۇتۇلىدۇ.

— چوڭ ئۆستەڭدە سۇ بولسا، كىچىك ئېرىقىمۇ سۇ كېلىدۇ دېگەن سۆز.

دادۇيجاڭ ئۆزىنىڭ بۇ پەلسەپىۋى پىكرىدىن مەمنۇن بولۇپ، خۇددى مەززىلىك تائامدىن ھوزۇرلانغاندەك بۇرۇتىنى سىيلاپ قويدى ... سېكرىتار ئاۋازىنى يەنىمۇ قويۇپ بەردى:

— ھازىرقى گەپ، كوللېكتىپنى باي قىلىش، قانداق باي قىلىمىز، ھەربىرىمىز ئىگىلىۋالغان ئاشۇ پۇللارنى تۆلەپ قايتۇرىمىز ... مانا شۇ چاغدا كۆرىمىز.

— بولدىلا، — ئىمىنئاخۇننىڭ زەردىسى يەنە ئۆرلىدى، — مېڭىنى دېگەنسىلەن ... يەنىلا بىز - بىز، كوللېكتىپ - كوللېكتىپ. كېچىنى - كېچە، يامغۇرنى يامغۇر

دېمەي، ئېتىزدا، ھاشاردا- جاڭگالدا ... ئېشەكتەك ئىشلىدۇق ... يىل ئاخىرىدا ... قولىمىزدا قالىدىغىنى يەنىلا كەتمەن بىلەن تاغار تۇرسا، شۇنچىۋالا پۇلنى نەدىن تاپقۇلۇق؟

ھەممىلەن ئۇلۇغ تىندى. يىغىننى داۋاملاشتۇرۇشقا كۆزى يەتمىگەن سېكرېتار، گۇرۇپپا مۇزاكىرىسى ئارقىلىق مەسىلىنى ھەل قىلماقچى بولدى ... چۈنكى گۇرۇپپا ئەزالىرى تاللانغان ئاكتىپلار ئىدى.

—، مېنىڭچە، — دېدى سېكرېتار قان تولغان كۆزلىرىنى چوڭ ئېچىپ، — «ئىمىنباي» نى ئوبدانراق چۆچۈتۈپ قويۇش كېرەك.

— لېكىنزە ... ئۇنىڭ ئۆي مۈلكى... پۇلغا يارايدىغان نەرسىسى ئاللىقاچان مۇسادىرە قىلىنغان ... ئۇنىڭدىن ئالغۇدەك نېمە باردۇ؟

— ھىم، ئۇنى، ئالا كۈچۈكۈم دەپ قاۋاتسا بولىدۇ .. جۇۋازغا قېتىشنىڭ ئورنى يوق.

— ئامال قانچە، — داۋۇيجاڭنىڭ بۇ سۆزى خۇلاسە بولدى، — بىرلا يول، يۇقىرىدا سېكرېتار ئېيتقاندەك، ئۇنىڭ پۈتۈن يىللىق تەمىناتىنى قىسىش كېرەك.

ئىمىنباي، ئاچ قالدى. دەسلەپ ئەل- يۇرت، قېرىنداشلىرى ئۆتنە- يېرىم قىلىشتى ... ھەممىنى قەھەتچىلىك قاپلىغان بۇ كۈنلەردە، كىمدىمۇ ئېشىنچە ئاشلىق بولسۇن؟! خالتىسىنى قولتۇقلاپ، داۋۇي ئامبىرىنى ئەگىپ يۈرىدىغانلار كۆرمەك. ئامبارغا كەلسەك، نىگان- نىگاندا، بىخسىپ- كۆكىرىپ قالغان قوناق يارمىسىدىن ئالتە- يەتتە كاپامغا ئېرىشمىسەك، ئامبارچىنىڭ تىل- ئاھانەتلىرىنى، جاندىن ئۆتىدىغان دەشناملىرىنى يۇتۇپ، قۇرۇق قول قايتىمىسەن ... بۇ ھالنى ھېچكىم ... ھېچكىممۇ ئۆزگەرتەلمەيدۇ.

ئۇ، خارابە كەپىسى ئالدىغا كېلىشتىن قورقىدىغان بولۇپ قالدى. كەلسىلا، ئۇنى يىغا تۇتۇۋالاتتى. ئۆينىڭ ئارقا تەرىپىدىكى شورداڭغا قاراپ ئۈنسىز ياش تۆكەتتى. يەر يۈزىدىن ئاق ئۈندەك ئاپئاق شور تېپىپ چىققانىدى... رەھىمدىل ئايال يۈرەك باغرىنى يېرىپ چىققان بەش بالىنى ئۇنىڭغا قالدۇرۇپ، ئاشۇ... شورداڭلىقتا نەپەستىن قالغانىدى. ئىشىكتىن كىرسىلا، بېشى تاشتەك قاتاتتى...

— دادا، نان، — دەيتتى بەش بالا مۆلدۈرلەپ تۇرغان كۆزىنى تەڭلا ئۇنىڭغا تىكىپ، شۇئان ئۇنىڭ يۈرىكى گېلىغا كەپلىشەتتى. ئاشۇ سەبىي كۆزلەر غەمسىز تەلپۈنۈشلەر ئالدىدا، يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولاتتى.

— توختاڭلار، بالىلىرىم، — دېدى ئۇ ئاخىرى، — مەن سىلەرگە نان تېپىپ كېلەي.

ئۇ بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ، ئامبارچىنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— بەش بالام ئاچ قالدى.

ئۇ يىغلامسىراپ يېلىندى، ئۆرتەپ تۇرغان ئەلەمنى بېسىپ، جاھاندىكى يۇمشاق، چىرايلىق سۆزلەرنىڭ ھەممىسىنى قىلدى — لېكىن ئامبارچى ئۆزىنىڭ روشەن سىنىپىي مەيدانىنى ئىپادىلىدى:

— بولمايدۇ، بىر تالمۇ دان بېرەلمەيمەن.

— ئۇنداقتا، نارەسىدە بالىلىرىم ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كەتسە مەيلىمۇ؟

— ئۇنى ئۆزۈڭدىن سورا.

— ئۆزۈمدىن سورامدىم؟

— شۇنداق قىل.

ئۇ، يۇلغۇنۇپ بېرىپ، ئامبارچىنىڭ قولىدىكى تاغارغا ئېسىلدى. تاغارنى قىيسايتىپ، خالتىغا ئۇچۇملاپ

قوناق ئۇسۇشقا باشلىدى. ئامبارچى بار كۈچى بىلەن ئۇنىڭ گەجگىسىدىن دۈشكەلەپ تارتقان بولسىمۇ، ئۇنى توسالمىدى، دەل شۇ چاغدا خەلق ئەسكەرلىرى ئۇنىڭ بېشىدا پەيدا بولدى.

ئۇنىڭ بېشىغا تاياق ياغدى، دەسلەپ بېشى زىڭىلداپ ئاغرىغاندەك بولدى، بەدەنلىرى ئۇيۇشۇپ سىلكىندى، كېيىن ئۇ ھېچنېمىنى سەزمىدى، ھېچنېمىنى ئاڭقىرالمىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا بىر تاغار قوناق چېچىلىپ ياتاتتى. باش - كۆزى قىپقىزىل قانغا بويىلىپ، تونۇغۇسىز ھالغا كېلىپ قالدى. لېكىن ئۇ قايتمىدى. ئەتراپقا قاراپ، ياردەم تەمە قىلمىدى، ئەكسىچە قۇدرىتىنىڭ يېتىشىچە قوناق ئۇستى، ئۇنىڭ ئۇسۇۋاتقىنى سېرىق قوناق ئەمەس، قىزىل مەرۋايىت ئىدى. ئۇ تىترەپ، ئارىدىن كېرىلگەن بارماقلىرى بىلەن قانغا بويالغان قوناق دانىچىلىرىنى ئۇسۇيتتى. كۆزلىرى يۇمۇلۇپ، پۈتۈن بەدىنى تولۇمدەك ئىششىپ كەتكەندىمۇ، خالتىنىڭ ئېغىزىنى قويۇپ بەرمىدى.

ئۇ ئەترەت ئالدىدىكى قاشار يېنىدا ھوشىغا كەلدى. خالتا تۈگۈل، بىر تال دانمۇ كۆرۈنمىگەندىن ئۆكۈنۈپ، يىغلىۋەتتى، ئۇ پۈچىلىنىپ، دەلدۈگۈنۈپ دېگەندەك، مىڭ جاپادا ئۆيگە كەلدى. چىرايى سامانىدەك سارغايغان ئاجىز باللار، ئېغىزىنى تامشىغىنىچە ئۇيقۇغا كەتكەنىدى.

ئۇ نېمە قىلارىنى بىلمەي بىر ھازا ئولتۇردى. قانغا بويالغان چاپانىنىڭ پەشلىرىنى قولى بىلەن سىيلىدى. يۈزلىرىدىكى ئىششىق ۋە قان داغلىرىنىڭ ئېچىشىشلىرىغا چىددىمىسىدىمۇ ياكى باللارغا چىدىمىدىمۇ، ئەيتاۋۇر ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتى. باللار چۆچۈپ ئويغىنىپ ئۇنىڭ بىلەن تەڭ يىغلاشتى. مانا ئەمدى، توخۇ كاتىكىدەك

كىچىك ھەم زەي گەمىدىن بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ پىغان-لىق يىغىسى ئاڭلىنىپ، كۆكنى تىترەتتى.

ئەتىسى ئۇ پىچاق كۆتۈرۈپ، ئۆيدىن چىقتى. بالىلار ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈشتى. گۇڭشې ئىنقىلابىي كومىتېت مۇدىرىنى ئىزدەپ تاپتى...

كۆپ ئۆتمەي بالىلارنىڭ ئاغزى ئاشقا تەگدى، لېكىن ئۇلارنىڭ يېگىنى كۈنجۈرە ئارىلاش قوناق يارمىسى ئىدى.

## 1974 - يىلى، قىش

قۇمقايىغان دالاسى قاينام - تاشقىنلىققا چۆمدى. نەچچە ئون مىڭ كىشىلىك دېھقان قوشۇنى يوتقان - كۆرپىلىرىنى يۈدۈپ زىمىستان قىشنىڭ شىۋىرغانلىق سو-غۇقلىرىغا قارىماي قۇمقايىغاننىڭ تاپتاقىر تۆپىلىكلىرىنىڭ يان باغىرلىرىغا ماكانلاشتى ۋە چېدىر - بارگاھلىرىدىن ئىس پۇركۈپ، دالا ھاياتىنى باشلىۋەتتى. قىرىق نەچچە كۈن داۋام قىلغان بۇ سۇ قۇرۇلۇشى جېڭى ئىككى ئېقىننى تۇسۇپ، چوڭ تېپتىكى سۇ ئامبىرى ياساشنى ئاساسىي نىشان قىلغانىدى. ھاۋا ئىنتايىن سوغۇق، يېقىلغۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش قىيىن بولۇ-ۋاتقان شارائىتتا، دېھقانلار «غەلبىنى قولغا كەلتۈرۈش» روھىنى جارى قىلدۇردى. داق يەر، سوغۇق ھاۋا، ئاچ-چىق شامال ئۇلارنى باش ئەگدۈرەلمىدى. بىر بۆلۈك دېھقانلار پۈتۈنلەي مۇز بىلەن قاپلانغان ئېقىندىن ئۆ-تۈپ، نەچچە چاقىرىم يىراقلىقتىن قومۇش، يانتاق، سۆكسۆكلەرنى كولاپ كەلدى.

1 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، قۇمقايغاندا لەپىلدەپ قار يېغىپ كەتتى. ئىككى كېچە - كۈندۈز توختىماي ياغقان قار يەر يۈزىنى 20 سانتىمېتىر قېلىنلىقتا كۆمۈۋەتتى. قۇمقايغان دالاسى ئاق قار، كۆك مۇز ئاستىدا قالدى. بىر - بىرىگە مىڭگەشكەن ئېگىز تاغلار غايەت زور سېرىق ئەجدىھادەك يانپاشلىغان ئېدىرلار، سان - ساناقسىز ئالتۇن زەررىچىلىرىدەك يالىلداپ تۇرغان چۆللۈك، قۇم-لۇق دالا، قېلىن قار ئاستىدا ئۇيقۇغا كەتتى.

پەقەت قۇمقايغان ئاسمىنىدىلا زەڭگەر رەڭلىك بوشلۇقتا ئوخچۇپ تۇرغان ئىس - تۈتەك پەيدا بولدى. خۇددى يىراق ئوكيان ئۈستىدە كۆككۈچ يەلكەن كۆزگە چېلىققاندەك، بىپايان دولقۇن ئۈستىدە ئاقۇچ بۇژغۇن ئۆرلىگەندەك بىر مەنزىرە بارلىققا كەلگەنىدى. ئادەملەر ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئومۇرتقا ئۈستىدە جاپالىق كۈرەش قىلىۋاتاتتى، كۈندۈزلىرى تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان ئەم-گەك، تاماقلىنىش، كۈلكە - پاراڭ بىلەن كۈن ئۆتەتتى. كېچىلىرى تۈن ئۇزۇن، ھاۋا سوغۇق ئىدى، ئاچچىق شامال جاندىن ئۆتەتتى. تاش - توپا كولاش، قاپ يۈ-دۈش، مېڭىش - تۇرۇشلاردا، ئالىقان مۇزغا چاپلىشىپ قالغاندەك ئېچىشىپ، ئاسانلا يېرىلاتتى. زىدە بولغان جاي ئۇششۇپ، چوڭ - چوڭ جاراھەتلەرنى پەيدا قىلاتتى. لېكىن، قۇمقايغانغا ئاياغ باسقان قاتتىق سۆڭەك دېھقانلار ھېچ نەرسىدىن قورقمىدى. تۈكۈرۈك يەرگە چۈش-كىچە قېتىپ قالىدىغان سوغۇقتا، ئېغىز - بۇرنىدىن ھور پۈركۈپ، تەبەسسۇم بىلەن ئىشلەشتى. ئېگىز داۋانغا كۆچمە قىزىل بايراقنى قاداپ قويۇپ، ئەمگەك مۇسابىقىسىنى قايىنىتىۋەتتى.

شۇنداق كۈنلەردە جەبىر - جاپا يوقاقۇن دېھقانلارنى قۇمـقايغاندىن قوغلىۋېتەلمەيدى. ئۇلار ئەتراپنى قارلىق دالا، قارلىق ئېدىرلار قورشاپ تۇرغان بوران ئۇۋۇسىدا، سۇسىز، ئاچ - توق قالسىمۇ، جاسارەت كەمەرىنى يەشمەيدى. گويا ئۇلارنى سىناپ كۆرمەكچى بولغاندەك، ئاسماندىكى قۇياشمۇ ئىسسىقلىق بېرەلمەيدى.

قار بارغانسېرى قېلىن يېغىۋاتقان شۇ كۈنلەردە، ئامبار قۇرۇلۇشىمۇ يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى. ئۇلى 125 مېتىر كەڭلىكتە، ئۈستىنىڭ تەكشىلىك يۈزى 20 مېتىر دائىرىدە پىلانلانغان چوڭ تۇغان 60 — 70 مېتىرلىق يانتۇلۇقنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. نەچچە مىليون كۇب مېتىر تاش- تۇپىنى چوڭقۇردىن ئېگىزگە يۆدۈپ چىقىش ئاسان ئىش ئەمەس ئىدى. قۇرۇلۇش پۈتۈن لىنىيە بويىچە ئايرىلغاچقا، ھەربىر رايون، يېزا - كەنتنىڭ چېمى پەرقلىق ھالدا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئادەم كۈچىنىڭ ئاز- كۆپلۈكى، تەشكىللەش، تىزگىنلەش تۈزۈمىنىڭ مۇكەممەل ياكى ئەمەسلىكى تۇغان ئۈستىدىكى تاش - شېغىل، توپا دۆۋىسىدىن مانا مەن دەپلا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بىر- بىرىدىن بەس تالىشىپ، خۇددى ئۇۋىسىغا «ئولجا» توشۇۋاتقان ھاشار چۈمۈلىسىدەك تىنىمسىز چېپىۋاتقان دېھقانلار، سوغۇق ۋە ھېرىپ - چارچاشقا قارىماي ئىشلىدى. ئەمگەك نورمىسى بويىچە ھېسابلىغاندا، ھەربىر ئادەم كۈنىگە تۆت كۇب مېتىر توپا توشۇشى شەرت ئىدى. ئەلۋەتتە، ئۇلارنىڭ ئىچىدە، كۈچتۈڭگۈر ئەرلەرمۇ، ھالىدىن كەتكەن بوۋايلار، ئاياللار ۋە بالىلارمۇ بار ئىدى. ئۇلار مۇشۇ ئامبارغا سۇ قاچىلاش ئارقىلىق، ئىككى دەريا ئوتتۇرىسىدىكى 11 كەنتنى كۆكەرتمەكچى، شور، ئۇنۇمسىز تۇپراقنى ئۆزگەرتمەكچى ئىدى.

رادىئو كانىيدىن، گۇڭشې ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ كۆچمە قىزىل بايرىقى يوقاقۇن ئەزىمەتلىرىنىڭ قولىغا ئۆتكەنلىكى تەنتەنە بىلەن جاكارلاندى. يوقاقۇننىڭ ئېگىز چېمى ئۈستىدە قىزىل بايراق جەۋلان قىلدى. يوقاقۇنلۇقلار بۇنىڭدىن پەخىرلەندى، باشقا يۇرتلۇقلارنىڭ بولسا ھەسىتلىكى كەلدى.

ئۇلار — ھاشار چوڭلۇقىدەك جاسارەت بىلەن ئىشلىدى. ئۇلارنىڭ باش قوماندانى، ھەربىي سەپتىن قايتقان ئادەم باشقۇرۇش، ئىشلىتىش، تەشكىللەش تەجرىبىسى مول ئادەم ئىدى. يوقاقۇندىكى ھەل قىلغۇچ جەڭدە، سىلىڭ بولۇپ دەۋران سۈرگەن بۇ زات، بۇ يەردىمۇ ئۆز تېخنىكىسىنى مۇكەممەللەشتۈردى. يوقاقۇنلۇقلارنىڭ چېدىرىدا، «نورما»دىن ئارتۇق ئۇخلاش، دەم ئېلىش، ئىش ئورنىدا بوشاڭلىق قىلىش، ۋەزىپىنى ئاشۇرۇپ قويۇش... قاتتىق چەكلىنەتتى. مۇزدەك يوتقان ئىچىدىمۇ جاقىلداپ تىترەشكە، سوغۇقتىن ئىڭراشقا، توڭلاپ «ئۆلۈپ قېلىش»قا تېخىمۇ بولمايتتى.

باشقا چېدىردىكىلەر ئوتقا قالانسا، بەھۇزۇر ئولتۇرۇپ تاماقلانسا، يوقاقۇنلۇقلار سوغۇق توغان ئۈستىدە ئىشلەيتتى، باشقىلار كىنو كۆرسە، كۆڭۈل ئاچسا، يوقاقۇنلۇقلار قىزىل بايراق ئاستىدا جەم بولاتتى. ھېرىش-چارچاش ئۇقۇمى «پومېشچىكلارنىڭ ئۆي مۈلكى»گە ئوخشاش مۇسادىرە قىلىنغانىدى.

40 كۈنلۈك جەڭدە، ئۇلار ھامان ئالدىدا ماڭدى. قىزىل بايراقنى بىر كۈنمۇ قولدىن بەرمىدى. كېيىن، كىشىلەرنىڭ سەزگۈسىگە شۇنداق بىر نەرسە مەلۇم بولدىكى، ئامبار قۇرۇلۇشىدا ئىشلىگەن ياشلاردىن 26 ئەركەكنىڭ بۆرىكى ئىششىپ چىقتى، ئۇن نەچچە ئايالنىڭ

گېلىدا ئۆسمە پەيدا بولدى. بىر قىسىم قىرىساللار بوۋاسىر كېسەللىگە، ئۆسمۈرلەر «پەتەك» كېسەللىگە گىرىپتار بولدى!

تارىخ — يوقاقۇن تارىخى، شۇنىڭغا گۇۋاھ بولىدۇكى، خەلق تەبىئەت بىلەن كۈچ سىنىشىپ، ئاخىرى غالىبىيەت ناخشىسىنى ياڭراتتى. قۇمىقايغان سۇ ئامبىرى مېھنەت دېڭىزىغا، سۇ قاينىمىغا ئايلاندى. ئۈچ يېزا ۋە ئون نەچچە كەنتنىڭ تەشنالىقى قاندى... ئەتىياز، ياز كىرىشى بىلەن ئورغاقلار بىلەندى، قەۋەت - قەۋەت ئۇغۇت دۆۋىلىرى جىمىقتۇرۇلدى... خەيرىيەت، زېمىن، بۇ قېتىم خائىشىرىقلىقلارغا قاتتىق قوللۇق قىلمىدى. شۇ يىلى 30 مىڭ 248 نوپۇس بار، 38 مىڭ مو تېرىلغۇ كۆلەمگە ئىگە خائىشىرىقتا، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىم 30 يۈەن بىلەن چەكلەندى.

ۋەھالەنكى، يوقاقۇندا، ئىش باشتىچە نەتىجىلەندى. كۆچمە قىزىل بايراق ئاستىدا پۈتكەن ئاشۇ سۇ ئامبىرى يوقاقۇن ياشلىرىنىڭ داڭقىنى چىقاردى. لېكىن بۇ خىل پەخىرلىنىش تۇيغۇسى ئىچىدە، كىشىنى چۆچۈتىدىغان، شۇنداقلا، يېڭىش مۇمكىن بولمايدىغان قىيىنچىلىقنىڭ، ھېس قىلىشقا جان سىرقىرايدىغان ھەسرەت - ئۈمىدسىزلىكنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى ھېچكىم كۆرمىدى.

يىل ئاخىرىدا، يوقاقۇنلۇقلارنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. يىللىق دارامەت تارقىتىلغاندا، بىرەرمۇ دېھقان پۇل ساناپ باقمىدى. بىرەرسىمۇ كۈلۈمسىرەپ باقمىدى... ئۈنلۈكرەك سۆزلەپمۇ قويمىدى. بۇرۇقتۇرمىلىق، بىچارىلىك ئىچىدە، ئۆيلىرىگە قايتىشتى.

چۈنكى، ھەربىر ئەمگەككە تەقسىم بولغان دارامەت سوممىسى، پەقەت سەككىز پۇڭلا ئىدى.

# تۇرمۇش ئۆز ئوقىنى ئايلىنىدۇ

ئەنسىز يىللار.

يوقاقۇن سىرىق كېسەللىگە گىرىپتار بولغاندەك ئېغىر ھالسىرىدى. ئاچارچىلىق، موھتاجلىق، نامراتلىق، يوقسۇزلۇق... ھەممىنىڭ گېلىدىن بوغدى. پېيازدەك يالىڭاچلىنىپ قالغان ئادەملەر، تاغدەك غەم-قايغۇ ئاستىدا قالدى.

تايتاق ئاسمىنىدىن ئۇشقىرتىپ كەلگەن سوغۇق شامال بورانچى دەرياسىنىڭ مۇزدەك شاۋقۇنىغا قوشۇلدى. ئاچچىق شامال ياپراقلارنى غولىدىن ئايرىدى. مەھەللە، ھويلىلارنى تاپتاقىر ئاقارتىۋەتتى.

ئۆيلەر قاراڭغۇلۇققا مۆككەن. روجەكلەردىن چىراغ يورۇقى كۆرۈنمەيدۇ. دېمەك، ھەممە ئۇيقۇدا، ئۆلۈكتەك تىمتاسلىق ئىچىدە دەۋر ئۇيقۇسىنى سۈرىدۇ. كىشىلەر پەقەت شېرىن چۈشلەردىلا جەننەتنىڭ مېۋە-چېۋىلىرىنى ئۈزۈپ يەپ، قورساق توقلايدۇ.

راست. مۇشۇ كۈندە دېھقانغا قورساق توقلاشتىنمۇ كۆڭۈللۈك ئىش يوق. ئادەملەر قورساق غېمى ئۈچۈن تۆمۈردەك قاتتىق يەرنى تىرناق بىلەن تىلغايدۇ... «ئەتىكى» قورساق ئۈچۈن، ئېتىزدا، داق يەردە تۈنەپ ئىشلەيدۇ. بىر باش كۆك قوناق يەپ قويغىنى ئۈچۈن سازايى-بەشىرە قىلىنىدۇ... ئىشقىلىپ، نان ھەممىنى قىلدۇرىدۇ... نان ئۈچۈن تۆلەنگەن ھەرقانداق بەدەل-ئىپتى-

دائىمي دەۋردىلا ئېتىراپ قىلىنغان ھەققانىيەت ئۇرۇشى ھېسابلىنىدۇ.

— چۇ... چۇ!

بالا تېرىكىپ، تاياق بىلەن ئۆكۈزنىڭ شەلۋەرەپ كەتكەن ساغرىسىغا قاتتىق ئۇردى... تاياق ئىزىدىن ئانارىنىڭ دانىچىسىدەك ئىككى تامچە قان سىرغىپ چىقتى. قارىغاندا، تاغىل ئۆكۈز قىمىر قىلىشنىمۇ خالىمايتتى... ھاردىم، ئاچتىم... ئۇسسىدىم... دېگەندەك، يېنىك پۇشۇلداپ تۇراتتى.

— چۇ، ۋۇ بەزگەك... چۇ دېدىم...

— بولدىلا، كېرىمئاخۇن، چېچىلما... كالا دېگەننىمۇ جان، ئۆزىگە تۇشلۇق كۈچ، كۈچىگە يارىشا قورساق بار-دە!

بالا — مۆللىدە ئالىيىپ قويدى. ئۇنىڭ چوڭ كۆزلىرىدە بىر خىل ساددا غەزەپ ئۇچقۇنى يالىلداپ تۇراتتى.

جۇۋاز ئوقىنىڭ «ماتەم» ساداسى بىردىنلا توختىدى. جۇۋازدىن چىقىش ئالدىدا تۇرغان ئۆكۈز، بالىنىڭ تاتىراڭغۇ ئېڭەكلىرىنى يېنىك يالاپ قويدى... بالا، جۇۋازخانىنىڭ قاراڭغۇ بۇلۇڭىدا چىلىمدەك خىرقىراپ ئولتۇرغان توختاخۇنغا زەردە قىلدى:

— رودۇپايدەك ئولتۇرغۇچە، مۇنۇ تاشنى چۈشۈرۈۋەتسەڭچۇ...

توختاخۇن ئورنىدىن تەستە تۇردى. خۇددى ئۇزۇن مۇددەت تۇپىغا كۆمۈلۈپ ياتقاندەك، ماغدۇرسىز پۇتلىرىنى كۆچەپ يۆتكەيتتى. ئۇ جۇۋاز ئاچىسىغا مىندۇرۇلگەن تەكىيەدەك چوڭ تاشلارنى ئىرغىتىپ تاشلاۋاتقاندا، ئۇنى يۆتەل بوغدى... ئۇ ئولتۇرۇپلا قالدى. يۈزلىرى ئېسىلىپ، لەۋلىرى كۆكىرىپ كەتتى. دېمىنى ئالالماي، ئېغىزىدىن كۆپۈك بۇژۇلداشقا باشلىدى.

— ۋاي، ئاكا... ئۆپكە كېسىلىڭىز يەنە تۇتۇپتۇ-دە! كەل، مەن ساڭا يېگۈدەك بىرنېمە تېپىپ بېرەي...

توختاخۇن كۈلۈمسىرىدى، ئۇنىڭ كۆزىنى بويلاپ ئاققان ئىسسىق ياش بالىنىڭ يۇمران ئالىقىنىغا تامدى. ئۇ ھېچقاچان بۈگۈنكىدەك ئېچىنىشلىق ھالەتتە، جۇۋاز-خانىدا پەيدا بولغان ئەمەس، ھېچقاچان مۇنداق ئىسسىق ياش تۆككەن ئەمەس.

ئۇ ئىلگىرى، ئۆزى ئەمەس، دەل ئۆزىنىڭ مۇشۇ ھالىتىنى باشقىلارنىڭ جىسمىدا كۆرگەن، باشقىلار قان يىغلىغان، جان ھەلقىسى قىلىۋاتقان تالاي كۆرۈنۈشلەرنى ئۇچراتقان... ئۇ چاغدا، تۇرمۇشنىڭ مۇنداق قىسمىتى بارلىقىنى ئۇ ئەسلا خىيال قىلمىغان... تۇخۇمدەك سېمىز جەدە ئاتنى مىنىپ، قىزلارنىڭ بېشىغا «جىن» سالغاندا، ئالتۇن-كۈمۈش ئۇستىدە ئېغىناپ ياتقانلىرىدا، ئۆزىنىڭ بۈگۈنكى ھالىتىنى ئەسلا خىيال قىلمىغانىدى. مانا بۈگۈن... مۇشۇ ھالدا يېتىپتۇ.

— بولدىلا — دېدى ئۇ بوغۇق ئاۋاز بىلەن، — ماڭا... قىزىق كۆنچۈرىدىن بىر بۇردا بەرسەڭلا بولدى.

بۇ دائىملىق ئىلتىجا ئىدى. ئۇنىڭدا، پۇل سوراپ كەلگەن ھاجەتمەنىنىڭ كۆڭلىدەك بىر خىل يۇمشاقلىق، سەممىيلىك بار ئىدى. ئالدىنقى ھەپتىسى، شاھمات تاخ-تىسىدەك ياماق چۈشكەن خالتىسىنى كۆتۈرۈپ، كەنت ئامبارچىسىغا يېلىنغانىدىمۇ، سېكرېتارنىڭ ئالدىدا تىز-لانغانىدىمۇ، مۇشۇنداق ئىلتىجا قىلغانىدى. ساقاللىق ئامبارچىنىڭ زەھەرلىك تىل-ھاقارەتلىرى ئالدىدا بويۇن قىسقاندا مۇشۇنداق سەممىي ئىلتىجا قىلغانىدى. ئەپسۇس... قورساق ئېھتىياجى ئۇنى مۇشۇ جۇۋازخانىغا سۆرەپ كەلدى...

— خوش، بۈگۈنچە مۇشۇنى يەپ تۇر، ئەتىگە... بىر گەپ بولار......

— رەھمەت... كېرىمئاخۇن، خۇدا ئۆمرۈڭنى بەرسۇن!

— ...

يەنە تاڭ ئاتتى. كونا جۇۋازدىن چىرقىراق سادا ياڭرىدى. ئۆكۈزنىڭ مېڭىشى ئۆزگەرمىدى. توختاخۇن كۈنجۈرە يېيىش بىلەن قورساق توقلىدى... ئاچارچىلىق... موھتاجلىق — ھەممىنى دوزاخ ئازابىغا تاشلىدى. تۆمۈر تاۋاقنىڭ جاراڭلىغان ساداسى يوقاقۇن ئەجدادلىرىنى چۆچۈتۈۋەتتى. كىشىلەر «ئۆكۈزىگە چىقىۋالسا، ئىتتىن قورقمايدىغان» روھ بىلەن ئىشلىدى، كۈنىنى تۈنگە، باھارنى كۈزگە ئۇلاپ ئىشلىدى... قارغىش تەككۈر يەر ئادەملەرنى ئۈمىدسىزلەندۈردى. جاھاننىڭ ئاسمىنى شۇنچە كەڭرى، تەبىئەتنىڭ ئېتىكى شۇنچە كەڭ تۇرۇقلۇق، دېھقاننىڭ ئىشى راۋاج تاپمىدى. قورساق ئۈچۈن بىر ئۆمۈر بەدەل تۆلىگەن دېھقان، تۆگمەن تېشىغا مىنىپ قالغاندەك ۋەيران بولدى... پىرقىرىدى، پىرقىراپ - پىرقىراپ ھالىدىن كەتسىمۇ، گۆرۈلدەشتىن، يۈگۈرۈشتىن، تەرلەپ پىشىشتىن باش تارتالمىدى.

كونا جۇۋاز — يوقاقۇننىڭ ئەڭ «زامانىۋى» ئۈسكۈنىسى، بىردىنبىر تاپاۋەتخانىسى ئىدى. يوقاقۇن تەشكىلىنىڭ، يوقاقۇن دېھقانلىرىنىڭ ئوڭ كۆزى... كونا جۇۋازنىڭ ئايلىنىشىغا، تاغىل ئۆكۈزنىڭ ئېغىر قەدەملىرىگە تاشلانغاندا، ئۇلارنىڭ دىلىنى بىر خىل «باياشاتلىق» تۇيغۇسى ئىگىلەيتتى... ماھىيەتتە بۇ، ھېساب - كىتاب تۇيغۇسى ئىدى.

سېكرېتار ئىمىن ئاكىنىڭ دولىسىغا مۇشتلاپ تۇرۇپ، شۇنداق دېگەنىدى:

— ئاھا، ئىمىن... ئاخۇن، ئۈمىد سەندە، شۇندا قىلا بىزدە. ئىنقىلابنىڭ يۈكىنى ساڭا تاپشۇردۇق...

— ھىم...، ئىمىن ئاكىنىڭ بەرگەن جاۋابى شۇ بولدى.

ئاشۇ بىر تىنىق ئۇنىڭ ھاياتىنى ئۆزگەرتىۋەتتى. تۇرمۇشىدا غايەت زور بەختسىزلىكلەرنى كەلتۈردى. كەنت تەشكىلى قايتا ـ قايتا كېڭىشىپ، جۇۋازخانىنى ئىككى سمېنىغا بۆلدى. ئۇنىڭ بىرى ئىمىن ئاخۇن، يەنە بىرى كېرەم. ئاتا ـ بالا ئىككىيلەن، كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلىدى... ئەمدىلا ئون ئىككىنىڭ قارىسىنى ئالغان كېرەم ئۈچۈن بىر كېچە ئۇخلىماي چۆگىلەپ ياغ تارتىش ئاسان ئەمەس، دە.

سېكرېتارنىڭ سۈرلۈك قىياپىتىنى كۆز ئالدىدا كۆرگەندە ئۇنىڭ تېنى شۈركۈنەتتى.

— ئاڭلاپ تۇر، — دېدى شاپ بۇرۇت سېكرېتار كېرەمگە جېكىلەپ، — سىلەرگە كەنت بويىچە ئەڭ كۈچلۈك ئۆكۈزدىن بىرنى بەردۇق... قېنى ئەمدى... ئىش... سىلەردە قالدى.

كېرەم جۇۋازخانىغا بەند بولۇپ كەتتى. زېرىكىشلىك تۇرمۇش، ئۇنىڭ بالىلىق سەزگۈسىدە زىلزىلە پەيدا قىلالمىدى. ئۇنىڭ يۈرىكى... ئوتتۇرا ھېساب بىلەن مىنۇتىغا 78 قېتىم سوقىدۇ. سوتكىسىغا 4680 قېتىم، ئايدا 3 مىليون 369 مىڭ 600 قېتىم، بىر يىل دېگەندە 40 مىليون 435 مىڭ 200 قېتىم، 60 يىلدا 2 مىليارد 425 مىليون 912 مىڭ قېتىم سوقىدۇ... ئۇنىڭ ئالدىدىكى ئۆكۈزمۇ... شۇنداق چۆگىلەيدۇ... تۇرمۇش بىر ئىزدا، خۇددى سائەت ستىرېلكىسىدەك ئايلىنىۋېرىدۇ، يۈرەك رىتىمىدەك سوقۇۋېرىدۇ. ئادەم ھېرىپ ـ چارچاپ، كېچىدىن كېتىدۇ. ھايۋانمۇ، كالىمۇ... مېڭىشتىن، جۇۋاز سۆرەش-

تىن توختايدۇ. ئۇنىڭ ئورنىنى بىرىنچى، ئىككىنچى نەۋ-
رىسى باسىدۇ... جۇۋاز چۆگىلەۋېرىدۇ، تۇرمۇش بىر خىل
ئىزدا ئايلىنىدۇ.

كېرەمنىڭ تۇرمۇشى ئەنە شۇنداق بىر دائىرىدە-
تورۇسلىرى قارىداپ، جۇلۇقى چىقىپ كەتكەن كونا ئۆيدە
ئۆتتى. جۇۋازخانا — ئۇنىڭ ياشاش - يېتىلىش يولى بولدى.
كۈنىنىڭ سېرىقىنى كۆرۈش نېسىپ بولغان كۈندىن بېرى،
ئۇنىڭ بىلگىنى، چۈشەنگىنى مۇشۇ جۇۋاز بولۇپ قالدى...
ئاتا مىراس بۇ كەسىپ، ئۇنىڭ بىلەن يىللارنى ئۇزاتتى.

ئۇ ئاخىرقى تىنىقىدىمۇ، مۇشۇ جۇۋازخانىدا، كەندىر-
نىڭ تاتلىق ھىدى ئىچىدە، چىرقىراق سادا، گۈپۈلدەش،
غىرىسلاشلار ئارىسىدا ئۆتكۈزىدۇ... ئاخىرى بېرىپ، ئۇنىڭ
كۆزلىرى جۇۋاز سۆرەۋاتقان تاغىل ئۆكۈز بىلەن بىرىكىپ
كېتىدۇ، چوڭ، بوز كۆزلەر، چۆچەك بىلەن تېڭىلغان ئاشۇ
بىر جۈپ قارىچۇق، ئۇنى ھېچقانداق تەكەللۇپ قىلمايلا
ئۇزىتىپ قويىدۇ. ئۇنىڭ كۆزلىرى ئەبەدىي يۇمۇلغاندىمۇ،
جۇۋاز، جۇۋازخانا ۋە ئۇز كەچمىشلىرىگە شاھىت بولغان
كونا گەپ چۆگىلەشتىن توختىمايدۇ. تۈگۈلۈكتىن ئېسىلىپ
تۇرغان سوغۇق ئاسمانمۇ، يۇلتۇزلارمۇ، ناگان - ناگاندا
كۆرۈنۈپ قالىدىغان ھىلال ئايمۇ قۇياش ۋە بۇلۇتلارمۇ
تىنماي چۆگىلەيدۇ. خۇددى ئادەمنىڭ ھايات سەپىرى-
دەك، كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ قانۇنىيىتى، رىتىمىدەك، دۇن-
يادىكى ھەممە نەرسە چۆگىلەۋېرىدۇ.

بەلكىم، تاغىل ئۆكۈز ۋە ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن، يەر-
لىكىمۇ، ئۇنىڭ جەسىتىمۇ سىرتقى ئالەمگە، جۇۋازخانىغا،
تاغۇ دەريالارغا قوشۇلۇپ، شۇنداق ئايلىنار. بىر ئىزدا،
بىر خىل رىتىمدا ئايلىنىپ توختىماس.

# قىزىل قىرغاق، قىزىل نەپەسلەر

تاغنىڭ ئۆكۈز ھالىدىن كەتتى، قېرىدىپ، ماغدۇرىدىن قالدى. قەدەملىرى ئېغىرلىشىپ، زەي قامچىسىنىڭ ئاچچىق ۋەھىمىسىگە پەرۋا قىلماس بولۇپ قالدى. گەرچە ئۇ، كۆچى ھالال، تىلسىز ھايۋان بولسىمۇ، ئۆزىگە تۇشلۇق ھېس-تۇيغۇغا، تويۇنۇش ئىمتىيازىغا ئىگە جان ئىگىسى ئىدى.

يوقاقۇن ئۈچۈن جۇۋاز سۆرەۋاتقان بۇ تۆمۈر بەدەن، يەر ئىسلاھاتىنىڭ جۇشقۇن يىللىرىدىكى جاپاكەش دېھقان بىلەن دەۋرداش، ھەمنەپەس ئىدى. تاغدەك مەزمۇت گەۋدىسى بىلەن كېچە-كۈندۈز توختىماي چۆگىلەيتتى. كۈن قىزىلىدىن گۈگۈم چۈشكىچە بولغان قۇتلۇق تاڭدا، كۈندىگە تۆت چارەك، 14 يۈەن قىممىتىدە ياغ تارتاتتى. بويۇنتۇرۇق ئاستىدىكى قىرلىق مۈرە قىزىرىپ، تېرىسى قېپ-قىزىل شەلۋەرەپ چىقاتتى. جۇۋاز قايچىسىغا ئاۋۋال ئىككى تاش مىندۈرۈلگەن بولۇپ، يۈك تالقان بولغاندا يەنە بىرسى مىندۈرۈلەتتى. تالقىن ئوقى ئىنچىكىرەشكە باشلىغاندا تۆت تاش 30 كىلوگرام ئېغىرلىقتىكى يۈك تولۇق مىندۈرۈلەتتى.

ئۆكۈز مەزمۇت تۇياقلىرى بىلەن قېزىدىپ، چىڭداپ ئېرىق ھاسىل قىلغان ئايلانما يولدا توختىماي ماڭاتتى. كۆز جىيەكى ئىچىدىكى قارىچۇقلار چاچراپ چىققۇدەك بولغاندا، ئۈستىدىكى يۈك چۈشۈرۈۋېتىلەتتى.

كېرەم — ئۆزىنىڭ بۇ ھەمراھىغا ئىچ ئاغرىتىپ قالدى. جۇۋازنىڭ غىچىرلاشلىرى بارغانسېرى مۇڭلۇق ئاڭلىناتتى. ئايلانمىسى 14 تال قېلىن شالدىن چەمبەرلەنگەن كونا جۇۋاز، بېلىگە كىيدۈرۈلگەن ئاچا ياغاچ بىلەن سىغىشالماس بولۇپ قالغانىدى. جۇۋاز تەشىمىسىدىن سىرغىپ چۈشۈۋاتقان ياغ خۇددى قېرى ئۆكۈزگە كۆز يېشى قىلىۋاتقاندەك، بىر تېمىم-بىر تېمىمدىن سىيرىلىپ ئاقاتتى.

جۇۋاز ئوقىغا بەتلەنگەن ياغاچ قىلىچ، ئۆز كەچمىشىدىن پەرياد سېلىۋاتقاندەك مۆڭلۈق غىچىرلايتتى.

كۈنلەر ئۆتتى، ئايلار، يىللار ئۆتتى. دەۋر بىلەن دەۋر، ئادەم بىلەن تۇرمۇش ئوتتۇرىسىدا نۇرغۇن ئىشلار، نۇرغۇن ھادىسىلەر بولۇپ ئۆتتى. ئەينى چاغدا ئۆكۈز-نىڭ مېڭىشىغىمۇ يېتىشەلمەيدىغان كېرەم، بۈگۈنكى كۈندە، جۇۋاز قايچىسىنى ئۆكۈزنىڭ قىرلىق بويىنىدىن چۈشۈرۈپ، يەنە سالالايدىغان، تۆت چارەك ئېغىرلىقتىكى جۇۋاز تېشىنى بىمالال ئىرغىتىپ تاشلىيالايدىغان چوپچوڭلا يىگىت بولۇپ قالدى... ئىسسىق - سوغۇقنى، ئاق - قارىنى پەرق قىلالايدىغان ئادەم بولۇپ قالدى... تەسىرلىنىش، خەيرخاھلىق قىلىشنىڭ نېمىلىكىنى چۈشىنىدىغان يېزا يىگىتى بولۇپ يېتىشتى.

ئۇ، ئۆكۈزنىڭ ئولتۇرۇشقان قورساقلىرى، خۇنسىز كۆزلىرىگە، پارقىراقلىقىنى، رەڭگىنى يوقىتىۋاتقان تېرى-سىگە، كۆتەكلىشىۋاتقان قوۋۇرغا، سالپايغان قۇلاقلى-رىغا قارىغانسېرى ئىچى سىيرىلدى. ئۆكۈندى... گويا مېھ-رىبان تاغىسىنىڭ نىمجان ھالىتىگە ئېچىنغاندەك، بىئارام بولدى. بىر ئۆمۈر جۇۋاز سۆرەپ، يەنىلا ئېغىر يۈكتىن بويۇنتۇرۇقتىن قۇتۇلالمىغان بۇ جاپاكەش ھايۋانغا خەيرخاھلىق قىلىشنى كۆڭلىگە پۈكتى.

يوقا قۇندا، ئوپۇقنىڭ چېكى سۇس ئاقارغاندا، «ئەتىگەن» قۇتۇپ يۇلتۇزى دەرەخ ئۈستىگە قونغاندىلا «كەچ» ھېسابلىناتتى. تورغاي بىلەن تەڭ قوپۇپ، يۇلتۇز بىلەن بىللە قايتىش — بۇ يەرنىڭ يەرلىك قانۇنى، دېھقانىنىڭ ئىش نورمىسى ئىدى. ئۆكۈزمۇ ئادەملەرگە ئوخشاشلا ئىشلىشى، ئۆز مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشى

شەرت ئىدى. ئەمما، بۈگۈن، جۇۋاز ئىگىسى ئۇنى بەمە-
ھەل ئىشتىن بوشىتىۋەتتى.

كېرەم ئۆكۈزنى ئالدىغا سالغىنىچە ھەيدەپ، بورانچى دەرياسى بويىغا كەلدى. دەريا سۈيى تاشقىن ياساپ، قىرغاقنى يېنىدىك سۆيۈپ ئاقاتتى. قىرغاقتا بىر توپ گۈللەر ھۆپپىدە ئېچىلغاندەك، يېڭىچە بىر مەنزىرە بارلىققا كەلگەنىدى. پىلىخانىدا ئىشلەۋاتقان قىز - چوكان- لارنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭى كىشىنىڭ زوقىنى تارتاتتى. ئاياللار بىردىن سېۋەتنى قولتۇقلىشىپ، ئۈجمە يوپۇرمىقى يۇغىلى چىققانىدى.

كېرەم نېمىشقىدۇر دەريا بويىدا ئۇزۇن تۇرۇپ قال- دى. ئەسلىدە ئۆكۈزنى سۇغىرىشتىن ئاۋۋال، ئۇنى سوۋۇتماقچى، قورسىقىنى تويغۇزماقچى بولغانىدى. لېكىن، ئۇ ئىشلارنىڭ بىرىنىمۇ ئېسىدە قالدۇرالمىدى. سەۋەبى، ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىدا تۇساتتىنلا چاقماق چېقىلىپ، كۆڭلىنىڭ ئاللىقانداق بىر يېرىگە، ئىللىق بىر نۇر ئېقىپ كىرگەندەك بولدى. ئەزەلدىن ئۇ ھېس قىلىپ باقمىغان بىر سەزگۈ، ئوتلۇق ئېقىم ئۇنىڭ قەلبىنى مەھ- كەم چىرمىۋالدى. ئۇ، ئۆزىنىمۇ، ئۆكۈزنىمۇ ئۇنتۇغان ھالدا، قىرغاقتا ئىسقىرتىشقا، ھېچقاچان ئاڭلاپ باقمىغان بىر خىل ئاھاڭغا ئىسقىرتىشقا باشلىدى. بۇ خىل ئىسقىر- تىش، ئۇنىڭ جىسمىنى ئۆرتەۋاتقان كۈچلۈك يالقۇنغا، ھېسسىي ئىنتىلىشكە ۋەكىللىك قىلاتتى. ئۇ، قەدىرلىك... ھەمراھىنىڭ ئورغاقسىمان مۈڭگۈزلىرى ئارىسىدىن «لاپ» قىلىپ تاشلانغان بىر جۈپ قارىچۇقنى كۆرۈپ قالغانىدى. ئۇنىڭ سەزگۈسىدە، بۇنداق ئۇچرىشىشنىڭ ھاياتتا پەقەت بىر قېتىملا كېلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان ئۇقۇم، چۈشەنچە يوق ئىدى. لېكىن ئۇ بۇنداق ئۇقۇمنىڭ، چۈشەنچىنىڭ

بولۇشىنى خالمايتتى. ئۇنىڭغا تەسىر قىلغىنى رېئال ھادىسە، زىلزىلا بوي، قارا قۇمچاق، دۆگىلەك يۈز، قارا كۆز... ئامىنەخان ئىدى. ئۇ بۇ قىزنى داۋاملىق ئۇچرىتاتتى... ئۇنىڭغا سەپسالاتتى. بالىلارچە مۇئامىلە قىلاتتى. ئەمما بۈگۈن، ئۇنىڭ تۇرمۇشى ئۆزگىرىپ كەتتى. قىز بىرلا قاراش بىلەن، ئۇنىڭ كۆڭلىگە — قەلبىنىڭ ئىچكى قاتلىمىغا كىرىۋالدى. ئۇنىڭ تۇيغۇسى، ئارامىنى، غۇرۇرىنى ئىگىلىۋالدى. ئۇنى كۆز ئالدىدا تۇرۇۋېمۇ ئەسلەشكە، سېغىنىشقا مەجبۇرلىدى. ئۇ ئەمدى، ئۆز-ئۆزىگە «خوجا» بولالماي قالدى.

ئايلار كەتتى. قىزلارمۇ، ئۇمۇ كەتتى. كېيىن ئۇلارنىڭ قارىسى يوقالغاندىمۇ، ئۇ كۆزىنىڭ مۆڭگۈزلىرىنى قويۇپ بەرمىدى، بىتون تۇسمىنىڭ يېنىدىكى كىچىك شارقىراتمىدىن مېھرىنى ئۈزەلمىدى.

ئۆكۈز سۇغىرىش ئۇنىڭ ھاياتىدىكى ئەھمىيەتلىك ئىش ئىدى. ئايلار يوپۇرماق يۇلغىلى چىقىسىلا، ئۆكۈزمۇ جۇۋازدىن چىقىرىلاتتى. دەريا بويىدا ئۇزاقتىن-ئۇزاق تۇرۇپ قالاتتى. جۇۋاز، جۇۋازخانا، تاغىل ئۆكۈز ئۇنىڭ ئەڭ يېقىن سىردىشىغا ئايلىنىپ قالغانىدى. گاھ-گاھ قاناتلىرىنى كېرىپ جۇۋازخانا ئىچىدە پىرقىراپ يۈرىدىغان چىمچىلار ھەرىمۇ ئۇنىڭ سەزگۈسىنى داۋالغۇتىۋېتەتتى. مۇنداق خىيال دۇنياسىدا، ئۇ كونجۇرە قىرىدىغان تۆمۈر تالتېزنى تۇتقان پېتى تۇرۇپ قالاتتى. ئىشىككە، قىيا ئېچىلغان ئاشۇ جۈپ قانات ئىشىككە تەلمۈرۈپ قارايتتى. ئۆكۈز ئۆز رىتىمى بويىچە ئايلىنىپ-ئايلىنىپ توختاپ قالاتتى. ئۇ ئىختىيارسىز ھالدا مۆڭگۈزلىرىنى سىيلاپ، تاتلىق ھېسلارغا كۆمۈلەتتى... قانات ياساپ، دەريا بويىغا بارغۇسى،

ئاشۇ قىزىل قىرغاقتا بىر ئۆمۈر تۇرغۇسى كېلەتتى. ئۆي-كۆزگە، جۇۋازخانىغا قاراپ ئۇھسىناتتى.

دەريا قىرغىقى ئۇنى چاقىراتتى، دەريا شاۋقۇنى ئۇنىڭ يۈرەك تارىنى چېكەتتى، تۇرمۇشنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى ھېس قىلدۇراتتى.

ئۇ ۋىسال كۈنلىرىنى كۈتتى. دەريا قىرغىقى قىزىل-لىقتا پۈركەندى. غەربىي قىرغاقتىكى كۆكاتلىق ئۈستىدە كەچكى قۇياش جىلۋىلەندى. ئۇ گويا غايەت زور ماگىت-دەك زوڭزىيىپ ئولتۇراتتى. كەچكى شەپەق ئاسمىنىدا نۇرلىنىپ تۇرغان ئاشۇ ئوت جىسىم، ھازىرلا كۆتۈرۈلۈش ئالدىدا تۇرغان قىزىل شارغا ئايلانغانىدى. قىرغاقنىڭ تۈپتۈز يېشىل جىيەكلىرى ئۇنىڭ قىزغۇچ گىرۋىكى بىلەن سۆيۈشۈپ تۇراتتى. دەل شۇ چاغدا، دۈگىلەك شار-نىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىككى گەۋدە بىر-بىرىگە ئاستا-ئاستا يېقىنلاشقاندەك، ئالتۇن رەڭگە چۆمۈلگەندەك بولدى. ئىككى جۈپ قارىچۇق بىر-بىرىنى تارتىشقاندەك تال-تال كىرپىكلەر قىزىل نۇرمانىغا ئايلانغاندەك بولدى.

ئىككى ياش، ئىككى يۈرەك، ئىككى تەن دۈگىلەك قۇياشنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۇچراشتى. زېمىن، قۇياش، ئادەم قىزىل قىرغاقتا جەم بولدى.

دەريا قىزىللىقتا چۆمدى. تەبىئەت گۈزەل سىمفونىيىگە ئايلاندى. تۇرمۇش چىن مەنىنى تاپتى. قىزىل نەپەسلەر مەيىن شامالغا ئايلاندى.

ئۇنىڭ بەختلىك مىنۇتلىرى مۇشۇ زېمىن، مۇشۇ ئوت دۇنياسى ئىچىدە، ئاشۇ دۈگىلەك شار، قىزىل قىرغاق ئارىسىدا باشلاندى. قىرغاقتا يېپيېشىل مامكاپ، ئالقات چېچەكلىرى، جىغان يوپۇرماقلىرى قىزىل نۇرغا بۆلەندى.

قىزىل ئېقىن، قىزىل دەريا ئۇنى قولتۇقلىدى، تۇرمۇشنىڭ گۈزەل، بارقىن سىماسىنى نامايان قىلدى.

## ئانا دەريا، ئانا ماكان

بۇ يەر، ھەيۋەتلىك خان سارىيىغا، ھۆر-غىلمانلار كەيىپ سۈرىدىغان شاھ ئوردىسىغا ئوخشىشىپ كەتمەيدۇ. ستېرېئولۇق پەلەمپەيلەرنىڭ لەرزان كۆتۈرۈشى بىلەن يۇقىرى قەۋەتلەرگە چىققىلى بولىدىغان كاتتا ئىمارەتكە، دېرىزە-روجەكلىرىدىن كرىستال بولۇتلار قاينام ھاسىل قىلىدىغان قەلئەگە ئوخشىشىپ كەتمەيدۇ. بۇ يەردە يەنە ھەسەل ھەرىسىدەك غۇژمەكلىشىپ ياشايدىغان مۇساپىرلار توپىمۇ، تۆپتۈز ئاسفالت يولدا، ئاقار يۇلتۇزدەك كۆچۈپ يۈرىدىغان كوچا ئاپتوموبىللىرىمۇ يوق. بۇ يەردە يەنە كاتتا رېستورانلار، كۆزلىرىدىن شادلىق تېمىپ تۇرىدىغان زامان گۈزەللىرىمۇ يوق. بۇ يەردە پەقەت دېھقان يەلكىسىدەك كەڭ قىرغاق ئارىسىدا كېچە-كۈندۈز كۈۋەجەپ تۇرىدىغان بىر قەدىمىي دەريالا بار. پەقەت ئاشۇ دەريالا ئۆزىنىڭ چەكسىز شاۋقۇنى بىلەن تەبىئەتنى، يوقاقۇندىكى بارلىق ھاياتلىقنى ياشارتىپ كەلدى. ئەنە شۇ دەريالار سەرەتان سوغۇقتا، تۇمان ئاستىدا سىزىلۇپ ياتقان يوقاقۇنغا ھاياتىي كۈچ بەردى. ئۆزىنىڭ سۈپسۈزۈك دولقۇنى ئارقىلىق يوقاقۇن ئەجدادلىرىنىڭ ئۆتمۈشىنى، بۈگۈنىنى ۋە كېلەچىكىنى سۆزلەپ كەلدى.

بورانچى دەرياسى — ئۇنىڭ ھايات يولىنى ئۆزگەرتىۋەتتى. قىزىل نۇرغا چۆمكەلگەن دەريا، قۇياش بىلەن

سۆيۈشكەن يېشىل قىرغاق... مۆڭگۈز ئارىسىدىن كۆرۈنگەن قارا كۆزلەر...

ئۇ ئاشۇ كۈنكى ئۇچرىشىشتىن كېيىن باشقىچە ئادەمگە، چوپچوڭلا بىر يىگىتكە ئايلىنىپ قالغاندى. يوپۇرماق يۇيۇشقا كەلگەن قىز-چوكانلار ناھايىتى كۆپ، شوخ بولسىمۇ، نېمىشقىدۇر... قارا، ئوتلۇق، تارتىنچاق كۆزلەر، نومۇس-چان كەم سۆز يېزا قىزى... چاقماق نۇرىدەك «لىپ» قىلىپ يانغان ئاشۇ بىر جۈپ قارىچۇق... ئۇنى ھەممە قوينىغا تارتاتتى. دەريا بويىغا، قىزىل قىرغاققا، قىزغۇچ ئۇ-پۇقتا تۇختاپ قالغان قۇياش قەسىرىگە چاقىراتتى... ئۇن-داپ كېلەتتى. دەريا — گويا ئۇنىڭ بارلىقىغا، ۋۇجۇدىغا ئايلىنىپ كەتتى. مۇبادا دەريا بولمىسا، ئۆمۈر بولمايتتى، دەريا تۇمانلاشسا، ئۇنىڭ كۆڭۈل رىشتىئەنىسىز خىياللارغا غەرق بولاتتى. دەريا — بورانچى دەرياسى ئۇنىڭ بىلەن بىرتەن، بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كەتتى. ئۇ دەريانى سۆ-يەتتى، دەريا بويىدا، قىرغاقتىكى ماكاپ ئۈستىدە ئول-تۇرۇپ خىيال سۇرۇشنى ھاياتىدىكى ئەڭ ئەھمىيەتلىك ئىش دەپ چۈشىنەتتى. چۈنكى ئاشۇ قىرغاقتا، بىتون ئازمىنىڭ بويىدا، ئۇنىڭ تۇرغۇن كۆڭلىگە تاش چۈشتى، كۆڭۈل جىمجىتلىقىنى بۇزدى... ياشلىق ھاياجان كۆل سۈيىدەك داۋالغۇپ كەتتى.

ئۇ مۇشۇ قىرغاقتا، سادda بىر قىزنى، ساپ، سەممىي ھېسسىياتنى ئۇچراتتى. قىزغىن، رايىش كۆزلەرنى ئۇچ-راتتى... مۇھەببەت دەپ تەرىپلىنىدىغان تاتلىق خىيالنى، قۇدرەتلىك بىر تۇيغۇنى ئۇچراتتى.

بۇ خىل ئۇچرىشىش، ياشاش قەلبىنىڭ سەزگۈ دالا-سىنى لەرزىگە سالدى. جىمجىت ئورمانغا ئۇسۇپ كىرگەن ئىسسىق شامالدەك ھەممە نەرسىنى تەۋرىتىۋەتتى.

يۇلتۇزلۇق ئاخشام، بورانچى ئاخشىمى ئۇلار يەنە ئۇچراشتى. غەربتە كۆۋەجەپ تۇرغان دەريا، ئۈستىدە بۇلۇتلار ئارىسىدىن شۇڭغۇپ كېتىۋاتقان سۈمۈرغ ئاي، يان تەرەپتە قات-قات جىغانلىق، يۇلتۇزلار تەرەپ-تەرەپتىن جىمىرلىشاتتى. ئۇ قىزنىڭ كۆزلىرىگە قارىدى. ئۇ كۆزلەر شۇنداق نۇرلۇق، شۇنداق ئىسسىق كۆرۈنۈپ كەتتىكى، ئۇ، دۈپۈلدەپ سوقۇۋاتقان يۈرىكىنىڭ ئېچىشقانلىقى، ئۇنىڭغا بولغان تەلپۈنۈشىنىڭ چەكتىن ئېشىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى.

ئۇ، قىزنى تۈنجى قېتىم باغرىغا باستى. قىز خىجىل بولۇپ ئاپئاق بىلىكى بىلەن يۈزلىرىنى، لەۋلىرىنى توسۇۋالماقچى بولدى. ئەمما بۇ خىل توسۇش — خۇددى كىچىك شامالغا دۇچ كەلگەن گۈل ياپراقچىسىدەك ھامان باش ئېگەتتى.

قىز — كىرەمنىڭ باغرىدىن يۇلقۇنۇپ چىقالمىدى. نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ كۆزلىرىدە سۈزۈك تامچىلار لىغىرلىغاندەك، ئۇنىڭ سىزۈكلۈكىدىن يۇلتۇزلار چاقناپ كەتكەندەك بولدى. كۆزلەر تەلپۈنەتتى، ئۇخچۇپ تۇراتتى، مۇڭ-سىر تۆكەتتى. يىگىتتىن قىرانلىق، قىزدىن ئىپپەت شىجائىتى تاماتتى. گۈزەل بىر كۈي ياڭرايتتى، نازۇك بىر شامال ئىسسىق قوللىرىنى سۇناتتى، ئەلۋەك بىر نۇر، سۈزۈك بىر ئېقىن، جىمجىت بىر ئورمان زاھىر بولاتتى. كۆزلەر تاغلارنى ئېرىتىۋەتكۈدەك ئىسسىق ھارارەت چاچاتتى.

— ئۇنداق قىلماڭ، قورقىدىكەنمەن.

— سىز مېنىڭ، پەقەتلا مېنىڭ، شۇنداقمۇ

— ئۇنى چۈشىنىمەن.

مانا بۇ ئۇچرىشىش، ئەنئەنە، ئەخلاق تۇيغۇسى بۇرۇقتۇرما بولۇپ تۇرغان يوقا قۇندا، بۇ خىل ئۇچرىشىش-

تىن قانداق نەتىجە چىقارگىن: يەر يېرىلىپ، ئاسمان ئۆگتۈرۈلۈپ چۈشسىمۇ، تەقدىرسىز قىل تەۋرىمەيدىغان يوقا قۇنلۇقلار، بۇ مۆجىزىنى ئەقلىگە قانداق سىغدۇرارگىن؟

يىگىت بىلەن قىز بىر-بىرىنى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك ئوتلۇق تەلمۈرۈشتى. شۇ مىنۇتنىڭ ئۆزىدىلا، يىگىتمۇ، قىزمۇ ئۆزىگە ئوخشاشمايدىغان، تامامەن باشقا بىر ئادەمگە، باشقا بىر يۈرەككە ئايلاندى. يۈرەك كەپىسىز بالىغا ئوخشىشىپ قالدى. ئاشۇ كەپىسىز جىسىم پۈتكۈل تەبىئەتكە، يوقا قۇنغا، بورانچى دەرياسىنىڭ زۇمرەت ئېقىنىغا ۋەكىللىك قىلاتتى.

قىز كۆزلىرىنى يۇمۇۋالغانىدى!

ئۇلار بىر تەن، بىر گەۋدىگە ئايلاندى. يىراقتىن قارىغاندا يوچۇن بىر ئاشىق كىمنىدۇر كۈتۈپ تۇرغاندەك كۆرۈنەتتى.

ئۇلار، ئاشۇ ھالەتتە قانچىلىك تۇردى... بەلكىم، بىر مىنۇت ياكى بىر ئەسىرگە تەڭ ۋاقىتنى شۇنداق ئۆتكۈزگەندۇ. دەل شۇ چاغدا، يېنىك يۆتەل ئاۋازى ئاڭلاندى. جىغانلىق تەرەپتىن بىر قارا گەۋدە كېلىۋاتاتتى. تۈپ-تۈغرا ئۇلار تۇرغان نەمخۇش قىرغاققا كېلىۋاتاتتى.

كېرەمنىڭ يۈرىكى «جىغ» قىلىپ قالدى. تەقدىر ئۇنى كۆككە ئاچىقىپ، ئېگىزدىن تاشلىمىسا بولاتتى. ئۇ، قىزنى يېتىلەپ جىغانلىق ئارىسىدىن غايىب بولماقچى بولدى، ئەمما ئۈلگۈرەلمىدى.

— توختاڭلار!

قىز يۈزىنى تۇتقىنىچە، كۆزدىن غايىب بولدى. ئۇنىڭ يېنىك قەدەملىرى بارغانسېرى يىراقلاپ كەتتى. شۇندىلا ئېسىگە كەلگەن كېرەم، مۇشتۇملىرىنى تۈگۈپ، يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان ھەر ئىشقا تەييار تۇردى.

تونۇش ئاۋاز، تونۇش چىراي، تونۇش ئادەم!

— توختاخۇن، ۋاي لاغاي، سەن كۆرمىگەن مۇشۇ ئىش قاپتۇ-دە!

— ھىم، — توختاخۇن پىخىلداپ كۈلۈۋەتتى، — مۈڭگۈز ئارىسىدىن قارىغىنىڭنى ئاللىقاچان بىلگەنىدىم... چوڭ بوپ قاپسەن، بالا، داداڭغا دىمىسەم بولمىغۇدەك.

— نېمىنى دەيسەن؟

— باشقا بىراۋ كۆرۈپ قالمىسۇن دەپ، ئىككى سا- ئەتتىن بېرى كۈتۈپ تۇردۇم ... مۇشۇنى دەيمەن-دە!

— سەن!

— ئوبدان ئۇكا، ئاكاڭدىن خاتىرجەم بول، پات ئارىدا توي يۆتكىگىلى ھارۋاڭنى قاتىسەن...

كېرەم خىيالغا پاتتى، ئۈچ كېچە-يۇلتۇز سانىدى. ھەربىر تىنىقى بىر ئەسىرلىك ۋاقىتنى ئەكىتىۋاتقاندەك بىئارام بولاتتى ... كۆزلىرى بىر نۇقتىغا — قول بىلەن تۇتقىلى بولمايدىغان نۇر ھالقىسىغا تىكىلەتتى. مانا بۇ خىيال، خىيال دېگەندىن كۆرە، غايىبانە ۋىسال پەيت- لىرىنى كۈتۈش دەپ ئاتىلاتتى. خىيالىدا، يەنىلا قىزنى... قارا كۆز ئامىنەخاننى سۆيەتتى، مەڭىزىنى، چاچلىرىنى ھىدلايتتى... ئايدىڭ كېچىدە، سۈتتەك ئاپئاق كېچىدە، ئۇنىڭ يۇمران بەدىنىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى. قىزنى يۇمشاق قۇم ئۈستىدە جىمجىت سوزۇلۇپ ياتقان ھالەتتە كۆرەتتى، جىلغىلاردىن تارام-تارام بولۇپ ئېقىۋاتقان تاغ سۈيىدەك ھېس قىلاتتى... كېرەم مانا مۇشۇ مەنزىرىنى كۆرەتتى، قىزنى ئۇنىڭ تاتلىق ھىدىنى... كۆزلىرىنى ئىزدەيتتى.

مۇھەببەت يولى، نىكاھ ئەركىنلىكى دېگەنلەر، يوقا- قۇنلۇقلار ئۈچۈن ئانچە مۇھىم ئەمەس، ئۇلار «قو- غۇن پىشماستىن» ئۈزۈۋېتىشنى — شەرىئەتنىڭ دەستۇرىدىن

كۆپ ئاڭلىغان، بۇ يەردە توي-تۆكۈن ئىشلىرى ئۆز يارىشىقى، قائىدە-نىزامى بىلەن ئۆتكۈزۈلگىنى بىلەن، قىز-يىگىت تاكى تۆشەك ئۈستىدە يۈز ئاچقاندىلا بىر-بىرىنى كۆرىدىغان ئىشلار كۆپ ئىدى. 13 — 14 ياشلىق قىزلار «ئانا» بولۇشنىڭ دەسلەپكى قەدىمىنى بىۋاستە بېشىدىن كەچۈرەتتى. جىسمانىيىتى پىشىپ يېتىلمىگەن بۇ كېلىنچەكلەرنىڭ كۆپىنچىسى، تۇغۇتىدا ھاياتىدىن ئايرىلاتتى. بەزىلىرى ساقايماس كېسەللىككە مۇپتىلا بولاتتى. ئائىلە — ئائىلىگە ئوخشاشماي قالاتتى. ئەمما يوقاقۇندا، دەل مۇشۇ جەھەتتىن، ئاتا-ئانا ھۆكۈمى — ئەڭ قۇدرەتلىك كۈچ دەپ قارىلىپ، ئۇنى ھېچكىم يىرتۇۋېتەلمەيتتى.

كېرەمنىڭ مۇشۇ مەسىلىدە بېشى قاتتى. توختاخۇن ئىشنى بۇزۇپ قويۇپ، چۈس مىجەزلىك ئىمىن «باي»نى چاچرىتىپ قويسا، بوۋاي، ئىككى غۇلاچ كېلىدىغان چىشۇق كۆتۈرۈپ كېلىشتىن يانمايتتى.

ئۇنىڭ ئۈستىگە ئامىنەخاننىڭ ئاتا-ئانىسى بار-دە! ئۇلار توپتوغرا ئۈچ كېچە-كۈندۈزدىن كېيىن، كۆرۈشتى. قىز يىگىتلا تارتىنىپ چىققانىدى. گويا چېھرىگە قىزىل گۈل قىستۇرۇۋالغاندەك چىرايى بارغانچە ئوماقلىشىپ كەتكەنىدى. قىز خىجىل بولۇپ، يەرگە — پۇتىنىڭ ئۇچىغا قارىۋالدى. ئاشۇ ئاخشىمى تەئەججۇپ بىلەن ئاخىرلاشقان ئۇچرىشىش، كېرەمنى ئەنسىزلىككە سېلىپ قويغانىدى. شۇڭا يەنە ئۇ قىزدىن ئەپۇ سوراشنىڭ يولىنى ئىزدەۋاتاتتى.

يىگىت ئوڭايسىزلىنىپ تۇرغان بىر پەيتتە، ئويلىمىغان بىر ئىش يۈز بەردى. قىز شوخلۇق بىلەن ئىككى قولىنى سوزۇپ، ئۇنىڭ بوينىغا گىرە سېلىۋالدى:

— ئەسكى، ئەسكى، قىلغۇلۇقنى قىلىپ بولۇپ، شەپىسىزلا يوقىلىپ كەتكىنىنى.

كېرەم بەھوش بولدى، ئۇنىڭ تۇيغۇسى ماگىمغا ئايلاندى. «ئاھ خۇدا بىپايان چوقىلارنى ياراتتىڭ، نېمىشقا ئۇنى قار-مۇز بىلەن كۆمۈۋېتىپ، ئارقىدىن جىلغىلاردا ئاقتۇرىسەن، بىپايان دەشتى-باياۋاننى يارىتىپ، نېمىشقا ئۇنى كەلكۈن سۈيىگە قاندۇرمايسەن، مۇھەببەت-ئىشق ھەۋىسىنى سېلىپ قويۇپ نېمىشقا ئۇنىڭ ۋىسال پەيتلىرىنى كەم يارىتىسەن!»

شۇ يىلى ئۇلار توي قىلدى، سېرىق قوڭغۇراقلار بىلەن بېزەلگەن ئات ھارۋىسى بورانچىنى بويلاپ يۈرۈپ كەتتى. تۆشەك كۆرپە ئۈستىدە ئولتۇرغان ئامىنەخان كېرەمگە تويماي قارىدى. قوللار، ئىسسىق بەدەنلەر، تۇرمۇش، بورانچى دەرياسىنىڭ شاۋقۇنىغا قوشۇلۇپ كەتتى.

نامراتلىق، يوقسۇللۇق پىرقىراپ تۇرغان يوقاقۇندا، ئۇلار بەختلىك ئائىلە قۇردى. تۇرمۇش يولىنى، ھاياتنىڭ تاغ-داۋانلىق سەپىرىنى، گۈزەل كېلەچەكنى بىللە باستى، بىللە خىيال قىلدى، بىللە داۋام قىلدى. ئانا دەريا، ئانا ماكان ئۇلارنى باغرىغا باستى.

## تىپىك ئەپسانە

خوتەن قەدىمىي ماكان.

1932-يىلى ئۆزىنى ئەنگلىيە پۇقراسى دەپ ئاتىۋالغان سىدىقجان، ئەنگلىيىدە ئىشلەنگەن بىر ۋېلىسىپىتنى خوتەندە مىنگەن. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، كىشىلەر يۆلەپ قويمىسا ئۆرە تۇرمايدىغان بۇ «ھايۋان»نى «شەيتان ھارۋىسى» دەپ بىلىشكەن.

1935 - يىلى يازدا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تۆت نەپەر ئىنژېنېرى «ئورال» ماركىلىق يۈك ئاپتوموبىلىغا ئولتۇرۇپ، كېرىيە، نىيە ناھىيىلىرىگىچە بارغان. تۇنجى قېتىم «كوكىكا» كۆرگەن خوتەن ئەجدادلىرى، ئاپتوموبىلغا ئەگەشىپ، نەچچە ئون چاقىرىم يەرگىچە يۈگۈرۈشۈپ بارغان.

1935 - يىلى يۇقىرىقى تۆت نەپەر ئىنژېنېر، سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن «چاپايېۋ»، «گىران شتات» دېگەن كىنو فىلىملىرىنى قويۇپ بەرگەن. تۇنجى ئاخشىمى، ئېكراندا زەمبىرەكلەرنىڭ ئوپچى كۆرۈنۈشى بىلەن، كىشىلەر قورقۇپ، چۇرقىرىشىپ كەتكەن. فىلىم يېرىم بولغاندا، جەڭ ئاتلىرى تۇياقلىرىدىن توپا توزۇتۇپ، ئاتاكىغا ئۆتكەن كۆرۈنۈشلەر پەيدا بولغاندا كىنو مەيدانى قۇرۇقدىلىپ قالغان، كىشىلەر «ئات دەسسىۋېتىشتىن قورقۇپ» قېچىشىپ كېتىشكەن.

1936 - يىلى گېرمانىيىنىڭ ئۈچ ماتورلۇق بىر ئايروپىلانى خوتەن ھاۋا بوشلۇقىدىن ئۇچۇپ، ئىككى كۈندىن كېيىن لوپ ناھىيىسىنىڭ غەربىدىكى كەڭشۇە دېگەن جايغا قونغان، ما خۇسەن قوشۇنلىرى قورشاپ تۇتۇۋېلىپ، كېيىن قويۇپ بېرىشكەن.

1937 - يىلىنىڭ باشلىرىدا، رۇس - قىرغىز تانكا قوشۇنىنىڭ 20 تانكا، 40 برونېۋىكى خوتەنگە يېتىپ كەلگەن.

كىشىلەر، ئەپسانىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان بۇ رېئاللىقنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن. ئايروپىلان، تانكا، برونېۋىك دېگەنلەر ... تۇنجى قېتىم چۈشەنچىگە، ئاددىي ساۋاتقا ئايلانغان. كېيىن 60- يىللاردا توپا ئىتتىرىش ماشىنىسى يېتىپ كېلىپ، يەرلەرنى قېزىشقا باشلىغاندا كىشىلەر بۇنى «تۆمۈر تاپان» دەپ ئاتاشقان. «مەدەنىيەت

ئىنقىلابى» نىڭ ئۇرۇش ئوتلىرى ئىچىدە، خوتەن خەلقى «تۆمۈر تاپان» نى تانكا، بىروۋنېۋسكىكە ئۆزگەرتىپ، 2 ـ جاھان ئۇرۇشىدىن كېيىنكى چوڭ ھەربىي كەشپىياتنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن.

يوقاقۇن مەدەنىيىتى بۇ خىلدىكى «ئەپسانە» لەردىن خەۋەرسىز ئەمەس. ئۇلار مەدەنىيەت ئۇقۇمى ھەققىدە باش قاتۇرۇۋاتقان، يېڭىلىقنى ھېس قىلىشتا ئامالسىز قالغان چاغلىرىدىلا دەۋرنىڭ «دەۋر روھى» نى تېزلا قوبۇل قىلىش ئادىتىنى يېتىلدۈرگەن. دەۋر، سايراشنى تەلەپ قىلغاندا، ئۇلار ئالتاي تاغلىرىدىكى خۇش ناۋا بۇلبۇلدەك، تارىم ۋادىسىدىكى قىزىل تۇمشۇق قۇشلاردەك سايرىغان، سايراپ، سايراپ، ئاخىرى كىمنىڭ يۈكسەك سايراش ئىقتىدارى بارلىقىنى بىلىپ قالغان. كونا جەمئىيەتتىن نەپرەتلىنىش شامىلى چىققاندا، ئۇلار يەنە بىر ـ بىرىگە يېڭىباشتىن سەپسېلىشقا باشلىغان. كىم كىمنى ئەزدى، دېگەن مەسىلىدە نۇرغۇن تالاش ـ تارتىشلاردىن كېيىن، يوقاقۇن بويىچە دېگى بار، تاشتۆمۈر بايىنى كۆرسىتىپ بېرىشكەن.

قىسقىسى، ئۇلار قوبۇل قىلىش روھىغا باي خەلق.

1975 ـ يىلى قىشنىڭ زىمىستان بىر ئاخشىمى، يوقاقۇندا كىنو قويۇلدى. تاختايلىرى باي ـ پومېشچىكلار ئۈستىدىن شىكايەت قىلغاندەك غىچىرلىشىپ تۇرىدىغان تەشكىل دەرۋازىسى داغدام ئېچىۋېتىلدى. يوقاقۇننىڭ چوڭ ـ كىچىك، ئەر ـ ئايال... جىمىكى پۇقراسى لەپىلدەپ يېغىۋاتقان قارغا قارىماي، كىنو مەيدانىغا ئاقتى. دادۈي سېكرېتارى مىكروفوننى قولىغا ئېلىپ، كىنو كۆرۈشتە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ماددىلار، قانۇن ـ ئىنتىزام، تازىلىق ھەققىدە بىر مۇنچە «تەپسىر» ئېيتتى. ئاندىن كىنونىڭ سىياسىي خاھىشچانلىقى، مەزمۇنى، ئەھمىيىتى ھەققىدە يالقۇنلۇق

سۆزلىرىنى بايان قىلدى. بىر سائەتتىن كېيىن، كىنو باش-
لاش بۇيرۇقى چۈشۈرۈلدى. كېرەم فىلىم ئاپپاراتىنىڭ
«بىقىنىنى چىمداپ» تۇرۇپ، كۆپچىلىككە چۈشەنچە بەردى.

— يولداشلار، بۈگۈن قويۇلىدىغان فىلىم، دۆلىتىمىزدە
ئىشلەنگەن ھۆججەتلىك ژۇرنال — «داجەي»!

— داجەي، داجەي دېگەن قانداقكىنە؟

ئېكراندا ئاۋۋال قىزىل كانارە ئىچىدە، ئالتۇن رەڭ
بىلەن يېزىلغان «يېزا ئىگىلىكىدە داجەيدىن ئۆگىنەيلى!»
دېگەن ئۆرنەك سۆز، ئاندىن داجەي سۈرەتلىرى بىر-
بىرلەپ كۆرۈنۈشكە باشلىدى. بىپايان دالا سوزۇلۇپ يا-
تىدۇ. كۆكۈچ ئاسمان، بىر-بىرىگە مىنگىشكەن قات-
قات تاغلار، توقايلار، ئېدىرلار، يىراقتىن تۇمانلىنىپ
تۇرغان ياپېيشىل بىنەملە، سەرەڭگە قېپىدەك رەت-
رەت تىزىلغان ئىمارەتلەر، كۈمۈش لېنتىدەك سوزۇلغان
تۈپتۈز يېزا يوللىرى، قاتتىق، چويۇندەك گرانىت
تاشلارنى يودۇپ، سالا ئېتىز ياساۋاتقان داجەيلىكلەر...

يوقاقۇن خەلقىنىڭ مېڭىسى سەگەكلىشىپ قالدى.
ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا، دۈشمەن تانكىلىرىغا ئوت ئېچىش-
ۋاتقان، رۇس ۋەتىنى ئۈچۈن، رۇس مىللىتى ئۈچۈن كۈرەش
قىلىۋاتقان چاپايېۋ ئەمەس، بەلكى جۇڭگو زېمىنى، جۇڭگو
خەلقى ئۈچۈن يول ئېچىۋاتقان داجەيلىكلەر زاھىر بولدى.

داجەي خەلقى — قاتتىق سۆڭەك خەلق. داجەيلىك-
لەر گىياھ ئۈنمەيدىغان قاقاس تاغلىقنى، پالتا ئۆتمەس
قاتتىق توپىنى سالالاشتۇرۇپ، ئېگىز چوققىلارغا سۇ باشلاپ،
ئۈنۈمسىز، شورلۇق تۇپراقنى ئاشلىق كانىغا ئايلاندۇردى.
مەھسۇلات يىلمۇ يىل ئېشىپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئۈلگى-
سىنى تىكلەپ بەردى. دەھشەتلىك مۆلدۈر ئاپىتىگە، قۇرت-
ھاشارات ئاپىتىگە تاقابىل تۇرغان داجەيلىكلەر، بۇ

يىلمۇ ئاشلىقتىن مول ھوسۇل ئالدى. ئاشلىقنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتىنى 1000 كىلوگرامغا يەتكۈزۈپ، تارىختىكى ئىلغار سەۋىيىسىنى ساقلاپ قالدى...

يوقاقۇنلار، سوغۇقنىڭ ئۈششۈك ھەرىدەك چاقىنىغا قارىماي، چاۋاك چېلىشتى. خۇددى يوقاقۇن زېمىنىدىمۇ «1000 كىلوگرام» سەۋىيىسى يارىتىلغاندەك، بىر خىل ئۈمىد، پەخىرلىنىش تۇيغۇسى بىلەن تەنتەنە قىلىشتى.

كېرەم — ئۆزلەشتۈرمە جۇملە ئارقىلىق، كىنو مەز- مۇنىنى چۈشەندۈرۈشكە خېلى پىشىپ قالغانىدى. مۇبادا، ئۇنىڭ بۇ رېژىسسورلۇقى بولمايدىكەن، يوقاقۇنلۇقلار ئېكران- دىن ھېچقانداق مەنىۋى كۈچ، روھىي لەززەت ئالالمايتتى. ئېكراندىكى سۈرەتكە ماس ھالدا چۈچۈك، يېقىملىق چۈ- شەندۈرۈش بولمايدىكەن، ئۇ ھالدا، يوقاقۇنلۇقلار ھېچنېمىنى ئاڭقىرالماي، گاڭگىراپ قېلىشاتتى. ئۇلارنىڭ كۆرگىنى تىلسىز بىر دۇنيا، ئاڭلىغىنى: شاۋقۇنسىز بىر دەريا؛ ئوي- لىغىنى: ئاۋازسىز بىر ناخشىدىن ئىبارەت بولاتتى. ئۇلارنىڭ نەزەرىدىكى ئېكران، ئادەم، تەبىئەت، سۈرەت، رەڭ، ئىس - تۈتەك... ھېچقانداق تەسىرلەندۈرۈش كۈچىگە ئېرىشەلمەيتتى. ناخشا، مۇزىكا، ئۇمۇمىي خور، چاقىرىق، بۇيرۇقتىن ھالقىپ كېتەلمىگەن بۇ فىلىملەر، يەنىمۇ چۈش- نىكسىز، پۇچەك - تۇتۇرۇقسىز بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قالاتتى. خالاس.

— سالا ئېتىز دېگىنى نېمىسى؟

كۆپچىلىك تەڭلا پىچىرلاشتى. بۇ سوئال — شۇبھىسىزكى كۆپنى بىلىدىغان، كۆپنى كۆرگەن كېرەمگە تاشلانغانىدى. لېكىن ئاپپاراتتىن چاتاق چىقىش ئېھتىمالى بولغاچقا، توخ- تاخۇن ئۆزى چۈشەنگەنچە، جاۋاب بېرىۋەتتى.

— سالا ئېتىز دېگىنى، تاغ ئارىسىدا تېرىقچىلىق قىلىش دېگەنلىك، كۆرمەيۋاتامسىلەر، داجەي دېگەندە، ئالىقانچىلىكمۇ تۈز يەر يوق. ساپلا پەلەمپەي، ساپلا تاغلىق.

— بەلكىم، ئۇ يەردە، ئۆگزىلەرنىمۇ تېرىغىلى بولسا كېرەك.

— ماڭغىنا ۋاي ئاداش، تېرىشىنغۇ تېرىغىلى بولار، لېكىن ئۆگزىنى قانداق سۇغارغىلى بولىدۇ؟

— تاغنىڭ ئۈستىدە سۇ چىقارغان ئادەم، ئۆگزىگە چىقىرالماسمۇ!

— تالاشماڭلار، — توختاخۇن گەپكە قوشۇق سالدى، — داجەيلىكلەرنىڭ جېنى تۆمۈردىن پۈتۈلگەن.

— ياق، مېنىڭچە ئۇلار كالىدەك ئىشلەشنىلا بىلىپ، ھېساب-كىتاب قىلىشنى بىلمىسە كېرەك. بىر مو يەردىن 2000 جىڭ ئاشلىق ئېلىش كىشىنىڭ ئەقلىگە سىغامدۇ؟

— راست دەيدۇ، داجەيلىكلەر ئون مونى بىر مو ھېسابلىسا كېرەك. بولمىسا، بىزنىڭ يوقاقۇننىڭ ئېتىزلىرى ئەينەكتەك تەپتەكشى، سۇلىرىمىز بورانچى دەرياسىدىن تېشىپ تۇرۇپتۇ... ئالتۇنغا بەرگۈسىز يەرلەر تۇرۇقلۇق، قورساق باقالمايۋاتىمىز. تاغ ئارىسىدىكى ئوي-دوڭغۇللىرىدىن 2000 جىڭ مەھسۇلات ئالىدۇيۇ، بىزنىڭكىدىن ھوسۇل تۆۋەن، بەشتىن بىرىنى ئالىمىز. ئوغۇت دېسە، تاغدەك دۆۋىلەگىلىك، كۈچ دېسە، كۆتەكتەك يىگىتلىرىمىز بار. ئۇلاردا بار ئىككى بىلەك بىزدىمۇ بار. ئۇلاردا بار ساپان-بوغۇس، ئېشەك، كالا بىزدىمۇ بار. لېكىن بىز، ئۇلار ئالغاننى نېمىشقا ئالالمايمىز؟

سىنىپىي كۈرەش، سىنىپىي مەيدان، سىنىپىي كۆز قاراش تۇتقا قىلىنغان يوقاقۇندا، «نېمىشقا» دېگەن سوئال ئۈستىدە باش قاتۇرۇشنى ھېچكىم خالىمايتتى.

چۈنكى دېھقانلار كۈنىنىڭ سېرىتىنى كۆرۈشتىن باشقا، ھەرقانداق بىر ئىشنى ئويلاش، سۆزلەش، ئۆز ئۆملۈك چارىلەرنى تېپىپ چىقىپ، مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇشقا بىرلەشتۈرۈشنىڭ بىھۇدە ئىش ئىكەنلىكىنى ئۆزۈڭدىن بىرى، مۇنداقچە ئېيتقاندا، كىم نېمىنى ئويلىسا شۇنى دەيدىغان، شۇنى قىلىدىغان ئەركىن دېموكراتىيە، ئاللىقاچان ھېساب-كىتاب قامۇسىدىن كۆتۈرۈۋېتىلگەن ئۇشۇقچە چىقىمغا ئايلىنىپ قالغانىدى. كىشىلەر ھەممىدىن يەرلىك سىياسەتكە، دېھقان تىلى بىلەن ئېيتقاندا، تەشكىلگە بويسۇناتتى، ھەممىدە تەشكىلنىڭ ئېغىزىغا قارايتتى. ئەمدىلا ساقال تارتقان قوناقنى يۇلۇپ تاشلاپ، ئورنىغا «ئارپا تېرىغىن» دېسە، «نېمىشقا؟» دېمەيتتى. ئەمدىلا چېچەكلىگەن ئاپتاپپەرەسنى يۇلۇپ تاشلاپ، «ئاق چامغۇر تېرىغىن» دېسىمۇ «ياق» دېيەلمەيتتى. مانا بۇ يوقاقۇندا داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان مەنتىقە، مەھسۇلات مەنتىقىسى ئىدى. ھېچكىم بۇ مەنتىقىدىن ھالقىپ كېتەلمەيتتى، ئۇنىڭغا مۇخالىپ ئىش كۆرەلمەيتتى. دەل شۇنداق بولغاچقا، داجەيلىكلەرنىڭ «1000» رەقىمى تېپىك ئەپسانىگە، ئاسماندىكى ئايغا ئايلىنىپ قېلىۋاتاتتى. 2000 جىڭ پەلسەپىسى، يەرشارى خاراكتېرلىك سۇ، خۇددى فىرئۇنىنىڭ، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ مارس، يۇمىلاق ئارالنىڭ سىرىدەك بەكمۇ يىراقتا كۆرۈنەتتى. مەڭگۈ بېسىپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان ئۇزۇن يول، يەتكىلى بولمايدىغان داۋان ئىدى.

—بولدىلا، ئۇ دېگەن داجەي. چىن يۈكگۈيدەك مۇئاۋىن ۋەزىر يېتىشىپ چىققان يەر، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ بايراقدارى تۇرۇقلۇق، ئاشۇنداق كۆپ ئاشلىق چىقماي نېمە قىلسۇن!

—توغرا دېدىڭ، تۈختاخۇن، داجەي دېگەنىنىڭ تاش-توپىسىمۇ، ساپ ئاشلىق-دە!

— ھەي، ئۇلارنىڭ توخۇلىرىمۇ، توخۇم ئورنىدا، ئاشلىق تۆگىدىغان تۇرسا.

— ئۇلار ھەر بىرى، بىزدەكتىن ئۇنىغا تېتىيدىغان ئەزىمەتلەر-دە! ھوسۇلنى شۇلار يىغماي كىم يىغسۇن؟

— داجەي... بىزدىمۇ داجەي بولسىكەن!

مانا بۇ چۈشەنچە، كىشىلەر تېزلا قوبۇل قىلالايدىغان مەھسۇلات مەنتىقىسى ئىدى. يوقاقۇندىمۇ «داجەي» قۇرۇشقا بولامدۇ-يوق؟ بۇ، يوقاقۇنلۇقلارنىڭ ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان چۈشەنچە ئىدى. خەلقنىڭ بۇ چۈشەنچىسى ئاخىرى بېرىپ، ۋىلايەت، ناھىيە، يېزا تەشكىلىنىڭ قۇلىقىغا يەتتى.

داجەي چۈشەنچىسى قوللاشقا ئېرىشتى. گۇڭشې پارتكومى، ھەرقايسى كەنتلەرنىڭ سېكرېتار، مۇدىرلىرىدىن تەشكىل قىلغان ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكى تەشكىللەپ، يوقاقۇندىن نەچچە مىڭ كىلومېترلىق يىراقلىقتىكى ئاشۇ «ئەپسانە» رايونىغا ئېلىپ باردى. ئۇلار «مىڭ ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەلا» دېگەن ھېكمەتكە ئاپىرىن ئوقۇشتى. كېيىن مەلۇم بولدىكى، داجەيلىكلەر جۇغى كىچىك، جاپاكەشلەردىن بولسىمۇ، ئەقىل-ئىدراكتا، ئەۋزەل شارائىتتا تۇشلۇق ئىشلەپتۇ... ئۇ يەرنىڭ تاغلىرى، بىنەملىرى، ئېتىز-ئېرىقلىرى، سۇلىرى يوقاقۇننىڭ بىنەدلىرى، سۇلىرىدەك ئەلۋەك، يۇمشاق ئەمەس ئىكەن. ئۇ يەرنىڭ توخۇ-ئۆردەك، قورۇ-جايلىرىمۇ، يوقاقۇننىڭكىدىن پەرقلىق ئەمەس ئىكەن. پەقەت، بۇ يەردىكى پەرق — سىستېمىلاشتۇرۇش، يېڭى تېخنىكا ئۆلچىمى بويىچە تۇپراق تۈزۈلمىسىنى تەڭشەپ، ھاۋارايى، سۇ مەنبەسى ۋە پەسىل ئۆتكىلىدىن تولۇق پايدىلىنىپ تېرىش، پەرۋىش قىلىش، سۇغىرىش، يىغىۋېلىش، ئۇنىڭدىن باشقا پولاتتەك ئىنتىزام

ئورنىدا، يۈكسەك ئاڭلىقلىق، رايىشلىق يولغا قويۇلغانىكەن. سىر — مانا مۇشۇ ئىكەن.

داچەي چۈشەنچىسى — يوقاقۇننى قاپلاپ كەتتى. داچەي روھى بويىچە، ئەسلىدىكى تارقاق، زەيكەش يەرلەر. سالا- لاشقان بىنەمگە ئۆزگەرتىلدى. ئەگرى-بۈگرى يېزا يول- لىرى، ئېتىز-ئېرىقلار مەلۇم بىر تۈز سىزىق. شەكلىگە ئۆلچەملەشتۈرۈلدى. يوقاقۇننىڭ تارقاق، رەتسىز ئۆيلىرى يول بويىغا رەتلىنىپ، زامانىۋى ئائىلە قورۇسى تەشكىل قىلىنىدى. دەل-دەرەخلەر ئېتىز بويلىرىغا رەتلىنىپ، مۇن- تىزىملاشقان مۇھاپىزەت ئورمانلىرى بەرپا قىلىنىدى. يېقىن كەلگۈسىدە، يوقاقۇندىمۇ مول ھوسۇل ئېتىزلىرى بارلىققا كېلىپ، 150 جىڭلىق تۆمۈر تاۋاق چېقىپ تاشلىنىدىغان- لىقىغا ھەممە كىشى ئىشەندى. لېكىن بۇ خىل «ئىشىنىش» بىلەن قىيىن مەسىلىلەرنى پۈتۈنلەي ھەل قىلىپ كەتكىلى بولمايتتى، ئىشىنىش، جۈرئەت قىلىش روھىدىن باشقا، يەنە ئەمەلىي ئىشلەش تەجرىبىسى كونا، ئەنئەنىۋى رامكى- لارنى بۇزۇپ تاشلاش ئەمەلىيىتى بولۇش شەرت ئىدى. كونىچە تېرىش، پەرۋىش قىلىش، ئوغۇتلاپ - سۇغى- رىش ئۇسۇللىرىغا ئوخشاشمايدىغان، يېڭىچە ئىشلەپچىقى- رىش شەكلى ۋە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى مەيدانغا چىقىرىش زۆرۈر ئىدى. يوقاقۇن خەلقى دەل مۇشۇ زورۇرىيەت، شەرتلەرنىڭ تۈنجى قەدىمىنى ئوڭۇشلۇق باستى.

نەچچە ئون مىڭ ئادەم قارىقاش ۋە بۇرانچى دەريا- سىنىڭ يۈگەنسىز كەلكۈنىنى تىزگىنلەپ، يوقاقۇنغا كېچە- كۈندۈز ئۈزۈلمەيدىغان سۇ باشلاپ كەلدى. نەچچە ئون مىڭ مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى زەيدان، ئېرىق-ئۆستەڭ قېزىپ، شورلىشىپ كېتىش، قۇم بېسىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئالدى... قىشنىڭ ئۇزۇن، ئاچچىق كېچىلىرىدە، داق يەردە، بىنەم

ئۆستىدىلا يېتىپ-قوپۇپ، تەبىئەتنىڭ تەكسىز زېمىنىنى تۈز-لىدى. تەپتەكشى، قېلىپلاشقان، ئۆلچەملەشكەن بىنەم ئاچتى. ئىلگىرى داجەيلىكلەر بىلەن يوقاقون ئوتتۇرىسىدىكى ئېچىلماي كەلگەن «سىر»، ئەندىشىلىك «1000 كىلو-گرام» چۈشەنچىسى مانا شۇنداق يېشىلدى. يىللاردىن بېرى ھوسۇل بەرمىگەن سالا ئېتىزلار 1975-يىلىغا كەلگەندە 180 گرادۇسلۇق ئۆزگىرىش ياساپ، 300—350 جىڭلىق سەۋىيىگە قاراپ سىلجىدى. 1975-يىلى... يوقاقونىڭ «ئات يىلى»، «بەخت يىلى» بولۇپ قالدى. مول ھوسۇل تەشنالىقىدا، كېچە-كۈندۈز تىنماي ئىشلىگەن دېھقان 30 يۈەندىن ئاشمايدىغان كىرىم كارتۇچكىسىنى يىرتىپ تاشلاپ، يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمىنى 8.5 يۈەنگە يەتكۈزدى. بۇ، داجەي روھى «تېپىك ئەپسانە» دەك تۇيۇلىدىغان يوقاقوندا، تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن يۇقىرى سەۋىيە ئىدى.

## مەشئەل

كىنوچىلىق ئىلمى، كىنوچىلىق ئەمەلىيىتى — يوقا-قونىڭ بۇ ئاددىي ئەمما زېرەك ئوغلىنى، نۇرغۇن نەرسىلەرنى چۈشىنىۋېلىش، بىلىۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. ئۇنىڭ 15 يىللىق كىنوچىلىق ھاياتى، ئۇنىڭدا يەرگە، مول ھوسۇلغا بولغان يېڭى تونۇشلارنى، يېڭى تەجرىبىلەرنى ئويغاتتى. ئۇ تىرىشچانلىق ئىشلىرى بىلەن كىنوچىلىق تېخنىكىسىنى بىللە تەرەققىي قىلدۇردى. كۈندۈزلىرى قارا تەرگە چۆمۈلۈپ تۇپراق، ئېتىز-زىرا-ئەت بىلەن ئۆتسە، ئاخشىمى، چەت-ياقا يۇرتلارغا بېرىپ

كىنو قويدى. ئۇ قاراڭغۇ تاغدىن قۇم بارخانلىرى، سازلىق-
لارغىچە، ھەيۋەتلىك يۇرۇڭقاش ۋادىسىدىن، يېشىل مەر-
مەردەك تاۋلىنىپ تۇرغان كوئىنلۇن ياپلاقلىرىغىچە كەزدى.
تاغ، دەريا، سازلىق ۋە قۇم بارخانلىرىنىڭ قار-يامغۇرى،
بوران - توپانلىرى، ئىسسىق - سوغۇقلىرىغا چىداپ
ئۆتتى. خەتەرلىك يوللاردىن، هاڭلاردىن، قاينامىلاردىن
هالقىدى، هارسىمۇ، ئاچسىمۇ، يىقىلسىمۇ، يۈگۈرسىمۇ،
يولدىن زادىلا قايتمىدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا يوقاقۇن ئەج-
دادلىرىغا خاس غەيرەت - شىجائەت بولغاچقا، تۇرمۇش-
نىڭ ئېغىر مۈشكۈلاتلىرى، سىناقلىرى ئالدىدا، هېچ نەر-
سىدىن قورقۇپ كەتمىدى.

ئەينى يىللاردا، يوقاقۇنمۇ «ئىنسان ئايىغى تەگ-
مىگەن» خارابىلىقا، ئىجتىمائىي بۇرۇقتۇرمىلىققا ئايلانغا-
نىدى. مەسچىتلەر چېقىپ تاشلىنىپ، چوڭ - كىچىك دىنىي
پائالىيەتلەر چەكلەنگەن، ئاممىۋى مەشرەپ، كۆڭۈل ئېچىشلار
بۇرژۇئازىيىنىڭ «قازىنىقى» غا بەند قىلىۋېتىل-
گەنىدى. چېلىشىش، ئات بەيگىسى، ئوغلاق تارتىشىش،
توي - تۆكۈن ئىشلىرىمۇ، سىياسىي سەھنە بىلەن چەك-
شالماي، نەزەردىن ساقىت قىلىۋېتىلگەنىدى. شاھمات،
قارتا ئويۇنلىرى بولسا، زىيانداش ئامىللار هېسابلى-
ناتتى... يوقاقۇندا، بارماق بىلەن ساناقلىق رادىئو
قوبۇللىغۇچتىن باشقا، ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرىنىڭ
شەپىسىمۇ يوق ئىدى. ئەمگەك ئېغىر، كىرىم يوق زېرى-
كىشلىك كۈنلەردە، كىشىنىڭ ئىچ - پۇشۇقىنى چىقىرى-
دىغان بىردىنبىر ئىلىم - ئايدا بىر قېتىم قويۇلى-
دىغان هازىرقى زامان ئىنقىلابىي تىياتىرلىرى، ئۈلگىلىك
ئۇرۇش فىلىملىرى ئىدى. «شىددەتلىك بوران-ياغمۇر»،
«ئانارخان» فىلىملىرىنى دېھقانلار 100 قېتىم، 1000 قېتىم-

لاپ كۆرۈپمۇ قانمايتتى. مانا بۇ دېھقان ئارزۇسى، دېھقان كۆڭلى، كېرەمگە بەش قولدەك ئايان. ئۇ ئۆز كەسپىدىكى شەرەپلىك مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى دېھقانىنىڭ كۆڭلىنى، قوپقۇرۇق قېلىۋاتقان مەدەنىي ھاياتىنى ئاۋۇندۇرۇش ئۈچۈن، تەر تۆكۈپ ئىشلەيتتى، كىشىلەر كېرەم ۋە ئۇنىڭ ئاپپاراتىغا، كىنوغا شۇنچىلىك ئېھتىياج بولۇپ كەتكەنكى، قىش كېچىلىرى لەپىلدەپ قار يېغىۋاتقىنىغا، جۇدۇن-شىۋىرغان بولۇپ، كىرپىكلىرى، ساقال-بۇرۇتلىرىنىڭ قىراۋ باغلاپ كەتكىنىگە قارىماي، كىنو قوغلىشاتتى، چاۋاك چېلىشاتتى. كىنوغا، كېرەمگە، كۆڭلىنىڭ قات-قېتىدىن ھەۋەس قىلاتتى.

— نېمىلا دېگەنبىلەن، دېھقان ئوغلى، يوقاقۇنىنىڭ ئەركىلىرىدىن-دە.

— ئادىدىي بىر دېھقان بالىسى ئاشۇنداق چوڭ ئىشلارنى قىلالايدۇ... ئاپپاراتنىڭ ئىچىدە نېمە باركىن؟ ئۇ بۇ ھۈنەرنى قەيەردىن، كىمدىن بۇنداق پىششىق ئۆگىنىۋالدىكىن. ئاجايىپ سىرلىق، ئاجايىپ مۆجىزە-دە!

— بۇ ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىش ئەمەس، ئوقۇغان، دۇنيانىڭ شامىلىنى يېگەن، نەزەر دائىرىسى كەڭ كىشىلەرلا قىلالايدىغان ئىش.

بۇ — خەلقنىڭ ساداسى ئىدى.

ئەقىللىق كېرەم بۇ ئىشلارغا پىشىپ كەتتى. يوقاقۇن ياشلىرىنىڭ نەزەرىدە سىرلىق ئادەمگە، ئوتقىمۇ، سۇغىمۇ كىرىپ-چىقالايدىغان، «يىگىتنىڭ قولىقىدىن تۆگە ئۆتكۈزەلەيدىغان» جاسارەت ئىگىسىگە ئايلاندى.

ئۇلار كېرەمگە ئەگەشتى، ئۇنىڭ تۇياق ھارۋىسىغا، ئاشۇ فىلىم ساندۇقلىرى قاچىلانغان چىدامىلىق ھارۋىغا

ئەگەشىپ، نەچچە ئون كىلومېتىر يىراققا كىنو كۆرگىلى پىيادە بېرىشاتتى. بىردىنبىر مەدەنىيەت ئابىدىسى، چەكلەنمىگەن بۇ سورۇن — ئۇلارنى ئۆزىگە باغلىۋالدى.

كېيىن ئۇلارنى كىنوسىز قالدۇرمىدى. ئۆزى تاماقسىز، ئۇيقۇسىز قالسىمۇ، توقايزارلىقلاردا تېنەپ ماڭسىمۇ كىنو قويۇشنى توختاتمىدى. ئالدىنقى يىلى قىشتا، تەڭ كېچىدە، ئۇ لايقا يولىدا ئۆزىگە ئەگەشىپ بارغان بىر ياشنى ئۇچرىتىپ قالدى. ئۇنىڭ كىيىمى يېلىڭ، تېنى ئاجىز بولغانلىقتىن پىيادە يۈرۈش قىيىن كەلگەندى. سوغۇقتىن يېرىلىپ كەتكەن قاپاق - كالپۇكلىرى ئۇسسىمىدەك كۆكىرىپ تۇراتتى. پۈتۈن بەدەن ئەزايى مۇزلاپ، ھازىرلا ئۆرۈلۈپ چۈشىدىغاندەك يامان ھالەتكە كېلىپ قالغانىدى. ئۇ تىترەيتتى، جالاقلاپ تىترەپ تۇراتتى. ئېغىزى، پۇت-قولى قولاشمايتتى. ئۆلدىن تۆۋەن سەككىز — ئون سېلسىيە گرادۇسلۇق مۇنداق سوغۇقتا، ئاي دالادا يۈرۈش، ئىسسىق بەدەن دېگۈل، ئاسماندىكى يۇلتۇزلارنىمۇ سوغۇق چاقناشقا مەجبۇر قىلاتتى. دەل - دەرەخ، ئورمانلار قېلىن قىراۋ ئاستىدا ئېغىرلىشىپ، مىدىر - سىدىر قىلالمايتتى. لېكىن بۇ، كۆزلىرى مۆلدۈرلەپ تۇرغان ئادەم - دە! ئادەم بولغانىكەن، تىترىمەي تۇرالامدۇ؟

ئۇ، ئاپپارات يۆگەيدىغان بىرزېنتنى ئۆزى يۆگىنىپ، ئۆزىنىڭ ئىسسىق جۇۋىسىنى يىگىتكە كىيدۈردى.

— ھەي، شۇنداقمۇ قارا ملىق قىلغۇلۇقمۇ؟

— سىزگە ئەگىشىپ بارغانىدىم.

بۇ قىسقىلا بېرىلگەن جاۋاب، يوقاقۇن ياشلىرىنىڭ يۈرەك سۆزى، ئۇلاردىكى ئىنتىلىش، تويسۇۋالغىلى، ئىنكار قىلغىلى بولمايدىغان ساپ ھېسسىيات، سەزگۈ ئىدى. مانا بۇ روھ، ئىشتىياق - ھەۋەس ئىدى. بىر توپ ياشنىڭ

كۆڭۈل ھەۋىسى، كۆڭۈل رىشتىسى ئىدى. يېڭىلىق، مەدەنىيەت ئۈچۈن يانغان ئىشق ئوتى ئىدى.

ئادەملەر بۇنى نېمىشقا بالدۇر ھېس قىلمىغان ـ ھە! مول ھوسۇل ئېلىشتا جىددىي كېرەكلىك بولغان بۇ تۇي-غۇنلۇك ئۆزلىرىدە مەۋجۇت بولۇشىنى نېمىشقا بالدۇرراق چۈشەنمىگەن ـ ھە!

ئۇ كەسىپنى قىزغىن سۆيدى. كالپۇكلىرى كۆكىرىپ كەتكەن ئاشۇ ياش، ئۇنىڭغا ئەمەك بولدى. ئۇ باشقىلارنى ئەنە شۇنداق ھالەتتە ئۇچراتماسلىق، سوغۇقتا تۇڭدۇر-ماسلىق ئۈچۈن كۈنىگە نەچچە ئون سائەتلەپ ئىشلىدى، سان ـ ساناقسىز ئادەملەرنىڭ دىلىنى خاتىرجەم قىلدى، كۆپلىگەن كەنت ـ مەھەللىلەرگە قەدەم باستى. كىنو تۈگەپ، باشقىلار ئۇيقۇ لەشكەرلىرى بىلەن ئېلىشقان تىمتاس كېچىلەردە، ساندۇقلىرىنى ھارۋىغا بېسىپ، يوقاقۇنغا قايتىپ كەلدى. قاراقاش دەرياسى بىلەن بورانچى دەريا ۋادىسىغا يالاشقان بىپايان بوستانلىقتا مەرىپەت مەشئىلى ياقتى. يېزىغا ئون قېتىمدەك شان ـ شەرەپ كەلتۈردى. ئۆزى ئۇدا ئالتە يىل ئىلغار شەخس بولۇپ تەقدىرلەندى. ئۇچاغدا، نەق پۇل، ماددىي بۇيۇم بىلەن ئەمەس، بەلكى تەقدىرنامە بىلەن مۇكاپاتلىناتتى. ئۇ، بۇ خىل تەقدىر-لەشنىمۇ زور خۇشاللىق دەپ بىلەتتى. ماھىيەتتە ئۇ، ئالقىشقا ئېرىشكەنلىكى بىلەن ئەمەس، يوقاقۇن ياشلىرى، يوقاقۇن ئەجدادلىرىنىڭ ئارزۇسىغا، روھىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان، مۇكەممەل بىر كەسىپنى ئىگىلىۋالغانلىقىغا سۆيۈنەتتى، پەخىرلىنەتتى. ئۇ بۇ خىل پەخىرلىنىش تۇي-غۇسىنى مۇنداق بىر ئابزاس جۈملە بىلەن ئىپادىلىگەنىدى:

«دۇنيادا ياخشى! ئىشنىڭ چېكى يوق ئەمما ھايات چەكلىك. ياخشى ئىش، ياخشى نام مەڭگۈ ئۆلمەيدۇ. مەن

ئۆز كەسپىم ئارقىلىق، بۇ ئارزۇنى ئىشقا ئاشۇرسام،
يۇرت، خەلق ئۈچۈن نەمۇنە قالدۇرسام دەيمەن، لېكىن
مەندە كىشىنى قويۇشتىن باشقا ھېچقانداق دەسمايە يوق.»

ئۇ ئاخىرى نۇرغۇن سىرلارنى چۈشەندى. يوقانۇن-
لۇقلارغا جىددىي كېرەكلىك بولغان مەنىۋى بايلىق،
مول ھوسۇل ئىلمىنى چۈشەندۈردى. داجەي بىلەن يو-
قاقۇن ئوتتۇرىسىدىكى بوشلۇقنى، پەرقنى كۆرسىتىپ،
خەلققە ئەقىل بەردى.

دېھقانلار شۇنى چۈشەندىكى، يوقاقۇن ئەسلىدىنلا
نامرات ئەمەس، يەرلەر زەيكەش، قۇم، شورداك بولغىنى
بىلەن ھوسۇلسىز، ئۈنۈمسىز تۇپراق ئەمەس.

بۇ يەردىكى سىر زادى نېمە؟ يوقاقۇندا دولقۇنمۇ
بولغان، شىجائەت، ئىرادە بىرلىكىمۇ، مول ھوسۇل قىز-
غىنلىقىمۇ بولغان، ئەمما پەن - مەدەنىيەت، ئىلمىي ئۇ-
سۇلدا تېرىقچىلىق قىلىش تېخنىكىسى مەۋجۇت بولمىغان.
ئۇنى نۇرغۇن كىشىلەر ناھايىتىمۇ كېچىكىپ چۈشەنگەن.

كېرەم ئۆز پەزىلىتى، تېخنىكىسى ئارقىلىق بۇ نۇق-
تىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى. بۇ خىل چۈشەندۈرۈش ئاخىر-
قى ھېسابتا ھەقىقىي بىر ئەپسانىگە ـ لىرىك، گۈزەل ئەپ-
سانىگە ئايلاندى. يوقاقۇن دېھقانلىرى ئۆزلىرىمۇ سەز-
مىگەن ھالدا، ئاشۇ ئەپسانىنىڭ بىر ئەزاسىغا ئايلىنىپ
كەتتى.

ئۇلار گۈزەل دۇنيا، ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەرنى
يورۇتۇپ تۇرغان مەشئەلنى ــ ئىلىم - پەن مەشئىلىنى
كۆردى. مول ھوسۇل شادلىقىدىن دېرەك بېرىدىغان
يورۇق بىر يۇلتۇز يوقاقۇن ئاسمىنىغا قاراپ، ئاستا -
ئاستا، سىلجىپ كەلدى.

كىشىلەر ئۇنى يەنىلا «مەشئەل» دەپ ئاتاشتى. بۇ يوقاقۇندا، يېڭى بىر ئاتالغۇنىڭ تۇنجى قېتىم كەشىپ قىلىنىشى ئىدى.

## ئاھ، بورانچى دەرياسى

ئاپەتلىك يىللاردا، ئاپەت، بۇ يەرنى دائىم ۋەيران قىلىپ تۇردى. 60 — 70 - يىللاردا قاراقاش، بورانچى دەريالىرى ئارقا - ئارقىدىن تېشىپ كېتىپ، دەريا ۋادىسىدىكى بوستانلىقنى قەھەتچىلىك، يىغا - زار قاپلىدى. دەريا ۋادىسىدىكى 11 كەنتنىڭ 24 مىڭ مو تېرىلغۇ يېرى سۇغا غەرق بولۇپ، قاقاس سايلىققا ئايلاندى. كېيىنكى يىللاردا كەلكۈن دەريا قىنىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىۋەتتى، خۇددى غوزەككە كىرىش ئالدىدىكى پىلە قۇرتىدەك، ئىككى قاسىنىنى تۇگەل يالماپ، مەخمەلدەك جۇلالاپ تۇرىدىغان يېشىل زېمىن، گىياھسىز جەزىرىگە ئايلاندى.

«رەھىمسىز دەريا چۆلنى بوستان، بوستاننى چۆلگە ئايلاندۇردى، ئۇنىڭ تىزگىنى ھامان مېنىڭ قولۇمدا، ئۇ يۇتۇپ كەتكەن بوستانلىقنى چوقۇم قايتۇرۇۋالىمەن!»

بۇ يالقۇنلۇق خىتاب، ئۇنىڭ يۈرىكىدە ئۇزۇن يىللاردىن بېرى كۆۋەجەپ كەلگەن. ئۇنى بىردەممۇ ئارام تاپقۇزمىغان، ئۇنىڭدا غايەت زور سېھرىي كۈچ، رۇستەمدەك قۇدرەتنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلغان، ياشلىقنىڭ جۇشقۇن مىنۇتلىرى، ۋىسال كېچىلىرى، بۇ خىتاب «سۆيگۈ ئىزھارى» ئورنىدا ئۇنىڭ قەلبىنى داۋالغۇتقان.

نېمىلا بولمىسۇن، ئۇنىڭ ياشلىق گۈلى مۇشۇ دەريا بويىدا غۇنچىلاپ، مۇشۇ قىزىل قىرغاقتا ئېچىلغان، ئۇنىڭ ئۈچۈن دەريانىڭ ھەممە نېمىسى سۆيۈملۈك، ھەممە نەرسىسى قەدىرلىك ئىدى.

ئۇ، دەل ئاشۇ كۆزلەر، مۇڭگۈز ئارىسىدىن بالقىپ ئۆتكەن ئوتلۇق يۇلتۇز ئالدىدا قەسەم قىلغان.

«ئاھ، بورانچى، مەن سېنى سۆيىمەن، ھامان بىر كۈنى سېنى تىزگىنلەپ، قاقاس ساھىلىڭنى باغۇ بوستانلىققا، تاشلىق قىرغاقلىرىڭنى گۈل - گىياھقا ئايلاندۇرىمەن. سەندە بەڭباش كەلكۈندىن يەنە، باشقا مۇنبەت زېمىن، قويۇق ئورمانلىق ھاسىل بولىدۇ.»

شۇ مىنۇتنىڭ ئۆزىدىلا، ئۇنىڭ كۈچ - قۇدرىتىگە دۇنيادىكى ھېچقانداق كۈچ تەڭداش بولالمايتتى. ئۇنىڭ بېشىنى مۇھەببەت ئىلاھى سىيلاپ تۇرغاندا، ئۇنىڭ جاسارىتى، غەيرىتى ھەممىنى بېسىپ چۈشەتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىكى ھەممە نەرسە، گۈزەل مەرۋايىتقا، خرۇستالغا، پاكلىق ئىلاھى قاشتېشىغا، تۇتىياغا، زەمزەمگە ئايلانغانىدى. ئاسمانمۇ، دەريامۇ، قىرغاقمۇ ۋە پۈتكۈل تەبىئەتمۇ مېھىر - شەپقەت بولۇشقا، بەخت تېپىشقا ئايلانغانىدى.

ھەقىقەتەن، ئارزۇ - خىيال دېگەن گۈزەللىكنى، غالىبلىقنى، پاكلىقنى ياقلايدۇ. كىشىلەر خۇشاللىققا ئېرىشكەندە، ئۇنىڭ غايىسى گۈزەللىكتىن، پاكلىقتىن تۆرەلگەن بولىدۇ. كىشىلەر... تاسادىپىي ئۆكۈشسىزلىققا يولۇققاندا بولسا، غايە ھامان يىراقتا ئەگىپ يۈرگەن بولۇتقا ئايلىنىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، ئادەملەرنىڭ ئېڭىدىكى غايە — ھامان ئەجابىي تەرەپتىن، ئۆكۈشلۈك نۇقتىسىدىن بارلىققا كېلىدۇ، ئەمما، ئۇ قانچىلىك گۈزەل بولسىمۇ، بەزىدە

رېئاللىق تەرىپىدىن، چەكلىنىپ مەڭگۈ تېپىلمايدىغان «مەن»گە ئايلىنىشى مۇمكىن.

ئۇ ئۆز خىتابىنىڭ گۈزەل بىر غايە ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. رېئاللىق نۇقتىسىدىن ئالغاندا، ئۇنىڭ ئاشۇ ئىرادىسىنى، غەيرەت-شىجائىتىنى قەدىرلەشكە بولاتتى. لېكىن ئۇنىڭدا، كەلكۈندە، ئۇزۇنلۇقى 36 كىلومېتىر، كەڭلىكى 200—400 مېتىر كېلىدىغان بورانچى دەرياسىغا، دەريا قىنىدا سوزۇلۇپ ياتقان تاپتاقىر چۆللۈككە «شىلتىڭ» ئاتقۇدەك دەسمايە، كۈچ-قۇدرەت تېخى پىشىپ يېتىلمىگەنىدى. ئالتە جىڭلىق كەتمەن، بۆز تاغار، بىر تال گۈرجەك ۋە ئىككى بىلەككە تايىنىپ، بۇ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولسىمۇ، بۇ قوراللارنى، يۈز ھەسسە، مىڭ ھەسسە، ئونمىڭ ھەسسىلەپ كۆپەيتىشكە توغرا كېلەتتى. ماھىيەتتە بۇ، تەبىئەت بىلەن ئادەم، زېمىن بىلەن ئىرادە ئوتتۇرىسىدىكى كۈچ سېلىشتۇرمىسى، روشەن پەرق ئىدى.

ئۇ پەيت كۈتتى. زېمىن دەريا توغرىسىدا كۆپ ئويلاندى. ئامىنەخاننىڭ ئىسسىق ئالقانلىرىنى بېسىپ تۇرغان... ئاشۇ ھالەت، ئاشۇ چاغدا بەرگەن ۋەدە، ئۇنى بىر دەممۇ تىنىم تاپقۇزمىدى. ئۇ ئاشۇ گۈزەل مەنزىرە، گۈزەل ئەسلىمە ئۈچۈن كېچىلەپ چاپتى، يامغۇردا، قاردا، ئىسسىقتا، دالادا، چۆلدە، ئەجەل كۆزلىرىنى قىسىپ تۇرغان دەريا قايناملىرىدا چاپتى. بىر كۈنىمۇ، بىر سائەتمۇ، بىر تىنىقمۇ توختىماي چاپتى... پۈتكۈل يەر، يوقاقۇن، بورانچى بويلىرى ئۇنىڭ قۇتلۇق ئىزى بىلەن تولۇپ كەتتى.

1982-يىلى ئەتىياز.

ئۇ بورانچى دەرياسى بويىغا يېتىپ كەلگەندە، تاڭ ئەمدىلا سۈزۈلگەنىدى. دەريا قىرغىقىدا ئەگىپ يۈرگەن بىر

جۈپ تۇرغاي، يوقاۋۇننىڭ بۇ سەپەر كارۋىنىنى قارشى ئالغاندەك «چۇ-چۇ» لاپ سايرىغىنىچە، دەريا بويىدىكى نېپىز چىملىقتا شۇڭغۇپ كەتتى. كۆكۈچ يىلتىز ئاستىدا قامallinip ياتقان شېغىل-تاشلار، ئېقىن بىلەن يالىنىشىپ، باشقىچە پارقىراپ تۇراتتى. نەپىس قامچىدەك ساڭگىلىشىپ تۇرغان چوكانتال سۇ بېتىنى قانماي سۆيەتتى. يىراقتا-قىرغاقتىن تولىمۇ يىراق بولغان ئۇچۇق دالادا بىر-بىرگە مىنگەشكەن ئاقۇچ مۇز چوققىلىرى ئۆركەش ياسىغان، دەريا ۋە ئۇپۇق بىلەن تۇتىشىپ كەتكەنىدى.

ئۇ، دەريا قىرغىقىدا ئولتۇرۇپ، مۇزدەك سۇدا يۈز-كۆزلىرىنى يۇدى. ئاندىن ئامىنەخان كۆمۈپ، پىشۇرۇپ قويغان كۆمەچ نېنىنى بېلىدىن يەشتى. ئۇنىڭ ئاقۇچ تاپىنى، گىرۋەكلىرى ئۇستىدە سۇپسۈزۈك سۇ دانىچىلىرى جىلۋىلەنىدى. ئۇ ناننى يېگەچ، ئوچۇملاپ سۇ ئىچتى. ئېغىزلىرىنى بەلبېغىنىڭ ئۇچى بىلەن سۈرتۈپ ئورنىدىن تۇردى. شېغىللىق قاشتا، ساغرىسىدىن تەر قۇيۇلۇپ تۇرغان سالپاڭ قۇلاق، يەرنى تىنىتىپ، پۇشۇلداپ تۇراتتى.

— خىھ!

ھارۋا دەريا بويىدىكى كاتاڭ يولغا چۈشتى. كېچىدىن بېرى قويۇندەك چېپىپ يۈرگەن چامبۇل ئېشەك كۈچىدىن قالغاندەك ئەمەس، ئىگىسى ئالدىرىغانغا ئالدىراپ، قەدەملىرىنى بارغانسېرى قويۇپ بەرمەكتە ئىدى.

ئۇ «مىڭگۈز ناخشىسى»نى ئىسقىرتقىنىچە، دەريا قىنىغا يېقىنلاپ كىردى.

لايقا يولى، ئەگرى-توقاي يول. بورانچى دەرياسى بىلەن گاھ قوشۇلۇپ، گاھ كېسىشىپ داۋام قىلىدىغان بۇ چىغىر يول، بەئەينى كونىلۇن تاغلىرىنىڭ قاپتىلىدىكى سىرىق ئېدىرلىقلاردەك ئېگىز-پەس، بەلدەم جىرالار، كۆز

يەتكۈسىز سايىلىقلاردىن ئۆتەتتى. بەزىدە، كۈن نۇرى تۆ-
كۈلمەيدىغان قېرى توغراقلىقلار، ماندا، جىغان، ئالىقات
چاتقاللىقلىرى، يۇلغۇنلۇقلار، بەزىدە بەلگە چىقمىدىغان سۇ
قاينامىلىرىدىن كېچىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى.

— خىھ، خىھ!

ئېشەك — ئېشەكلىكىنى قىلدى. ئېقىنىنىڭ قاق ئوت-
تۇرىسىدا تۇرۇۋېلىپ «سۈننىتى»نى بەجا كەلتۈردى. ئاندىن
نېمىنىڭدۇ پۇرىقىنى سەزگەندەك، تۇمشۇقىنى يېرىپ، ھاڭراشقا
باشلىدى.

— خىھ!

قاتتىق ئۇرۇلغان بىر تاياق، ئېشەكنىڭ ئوغىسىنى
قايناتتى. ئۇ تۇرغان يېرىدىن چاپچىپ يۈگۈردى. چاپتى...
قورام تاشلار شېغىللىقلار، قومۇلۇقلار ئۈستىدىن چاپتى.
ھارۋا ساي يولىدا توپتەك سەكرەپ، ئۇچقاندەك ئالغا
ئىلگىرىلىدى. ئاڭسىز ھايۋان، مۇشۇنداق چېپىش بىلەن
ئىگىسىنى قورقۇتماقچى، ئۇنىڭغا ھەيۋىسىنى كۆرسىتىپ
قويماقچى بولدى. لېكىن ئۇنىڭ خوجايىنى «توخۇدەك»
قورقۇنچاقلاردىن ئەمەس ئىدى. قاتتىق باش ھايۋاننى
قانداق باشقۇرۇشنى، قانداق كۆندۈرۈشنىمۇ بىلەتتى. شاش،
نەۋقىران، تۇسۇن چاغلىرىدا، ھېچكىم يېقىن كەلمىگەن بۇ
چامبۇل «پالۋان»نى دەل مۇشۇ يىگىت — كېرەم كۆندۈر-
گەنىدى. لىققىدە ئۇسۇلغان ئىككى خالتا قۇمنى كۆتۈرۈپ،
چاپچىشلار، بوشلۇققا پۇت ئېتىشلار، چىلبۆرىدەك ھەيۋە
قىلىشلار «پالۋان»نىڭ قولاقلىرىنى سالپايتقان، نوقتىغا
باغلاققا كۆندۈرگەنىدى. شۇ تاپ، خوجايىن، ئېشەكنىڭ
تىزگىنىنى قويۇۋەتكەن، يۈكسەك دەرىجىدىكى «ئەركىنلىك»
تىن بەھرىمەن قىلغانىدى، چاپسا، يۈگۈرسە، سەكرىسە،
ھارۋا ئالغا سىلجىسا نېمە يامىنى بار؟

ئۇ ئىشقىدە قەلەمچە بېسىلغان ھارۋىنى ھەيدەپ، بورانچىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىن ئۆتتى. قايتىش سەپىرى ئۇنىڭ ئۈچۈن كۆڭۈللۈك بولسىمۇ، يەنىلا مۈشكۈل ئىدى. شۇ تاپ ئۇ ئۆز كۆڭلىدە چوت سوقاتتى. بۇ قېتىمقى قەلەمچە تىجارىتىنىڭ ئۈنۈمى ھەققىدە ئۆز-ئۆزى بىلەن ھېساب-كىتاب ئاچقانىدى. قىلىۋاتقان تىجارىتىنىڭ سالمىقىنى، پايدا-زىيىنىنى دەڭسەپ كۆرەتتى. «10 مىڭ تۈپ قەلەمچە، ھەر تۈپى ئون پۇڭدىن جەمئىي 1000 يۈەن بولىدۇ، بۇنىڭدىن قەلەمچە چىقىرىش، توشۇش ھەققىنى چىقىرىۋەتكەندىمۇ تۇپتوغرا 150 يۈەن قالدى دېگەن گەپ. بۇ ئاز پۇل ئەمەس، بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ... ئاكام ياسىندەك سېكرېتارنىڭ بىر ئايلىق مائاشى دېگەن سۆز...»

ئۇ ھېساب-كىتابنى ئاخىرىغا چىقارغانمۇ بولاتتى. لېكىن ھارۋا دەريا قىنىدىن ئۆتۈپ، ئەمدىلا قىرغاققا يامىشىشىغا، بىر پاي چاق ئوقتىن چىقىپ كەتتى. ئىشقىدە قەلەمچە بېسىلغان ھارۋا قىيسىيىپ، يېرىم مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى بىر گودانغا ئۆرۈلدى. ئېشەكنىڭ يېنىدا كېلىۋاتقان كېرەم، چاققانلىق بىلەن ئۆزىنى چەتكە ئالدى. مۇبادا سەللا بىخەستەلىك قىلغان بولسا، بۇ ھېسابنى مەڭگۈ ئاخىرلاشتۇرالمايتتى.

— خەھ، خەھ!

ھازىرقى مەسىلە، ئېشەكنى قۇتۇلدۇرۇش ئىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ بېشى ھارۋا شوتىسىنىڭ ئىچىدە، بوينى شوتا ئاستىدا، تېنى ئورەكنىڭ سىرتىدا قالغانىدى. جان ھەلقۇمىغا كەلگەن بۇ جانىۋارنىڭ كۆزلىرى پولتىيىپ، چانىقىدىن قېچىپ چىققۇدەك بولۇپ، «خارت-خارت» قىلىپ تىناتتى. ھەر بىر تىنىقى يەرنى پۈۋلەپ، چاڭ توزۇتاتتى.

كېرەم شوتىنى كۆتۈرمەكچى بولۇپ كۈچىدى. دەل شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئومۇرتقىسى «زىڭگىدە» قىلىپ توختاپ قالدى. بەدىنى قارا تەرگە چۆمدى... قانلىرى قىزىپ، بېشىدىن بۇس چىقىپ كەتتى. ئۇلېۋىنى چىشلەپ تۇرۇپ، شوتىنى كۆتۈرمەكچى بولدى. لېكىن كۆتۈرەلمىدى، بارلىق كۈچىنى يىغقان بولسىمۇ، ئاغرىق ئۇنى بوش قويمىدى. قانداق قىلىش كېرەك؟ تامدەك بىر ئېشەك، ئۇنىڭ كۆزىچىلا... جان تالىشىۋاتسا... توپتوغرا 500 يۈەنلىك ئۇقەت... ئۆلۈم گىردابىغا بېرىپ قالسا...

— كېلىڭ، مەن ياردەملىشەي.

كېرەم پۇرقىراپ تەر قويۇلغان كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىكتى. چاچلىرى ئۇچتەك ئاقارغان بىر بوۋاي شوتىغا گىرە سالدى. ئۇلار ئىككىسى، مىڭ بالادا ئېشەكنى تارتىپ چىقاردى. ئېشەك ئېغىر تاغ ئاستىدا نەچچە مىڭ يىل كۆمۈلۈپ ياتقان «مەبۇدە» دەك گۈۋۈنۈپ، ئېغىر پۇشقۇر-تۇشقا، قويرۇقلىرىنى شىپاڭلىتىپ، يەر تىنتىشقا باشلىدى.

— رەھمەت!

كېرەم بوۋايغا قارىدى، ناتونۇش بىر بوۋاي ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن قانداق تۇر بىر خىل مۇڭ، ھەسرەت تۆكۈلۈپ تۇراتتى.

— ئۆزلىرى...

— مۇشۇ يەرلىك، ئۆمرۈمنى مۇشۇ دەريا بويىدا ئۆتكۈزۈۋاتىمەن.

كېرەم ئۇنى كۆرگەن، ئەتىگەن كۈن قىزىلىدا، مۇشۇ ساھىلدىن يۇقىرى سۈرئەت بىلەن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، دەريا بويىدا، قاش ئۈستىدە تىك تۇرغان، چېھرى... قول-لىرى قارىداپ كەتكەن مۇشۇ بوۋاينى كۆرگەنىدى. لېكىن بۇ يەردە بىر نەچچە تال تۇغ-شەددىدىن بۆلەك، ئۆي،

تىرىلغۇ يەر ياكى ئوت-چۆپلۈك يوق، تۆت تەرەپ چەكسىز ساي، پەقەت يىراقتىلا يىقىنىنىڭ ئېگىز تېرەكلىرى قارىيىپ تۇراتتى.

بۇ سىر ئاخىرى يېشىلدى. بوۋاي ئەسلىدە بۇنىڭدىن ئون يىللار ئىلگىرى ئۆلۈپ كەتكەن ئىنىسىنىڭ بېشىغا دۇئا قىلغىلى چىققانىدى. ئۇ تۇپراق بېشىدا يىغلاپ ئولتۇرۇپ، كۈننىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى بىلمەپتۇ، قايتاي دەپ ئورنىدىن تۇرغاندا، هارۋا بىلەن ھەپىلىشىۋاتقان كېرەمنى كۆرۈپتۇ.

— ئىنىم، بەكمۇ ياۋاش، چىقىشقاق، ئىشچان ئىدى. يېرىم كېچىدە ئىككى چارەك قوناقنى يۈدۈپ، تۈگمەنگە كەتكەن، قايتىشىدا، بورانچى دەرياسىنىڭ ئۇلۇغ كەلكۈنىگە يولۇقۇپ قاپتۇ. بىر كېچە قونۇپ، سۇ تارتىلغاندا ئۆتسىمۇ بولاتتى. لېكىن... ئۆيدە، ئىڭراپ ياتقان تۇغۇتلۇق ئايالى بىلەن، چۆچۈرىدەك بەش بالىسى ئىككى كۈندىن بېرى ئاچ قالغانىكەن. ئۇ بالىلىرىنى ئويلاپ سۇغا كىرىپتۇ... دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغا بارغاندا، پۇتى تېيىلىپ يىقىلىپتۇ... شۇ يىقىلغانچە، باش كۆتۈرەلمەپتۇ... بىچارىنىڭ ئۆلۈكىنى ئىككى ھەپتىدىن كېيىن قاراقاش، ئىلچى دەرياسىنىڭ ئايىغىدىن سۈزۈپ چىقىشتى. ئەنە ئاۋۇ، ئاق تۇمان ئېسىلغان شەددە، ئاشۇنىڭ قەبرىسى!

ئىككىسى تەڭلا شەددىگە قارىدى، غېرىب، مىسكىن بىر چىراي ئۇلارغا قاراپ تۇراتتى. ئۇلارنى چاقىراتتى. ئاندىن... بورانچى دەرياسىغا غەزەپ بىلەن ئالىياتتى.

— ئاھ، بورانچى، سەن بىزگە بەخت، باغۇ بوستانلىق، شۇندىقلا ئازاب، ھەسرەت ئەكەلدىڭ.

كېرەم خىيالغا پاتتى، بوۋاي چاقنى رېمونت قىلىپ، قەلەمچىلەرنى باسقاندىمۇ، ئېشەك ساي يولىغا قاراپ

يۈرۈپ كەتكەندىمۇ خىيالدىن ئويغىنالمىدى... تۇغۇتلۇق
ئايال، نارەسىدە، بەش بالا... ئۇ ئۆز ئانىسىنى، گەمىدىكى
ئاچارچىلىق مىنۇتلىرىنى، ئەمىن ئاكىنىڭ قانغا بويالغان
چىھرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. ئاندىن، يان تەرىپىدە
سوزۇلۇپ ياتقان بورانچى دەرياسىغا قارىدى.
دەريا، سۈزۈك ئېقىن، ئۇنىڭ ھېس-تۇيغۇسىغا، ھەس-
رەتلىك بېقىشلىرىغا پىسەنت قىلمىغاندەك بۇژغۇنلايتتى.
گاھ، ساماغا چۈشكەن گۈزەل قىزنىڭ كوكۇلا چاچلىرىدەك
يېيىلىپ ئاقسا، گاھ ئۇۋۇغا ئېتىلغان يىلاندەك تولغىنىپ
ئاقاتتى... قىرغاقلارنى شاپىلاقلايتتى، دەريا بويىدىكى
دالا، دەريا ئاسمىنىدا يېيىلىپ ياتقان كۆكۈچ مانان،
بۇ يەرنى خىيالىي تۈسكە، چۆچەكلەردىكى جىن-پەرىلەر
دۇنياسىغا ئوخشىتىپ تۇراتتى. گاھى كەڭ، گاھ تار تو-
قايلىقلارنى ھاسىل قىلىپ، شاۋقۇن سالاتتى.
مىڭلاپ ئىنسانىنىڭ كۈلكىسىگە، يەنە مىڭلاپ ئىنسان-
نىڭ قايغۇ نالىسىگە ۋەكىللىك قىلاتتى. ئۆز نۆۋىتىدە،
كىشىلەر ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلغان، ئاجىز بەدەنلەر-
نى، ئوتلۇق يۈرەكلەرنى غەرق قىلغان بۇ دەريا، ھامان
بىر كۈنى ئادەملەر ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ھالال رىزقى ئۈچۈن
باغلىناتتى، پايانىدازغا ئايلىناتتى. كىشىلەر ئۇنىڭغا تۆلى-
گەن قان، بەدەل ھېسابىغا، ئۇنىڭدىن بايلىق، مەنپەئەت
قايتۇرۇۋالاتتى.
كېرەم ئېقىن ئۈستىدە سوزۇلۇپ ياتقان بىر توپ
چىغىرتماققا قارىدى. ئۇچى قۇرىغان، تۇۋى ياشىرىپ
تۇرغان بۇ چاتقال دەرەخ ئەلمىساقتىن بۇيان مۇشۇ دەريا-
غا كۆزەتچىلىك قىلىۋاتاتتى. غەربكە قاراپ سوزۇلغان
بىر تال غولى سۇ يۈزىگە تېگىپ تۇراتتى. گويا، ئېقىنغا
قارشى ئۈزۈپ كېتىۋاتقان باتۇر غەۋۋاسنىڭ كەڭ غۇلاچ-

لىرىدەك، ئېقىن يۈزىنى، دولقۇن باغرىنى، ئاق بۇژغۇنلۇق قاينامنى ئاستا سىيلايتتى، پەپىلەيتتى... ئۇنىڭ ياپراق-لىرى قىزىل نۇرغا چۆمۈلگەن سۈپىتىدە گاھ كۆتۈرۈلۈپ، گاھ چۆكۈپ تۇراتتى.

قىرغاق تۇمانلاشتى. دەريا ئاسمىنى سۇس قىزاردى. تۈن پەردىسىنىڭ رۇخسارىغا قىزىل لېپەك تارتىلغاندەك، دەريا يۈزى قىزىل قاندەك تاۋلىنىپ ئاقتى. قوش مۈڭگۈز، دۈگىلەك شار ئاستىدا، قىزىل قىرغاقنى بويلاپ، بارغان-سېرى چوڭىيىپ كېلىۋاتقان قارا چېكىت — يوقاقۇن ئوغلى ئوت دېڭىزىنى ئۈزۈپ ئۆتۈپ، ئاستا-ئاستا تۈن پەردىسى ئىچىدە كىرىپ كەلدى.

1800 يۈەن!

بۇئازپۇل ئەمەس: ئۇ ھېچقاچان مۇنداق پۇلغا ئېرىشىپ باققان ئەمەس، قىزىل قىرغاق بىلەن بىر تەن، بىر گەۋ-دىگە ئايلانغان بورانچى دەرياسى، ئۇنىڭغا يول كۆرسەت-تى، يىلدىن-يىلغا قاقاسلىشىپ كېلىۋاتقان دەريا ساھىلى، كۆز يەتمەس تاشلىق، ئالۋۇن لۆمشىپ تۇرغان قۇملۇق ساي، قۇم-بوران ئۇۋۇسى ئۇنى چىللىدى، ئۇنىڭغا جەڭ ئېلان قىلدى.

ئۇنى تەبىئەت ۋە ئۇنىڭ كەلگۈسى جەڭگە چىللىدى. ئۇ بورانچى بويىدا، سۈزۈك ئاسمان باغرىدا، قەدكۆتۈرۈش-نىڭ تۇنجى قەدىمىنى ئەنە شۇنداق باستى.

ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ قۇتلۇق قەدىمىدىن 1800 يۈەنلىك قىممەت يارىتىپ بەرگەن بورانچى دەرياسىغا قارىدى.

دەريا — بىر خىل ئىزتىراپ بىلەن يىراققا ئېقىۋاتاتتى.

# قىزىل شەمشەر، ئاقار يۇلتۇزلار

تىنىق ئاسمان، يۇلتۇزلار ھەممە يەردە شوخ جىمىر-
لايدۇ. ئاسمان بوشلۇقىنىڭ چەكسىز قوينى، نۇر دۇنيا-
سىغا ئايلانغان. سامانيولىنىڭ ئاقۇچ تۇمانلىرى، نۇر
كەلكۈنى، بورانچى دەرياسىنىڭ زۇمرەت كۆكسىگە تۆكۈلۈپ،
دەريا يۈزىدە سۇس ئاقۇچ بىر دۇنيانى، ئەينەكتەك
جىمىرلاپ تۇرغان خىيالىي بىر مەنزىرىنى بارلىققا
كەلتۈرگەن.

دەريا سۈيى غايەت زور قىزىل شەمشەرگە ئايلىنىپ،
تەبىئەتنىڭ قاراڭغۇ كۆكسىنى تىلىدى. ماگمىدەك چاقناپ،
باياۋان قوينىدا تىپتىنىچ ئۇخلاپ ياتقان تاشلىق
سايىنى كۈندۈزدەك يورۇتۇۋەتتى. قەدىمىي دەريا، قەدىمىي
قىرغاق، قەدىمىي شاۋقۇن ئەلمىساقنىڭ بويۇنتۇرۇقلى-
رىنى بۇزۇپ تاشلىدى. سان-ساناقسىز قىزىل نۇر ئاس-
تىدا جىمىرلاپ ياتقان قەدىمىي ماكان، تراكتور ماتورى،
ئادەملەرنىڭ ئېغىر قەدەملىرى، ئەمگەك قىزغىنلىقىدىن
تىترەپ ئويغاندى.

دەريا، رەھىمسىز ئېقىن، ئەسلىدىنلا تەبىئەتكە خوجا-
يىنلىق كۈچىنى كۆرسىتىپ، باغۇ ئېرەملەك ئالتۇن
تۇپراقنى يالماپ، قاقاسلىققا ھامىي بولۇپ كەلگەن
شىددەتلىك كەلكۈن، بۈگۈن ئۆز يۆنىلىشىنىڭ، ئۆز
كەچمىشىنىڭ، ئۆز خاھىشىنىڭ تامامەن ئەكسىچە بولغان
يېڭى تەھدىتكە دۇچ كەلدى. بەڭباش كەلكۈن، رەھىمسىز
قاينام ئۈستىدە ئات چاپتۇرۇپ كەلگەن تەبىئەت مۇئەك-
كىلى، ئۆز قولىدىكى تىزگىنىنى، يوقاقۇنىنىڭ ئاددىي پۇق-

راسى، ئاددىي دېھقانلىرىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە مەجبۇرلانغانلىقىنى ئەسلا ئويلىمىغانىدى. بۈگۈن، يوقاقۇن ئەزىمەتلىرى دەريا ئۈستىگە باستۇرۇپ كەلدى. ئۇزۇن يىللىق تارىختا ئىگە قىيان سۈيىنىڭ لاي - لاتقىلىرى بېسىپ ياتقان مۇنبەت زېمىننى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن تەبىئەتكە جەڭ ئېلان قىلدى.

ماي ئېيىنىڭ دەھشەتلىك كەلكۈنى بىلەن، ئەسىرلەردىن بېرى تەقدىرگە تەن بېرىپ كەلگەن يوقاقۇنلۇقلارنىڭ كەتمەن - گۈرجەكلىرى، دەل دەريا قىنىدا، كەلكۈن مەۋسۇمىدا ئۇچراشتى. ئادەملەر دەريا ئاستىنى قېزىپ، ئېگىزلىكى ئۈچ مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 200 مېتىر كېلىدىغان تاش دامبا ياساپ، كەلكۈننىڭ ئۇزۇنغا سوزۇلغان غۇلاچلىرىنى يىغىۋالدى. ئاقار يۇلتۇزدەك تەخىرسىز، شوخ، ئويناق ئېقىن، ئىككى ياندىن قىسىلىپ، مۇستەھكەم قورغان ئالدىدا توگمەن تېشىدەك پىرقىراشقا باشلىدى. ئىلگىرى، قورام تاشلارنىڭ سۇ ئاستىدا دومىلاپ، تاغدەك ھەيۋە قىلىشىدىن تىترىگەن زېمىن، مانا ئەمدى، تراكتورنىڭ ھوشسىزلاندۇرغۇچى بېسىم كۈچى ئاستىدا خۇدىنى يوقاتتى. تۆمۈر چاق، پولات تاپان، پولات چىش، پولات مۈڭگۈز يەرنىڭ ئويۇلتاشتەك مەزمۇت گەۋدىسىنى پارچە - پارچە قىلىۋەتتى. دەريا تېگىدىكى قورام تاشلار، تاش - شېغىللىق قېلىن لاي ئاستىدا، مەڭگۈ ئويقۇغا پاتتى.

1987 - يىلىنىڭ ياز ئاخشىمى.

بورانچى دەرياسى بويىدا، ئالتىنچى دامبىمۇ سوقۇلۇپ بولدى. پۈتۈن بەدىنى قارا تەرگە چىلاشقان بىر توپ ئادەم، ئېقىن تېگىدىن لاي سۈزۈپ، قاشقا - دامبا ئۈستىگە ئاتاتتى. كىمدۇر ئۈچلۈق مېتىن بىلەن دەريا قىنىنى «گۈس - گۈس» قىلىپ تىلاتتى. دەل شۇ چاغدا بىر قولىدا

پەنەر، يەنە بىر قولىدا داستىخان كۆتۈرۈۋالغان ئانىسىنەخان دەريا قىرغىقىدا پەيدا بولدى:

— يىگىتلەر، قورساقىمۇ ئاچقاندۇ، قاشقا چىقىپ چاي ئىچىۋېلىڭلار.

داميا ئالدىدا پاتقاق كېچىپ ئىشلەۋاتقان كېرەم ئىمىن ۋە ئۈنىڭ ھەمراھلىرى ئىشتىن بېشىنى كۆتۈردى. پەردىشتىدەك ئىللىق مۇئامىلىلىك ئايال قىرغاق ئۈستىدە ئۇلارنى كۈتۈپ تۇرغانىدى. مەيىن شامال، كېچىنىڭ ئۆزگىچە خاس لاتاپىتى ئۈنىڭغا ھۆسن قوشقانىدى. يەلپۈنۈپ تۇرغان ئېتەكلەر، دەريا شاۋقۇنى، تىك تۇرغان قامەت، ياش يېزا ئايالىنى يەنىمۇ سۇمباتلىق قىلىپ كۆرسەتتى.

قىرغاق بىردىنلا جانلىنىپ كەتتى.

يىگىتلەر يېڭىباشتىن غەيرەتكە كەلدى. چېھرى، كىيىملىرى، چىلىق - چىلىق لاي ۋە ھۆل بولۇپ كەتكەن بۇ ئەزىمەتلەر داميا سوقۇش ئەمگىكىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىنى ئورۇنداۋاتاتتى. ئالدىنقى يىلى ئۈچ - تۆت داميىنى سوقۇش جېڭىدە سۈرئەت قوغلىشىپ، داميا ئۇلى، يانتۇلۇقى پۇختا، چىڭ بولمىغانلىقتىن، ئىككى ھەپتە ئۇخلىماي قېزىلغان نەچچە مىڭ كۇب مېتر تۇپا بىر قېتىملىق ئەگىز سۈيىنىڭ كۈچىگە بەرداشلىق بېرەلمەي، يار ئېلىپ كەتكەنىدى. كېرەم ۋە ئۈنىڭ ھەمراھلىرى ھارۋا - ھارۋىلاپ شاخ - شۇمبا، ئوت - سامان، ھەتتا كىگىز - تاغارلارنى، يوتقان - كۆرپىلەرنى بېسىپمۇ، يار ئېغىزىنى توختىتالمىغانىدى. بۇ ئاچچىق ساۋاق كىمنىڭمۇ يادىدىن كۆتۈرۈلسۇن؟

پەيت — ھايات دېمەكتۇر. پەيت — ھاياتلىقنىڭ مۇھىم تۈگۈنى. مۇز قىشتا توڭلايدۇ، مېۋە، يازدا پىشىدۇ. ئادەم، ۋاقتى - سائىتىدە كۆز ئېچىپ، ۋاقتى - سائىتىدە كۆز

يۇمىدۇ. ھەممە نەرسىنىڭ سىپى، كېلىش مەنبەسى بولىدۇ. دەرەخ يىلتىزى بىلەن، دەريا قار - مۇز بىلەن، زېمىن ئادەم بىلەن مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. لاي ئېقىشمۇ ۋاقىت، پەيت بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىش. بورانچى دەرياسىنىڭ كەلكۈن مەۋسۇمى، دەل يوقاقۇن دېھقانلىرى-نىڭ ئالدىراش پەيتىگە، باھار پىلىسى بىلەن ھەپىلىشى-ۋاتقان قاتلاڭچىلىقلىرىغا توغرا كېلىدۇ. مۇنداق چاغلاردا، ۋاقىت — ئالتۇندىنمۇ قىممەت. پىلە قۇرتى دېگەن نەرسە «توختاپ تۇر» دېسە كۈتمەيدۇ. دېھقانلار قۇرتقا ئوزۇقلۇق تەييارلاشتا، ئۆلۈكتىن ئالقان سورىغۇدەك ئالدىراش ئىشى-لەيدۇ. يەنە كېلىپ، كەلكۈننىڭ تازا دەۋر سۈرىدىغان ۋاقتى ئۈچ ئايدىن ئاشمايدۇ. مۇشۇ چاغدىلا، بورانچى دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقى، كېچە - كۈندۈز سۇ ئاقىدىغان «شاللىق»قا ئوخشىشىپ قالىدۇ. ئېتىزمۇ، ئېرىقمۇ، يوللارمۇ سۇغا غەرق بولىدۇ.

كېيىن ئىسمىن، مۇشۇ كەلكۈننى تىزگىنلەپ، بوز يەر ئېچىش ئۈچۈن بەش يىل يەڭ تۈردى. ئۆزى باش بولۇپ، لاي - پاتقاقلارغا پۇچىلاندى. يوقاقۇندىن 250 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى گوما ناھىيىسىدىن توپا ئىتتىرىش ماشىنىسى، تۆمۈر تاپان كەلتۈرۈپ، بىنەم ئېچىشنىڭ ئاساسىنى قۇردى. كۈچ تەشكىللەپ، بورانچى دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى-دىكى قوم - باياۋاندىن ئېرىق تارتتى، بارخانلارنى يىقىتىپ، دەرياغا لاي ئاقتۇردى. ئېقىپ كەلگەن قۇم - لاتقىلارنى يوقاقۇن ۋادىسىدىكى داميا ئارقىلىق، تاشلىق سايغا چىقىرىپ، تېرىلغۇ كۆلەم ئەھيا قىلدى. ھالقىلىق پەيت-لەردە، ئاچلىق، ئۇسسۇزلۇق، ھارغىنلىققا چىداپ ئۆتتى. غەرق بولۇشتىن، زەخمىلىنىشتىن قورقۇپ قالماي، بۇلدۇقلاپ تۇرغان قايناملارغا، دائىما ئاستىغا شۇڭغۇدى. ھېرىپ-

ئېچىپ، ھالىدىن كەتسىمۇ جەڭدىن قايتمىدى. ئۇنىڭ نەزەرىدىكى «بەخت» چۈشەنچىسى، مانا مۇشۇ خىل ئېغىر ئەمگەكتىن، تەر تۆكۈشتىن ھاسىل بولغانىدى. گەرچە بۇ تارىخىي رىۋايەتلەردە كۆرمىڭ قېتىم سۆزلەنگەن، نوپۇز-لۇق كىتابلاردا، ئەجايىپ قەھرىمانلارنىڭ ئېتىقادىغا ئاي-لانغان، گېزىتلەردىكى باش ماقالىدىكىدەك دەبدەبىلىككە ئىگە مودا سۆز بولسىمۇ، ئۇ ھامان، دېھقانچە ئاڭ، دېھقانچە خاھىش، دېھقانچە تۇرمۇش لەززىتى، دېھقانچە غايە، خىيالدىن ئايرىلالمايتتى.

— قىرغاققا چىقىڭلار!

كېرەم ئىمىن قايتا-قايتا دەۋەت قىلدى. ئاخىرى ئۆزى باشلامچىلىق بىلەن قىرغاققا چىقتى. باشقىلارمۇ بىردىن-ئىككىدىن بولۇپ، قاش ئۈستىگە ياماشتى. كېچە ئاسمىنى يىراق-يىراقلارغا نەزەر تارتىپ تۇراتتى. تۈن خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغان بولسىمۇ، دەريا شاۋقۇنىغا قوشۇلۇپ، سەلكىن ھاۋا ئەگىپ يۈرەتتى. تاڭ خورازلى-رىنىڭ سوزۇق ئاۋازى يوقاقۇن ئاسمىنىدا چاقناپ تۇرغان يۇلتۇزلارغا جور بولۇپ، گۈزەل بىر تاڭدىن، يورۇق بىر ئەتىدىن شەپە بېرەتتى. گۈزەل بىر كېچە، گۈزەل بىر تاڭغا گىرەلىشىپ كەتكەنىدى.

بۇ — نەقەدەر جىمجىت كېچە-ھە!

— يۈرۈڭلار، پالتا چۈشكىچە كۆتەك ئارام ئاپتۇ دېگەن گەپ بار. بىز چاي ئىچكۈچە، دەريا ئارامخۇدا ئۇخلىۋالسۇن!

يىگىتلەر قىرغاقتىن يۈرۈپ كەتتى. ئالدىدا، يۈزلىرى لاي چاچرانىدىلىرى بىلەن تونۇغۇسىز بولۇپ كەتكەن كېرەم ئىمىن، قولچىراغىنىڭ شولىسى ئارىسىدا گۈس-گۈس دەس-سەپ باراتتى. ئۇنىڭ تۈرۈۋېتىلگەن پۇچقاقلىرى ئاستى-

دىكى بۇلجۇڭ گۆشلىرى تاشتەك قاتقان، پەيلىرى دەريا بويىدىكى ئوق يىلتىزدەك بۆرتۈپ چىققانىدى.

ئۇلار تاشلىق سايىنى كېسىپ ئۆتۈپ، بورانچىنى بويلاپ ئون مىنۇتتەك ماڭغاندىن كېيىن دەريانىڭ كۈن-چىقىش قىرغىقىدا قارىيىپ تۇرغان گەمىگە يېتىپ كېلىشتى. يىگىتلەر ئولىشىپ، داستىخاننى چۆرىدەشتى:

— ياھ سۈتلۈك چاي، ئىسسىق نان، مانا گۆشمۇ بار ئىكەن. جاننىڭ راھىتى دېگەن شۇ-دە!

كېرەم ئىمىن پۇچقاقلىرىنى چۇشۇرۇپ، مۇزدەك دەريا سۈيىدە يۈز-كۆزلىرىنى يۇغاندىن كېيىن، ئېڭىشىپ گەمىگە كىرىپ كەلدى.

— ۋاھ، قاراڭلار، جاننىڭ راھىتىنى سىلەر ئەمەس، مۇنۇ لاغاي ئاپتۇ-دە!

ھەممەيلەن كۈلۈشتى، توختاخۇن ماي چېلەكنى بېشىغا ياستۇق قىلىپ، خورەك بىلەن چېلىشىۋاتاتتى. خورەكنىڭ كۈچىدىن گەمە تىترەپ، شۇرقىراپ توپا قويۇلاتتى. خورەك تازا ئەۋجىگە ... چىققاندا، ئۇنىڭ دېمى كېسىلىپ، يۈزلىرى قىزىراتتى ... گاھ-گاھ بارماقلىرىنى سوزۇپ، يېلىڭ ئىشتان ئىچىدىن كاسىسىنى قاشلاپ قوياتتى.

— پاھ، خورەكچىنىڭ پادىشاھى، بىزنىڭ يوقاقۇندا ئىكەن-دە! خۇددى دەرياغا كەلكۈن كەلگەندەك ...

يىگىتلەردىن بىرنەچچىسى توختاخۇن بىلەن كۈچ سىناشماقچى بولغاندەك، خورەككە جور بولدى:

— بولدى قىلىڭلار، ئۇ قانچىلىك ئۇخلىسا ئۇخلاۋەرسۇن، ھېلىمۇ تۆت كېچە-كۈندۈز ئۇيقۇسىز، تراكتورنىڭ تا-تالاشلىرى پاك قىلىۋەتمىدى ئۇنى.

كېرەم ئىمىننىڭ سۆزلىرى بىلەن يىگىتلەر داستىخانغا تۇتۇشۇپ كەتتى.

تراكتور ماتورى تېخى ئۆچمىگەنىدى. قىرغاقتا يېقىنلاپ قالغان توپا ئىتتىرىش سوقىسى خۇددى گەمە ئۈستىدىن ئۆتۈۋاتقاندەك ئېغىر گۈرۈلدەيتتى ... يەر ئېغىر ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ تىرلغىناتتى.

— قېنى، ھېمىتكا، ھېلىقى ھېكايەڭنىڭ ئاخىرىنى دېمەمسەن؛

— خەپشۇك!

ھېمىت بوۋاي قولىدىكى بىر بۇردا ناننى يۇزلىرى مايلىشىپ، تونۇغۇسىز بولۇپ كەتكەن تراكتورچى يىگىتنىڭ ئېغىزىغا چىشلەتتى:

— بىزدە، ئاش ئۈستىدە تولا گەپ قىلغانىنىڭ يەرلىكى تۆشۈك! دېگەن ھېكمەت بار. ئاۋۋال غىزالىنايلى، ئاندىن دېسەكمۇ كېچىكمەيمىزغۇ!

— بەرىبىر، بوۋا، سىزنىڭ ئويلايدىغىنىڭ، يەنە شۇ يەرلىك!

— ھىم، — بوۋاي نارازى بولدى، — ئۇنداق دەپمۇ كەتمە، ئۇكا، دەرياغا غەرق بولغان ھېلىقى قىز سىزنىڭ مۇشتۇمۇڭچىلىك بالا ئىدى. ئۆلۈم دېگەن ياش - قېرىغا باقمايدۇ. پادىشاھمۇ، گادايمۇ ھامان بىر كۈنى ئۆلىدۇ، ئۇنىڭدىن ھېچكىم قۇتۇلالمايدۇ.

— بەللى، بەللى، سەن قاقباش قېرى، كەلگۈن ئالدىدا چوڭ دەرەختە چىقىشۋاپسەنكەن - دە!

— ھەي، ئاغىنىلەر، ھازىر ئۆلۈمنى ئويلايدىغان چاغ ئەمەس، بەلكى ئوغۇل بالىدەك ياشايدىغان چاغ، تولا تەگەشمەڭلار.

كېرەم ئەمىننىڭ ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن دېگەن بۇ «تەنبىھلىرى» ھەممەيلەنگە تۈرمىد بېغىشلىدى. ھەممەيلەن كەچۈرۈم سورىغاندەك قىياپەت بىلەن ھېمىت بوۋايغا

تارتتى. بۇۋاي نېمىنىدۇر رازى بولغانىدەك، بۇرۇتلىـ
رىنى تاراپ، كۈلۈمسىرەپ ئولتۇراتتى.

— مېنىڭچە، مۇنداق بولسۇن، — ئامىنەخان سۆز قىستۇردى، — بۈگۈن يامغۇرنىڭ شەپىسى باردەك قىلىدۇ. مۇبادا قاتتىق يامغۇر يېغىپ كەتسە، دەريادا سۇ كۆتۈـ رۈلۈپ قالىدۇ. نەچچە ۋاقتتىن بېرى قىلغان ئىشىمىز سۇغا چىلىشىدۇ. ھازىرچە، ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ ئىشلەڭلار. بىر گۇرۇپپا ئىشلىسە، يەنە بىرى دەم ئالسۇن، ئىشمۇ، دەم ئېلىشمۇ جايىدا بولسۇن ... سىلەرچە ... مۇشۇنداق قىلساق بولارمۇ؟

— بولىدۇ، ئىشمۇ توختىمىسا، ھاردۇقمۇ چىقسا ياخشى ئەمەسمۇ؟

كېرەم كۈلۈمسىرىگىنىچە چاي ئىچىپ ئولتۇراتتى، زېرەك ئايال ئامىنەخاننىڭ مۇشۇنداق يېرىم كېچىلەردىمۇ، گەمدە غىزا تەييارلاۋاتقىنى بىر ئىش، مۇھىمى، ئىشنىڭ ئېپىنى بىلىشىگە ھەۋەس قىلاتتى. ئۇ ئايالغا نېمىنىدۇر دېمەكچى بولدىيۇ، توختاخۇننىڭ چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇشى بىلەن، ھەممەيلەن چۆچۈپ كېتىشتى.

— بولدىلا، بۇ يەردە چۈشەكەپ ياتقاندىن كۆرە، تراكتورچىلارغا ئۆزۈملا ھەمراھ بولاي.

ھەممەيلەن پاراققىدە كۈلۈشتى. «مۈڭگۈز ئارىسىدىكى مۇھەببەت» تىللاردا داستان بولۇپ يۈرگەن يوقاقۇندا، كېرەمنىڭ ئائىلىسىگە، ئۇنىڭ ئەقىل كۆزىگە، تىرىشچانـ لىقىغا چوقۇنۇشتىن بۆلەك، قىزىل قىرغاق توغرىسىدىكى ئەسلىمىلىرىگە قىزىقىدىغانلار — دەل مۇشۇلار، يوقاقۇن ياشلىرى ئىدى. بەش يىلدىن بۇيانقى داۋاملىشىۋاتقان بۇ «دەريا توسۇش» جېڭى كېرەم ۋە ئۇنىڭ تەك دېمەتلىك

لەرنى چوڭقۇر چۈشىنىش، ئۆزئارا كۆيۈنۈش مۇناسىۋىتىگە
باغلىغانىدى. يىللار، ئايلار، كۈنلەر... ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا
كۈچلۈك بىر سەزگۈنى — ئورتاقلىقنى شەكىللەن-
دۈرگەنىدى.

توختاخۇن پۈتۈن ناندىن بىرنى توغرا چىشلىگىنىچە، تايتۇڭلاپ مېڭىپ، گەمىدىن چىقىپ كەتتى... ھايال ئۆتمەيلا، ئىشىكتىن بېشىنى تىقىپ كۈلۈمسىرىدى:

— مەن مىنگەن توپاقنىڭ مۈڭگۈزى قالدى، ئۇنىڭغا چېقىلماڭلار.

ئامىنەخان كېرەمگە لاپ قىلىپ قارىدى، ھېچكىم ئۇلارغا دىققەت قىلمىسىمۇ، كۈلمىسىمۇ، ئۇلارنىڭ يۈزلىرى كەچكى شەپەق تۈسىنى ئالدى. ئارىنى سۈكۈنات، جىمجىتلىق قاپلىدى، ئامىنەخان چەينەكتىكى دەملەنگەن چاينى قايتا-قايتا سورۇيتتى. كېرەم بولسا ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قارايتتى.

ئۇلار — بەش يىللىق مۇشۇنداق ئالدىراشلىق بىلەن ئۆتكۈزدى، بىرى باللارغا، ئەمەك بولۇپ، ئائىلىنىڭ پۈتكۈل قاتلاڭچىلىقىنى زىممىسىگە ئېلىش بىلەن، بىرى، بورانچى دەرياسىنىڭ رەھىمسىز كەلكۈنلىرىنى تىزگىنلەش بىلەن بولۇپ كېتىپ ئائىلىۋى تۇرمۇشنىڭ نۇرغۇن يوسۇنلىرى، قاتلاملىرى ئارمان بىلەن سۈغىرىلدى.

كېرەم بورانچى دەرياسى ئۈستىگە قوشۇن تارتىپ كەلگەن كۈندىن بۇيان، ئۇلار بىرەر قېتىممۇ ھەمداستىخان بولۇپ، باللارنىڭ، ئۇرۇق-تۇغقانلارنىڭ كۆزىچە مۇڭداشمىدى... ئامىنەخان، بەدەنلىرى تولۇق، يەلكىسى كەڭ، بەستىدىن كۈچ تېمىپ تۇرغان خۇشچاقچاق ئېرىنى كەمدىن كەم كۆرەتتى، كەمدىن كەم ئۇچرىتاتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا زاھىر بولىدىغىنى، ئىلگىرىكى جەسۇر كۆز-

لەرگە قەتئىيلىك قوشۇلغان، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ، ياڭاق
سۆڭەكلىرى بۆرتۈپ چىققان، ئالقانلىرى يېرىلىپ،
تارىشىدەك قاتقان ئاددىي بىر دېھقان ئىدى. ئۇنىڭ كۆز
ئالدىدا پەيدا بولىدىغىنى، پۇچقاقلىرىنى، يەڭلىرىنى
تۈرۈپ، بىردەممۇ تىنىم تاپمايدىغان كېرەم ئىدى.

بىراق دەرياغا كىرگەندە، چۆكۈشتىن، ئوتقا
دەسسىگەندە، كۆيۈشتىن قورقماسلىق كېرەك ئىدى.
ئۇلار بورانچى دەريانىڭ يۈگەنسىز ئېقىنىنى تىزگىنلەپ،
دەريا قېتىدىكى بىپايان چۆللۈك، قاقاسلىقنى بىنەمگە ئايلاندۇ-
رۇشقا بەل باغلىغان مۇشۇ مىنۇتتا، ھەممىنى قىلىشقا، ھەممىنى
قۇربان قىلىشقا توغرا كەلدى. ئاي شولىسىدەك يېيىلىپ
ياتقان قۇملۇقلارنى، كۆچمە بارخانلارنى يېرىپ لاي ئېقە-
تىش، چويۇندەك قاتتىق تاش دۆۋىلىرىنى قېزىپ، دامبا
سوقۇش... ئادەم تېنىنى ئۆپرىتىدىغان قاتتىق ئەمگەك ئىدى.
كېرەم ئۆزى باش بولۇپ، بەزىدە تىزىغىچە، گېلىغىچە لاي
كېچىپ ئىشلەيتتى، تاماق ئۇزۇلۇپ، ھالىدىن كەتسىمۇ، كەل-
كۈننىڭ كۈچلۈك قاينىملىرى شىددەت بىلەن ئۇرۇلسىمۇ،
سوغۇق سۇ يىلىككە چىققۇلىسىمۇ دەريادىن ئايرىلمىدى.

مانا بۈگۈن ئالتىنچى دامبا سوقۇلۇپ پۈتەي دەپ قالدى.
يىگىتلەرنىڭ غەيرىتى ئاشقان بولسىمۇ، بىر ھەپتىدىن بۇيان
جان پىدالىق بىلەن ئىشلىشىۋاتقانلىقىنى نەزەرگە ئالماي بولمايتتى.
شۇ سەۋەبتىن، ئامىنەخاننىڭ «ئورۇنلاشتۇرۇشى» ئەقىلگە
مۇۋاپىق دەپ قارىلىپ، كېرەم گەمىدە قالدى.

ئارىدىن خېلى كۈنلەر ئۆتتى.

كىشىلەر، ئېچىش، پايدىلىنىش قىممىتى يۇقىرى
بولغان بىر پارچە يەر، ئالتۇن تۇپراقنى ئەمدىلەتتىن
كۆرۈۋاتاتتى. قەد كۆتۈرۈش، بېشىنىڭ ئىسسىق ئۆپۈشلىرىنى،
بايلىق ئىلاھىنىڭ مەغرۇر كۆزلىرىنى ئەمدىلەتتىن باقاۋاتاتتى.

قىزىل شەمشەر، ئاقار يۇلتۇز — ئۇلارغا زېمىن، گۆھەر، بايلىق ئاتا قىلىشۋاتاتتى.

## باھار يامغۇرى ۋە زېمىن

**گېزىت خەۋىرى:**

«بورانچى دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنى باھار تۇسىگە كىردى. 56 مىڭ مو تېرىلغۇ يەر 9600 ئەمگەك كۈچىگە ئىگە خانىۋېرىق يېزىسى يېپيېڭى قىياپەت بىلەن مەيدانغا چىقتى. ئىسلاھاتتىن ئىلگىرى پۈتكۈل تېرىلغۇ يەرنىڭ 60 پىرسەنتتىن كۆپرەكى شورداڭ، زەيكەش ۋە قۇملۇق بولغانلىقتىن، ئاشلىق مەھسۇلاتى تۆۋەنلەپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمى 30 يۈەندىن ئاشماي كەلگەن. 3-ئومۇمىي يىغىننىڭ دەسلەپىدە 70 — 80 يۈەنگە كۆتۈرۈلگەن. 1991-يىلى يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىم 484.72 يۈەنگە يېتىپ، تارىختا يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلغان. ئاتالمىش «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» نىڭ بوران-چاپقۇنلىرىدا، سىياسىي كۈرەشنى تەكىتلەپ، ئىشلەپچىقىرىشنى تۇتىدىغان ئادەم بولمىغانلىقتىن، تەرەققىيات بولمىدى، يەنە كېلىپ يەرلەر ئۈنۈمسىز، تۇپراق تەركىبى ناچار بولغانلىقتىن، ئاشلىقنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى 120 — 170 جىڭ بولغان بولسا، 1992-يىلى 657 كىلوگرامغا يېتىپ، ھەربىر نوپۇسقا 1212 جىڭ نورما توغرا كەلگەن.»

باھار يامغۇرى ياغدى. يوقاقۇن سىلكىنىپ ئويغاندى. ئۈستىدىكى چاڭ-توزانلار پاك-پاكىز يۇيۇۋېتىلگەن

سەھەرا ئاسمىنى ساپ، غۇبارسىز، ھالەتتە يېنىك تىن ئالىدى.

بورانچى دەرياسىنىڭ ئەگىز سۈيىمۇ، كۆز كۆنلىرىگە ئوخشاش زۇمرەت تۈسىگە كىردى. دەل - دەرەخلەر، ئوت-چۆپلەر بورانچى بويلىرى يامغۇردىن تارىنىپ، يېڭىلا يۈز ئاچقان نۇرانە كۆزلەردەك يالتىراپ كەتتى. باغلار خۇشھىد تارقىتىپ، يىراقتىكى قۇشلارنى ئىللىق قوينىغا چىللاپ كەلدى.

باھار ئەتىگىنى!

كۆزلىرى سەھەر يۇلتۇزىدەك پىلدىرلاپ قالغان توختاخۇن، شالاڭ چىشلىرى ئارىسىدىن ئىسقىرتقان ھالدا ئۆز شاپائەتچىسىنىڭ يېنىدا پەيدا بولدى.

— ئېيتىۋاتقىنىڭ نېمە ناخشا ئۇ!

قىر ئۈستىدە زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ خىيالغا پاتقان كېرەم، بېشىنىمۇ كۆتۈرمەستىن سوراپ قويدى.

— مۈڭگۈز ناخشىسى، ئۇكا، شۇنىمۇ بىلمەمسەن؟

— ھىم، مۈڭگۈزدىنمۇ ناخشا چىقامدىكىن!

— تولا خۇپسەنلىك قىلما، سەن ئۆزۈڭ ئېيتقان ناخشىلارغۇ بۇ. مانا ئەمدى، چۈمۈلىمۇ دەسسىمەيدىغان زەيكەشلىكتىن ئىككى قاتلاپ ئاش ئالغىنىڭنى كۆرسە، مۈڭگۈزدېگۈل، تىرناقتىنمۇ ناخشا چىقىدۇ.

كېرەم بېشىنى كۆتۈرۈپ توختاخۇنغا كۈلۈمسىرىدى:

— ۋاھ... شەيتان لاغاي، ئاشۇ ئىشنى تېخىچىلا ئاسمانغا ئېتىپ يۈرىسەن - دە!

ئۇ، قىزىل قىرغاقنى، قوش مۈڭگۈز ئارىسىدىكى سېھىرلىك كۆزلەرنى بىر كۈنمۇ ئۇنتۇيالمايتتى. مەيلى ئۇ ئالدىراپ يول يۈرۈۋاتقان، ياكى غىزالىنىۋاتقان بولسۇن، ياكى راھەتبەخش ئۇيقۇسىنىڭ ئىشقى داستانلى-

رنى يېزىۋاتقان، دوستلىرى، قوۋم - قېرىنداشلىرى بىلەن سۆھبەت قۇرۇۋاتقان بولسۇن، ھامان ئاشۇ نازۇك شىۋىرلاشلار ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە، كۆز قارىچۇقى ئىچىدە پەيدا بولاتتى. شۇئان ئۇ، ئەركىن، يۈگەنسىز بىر ئاتقا جەك ئېتىغا ئايلىناتتى. تاكى ئايالى ئامىنەخان بىلەن بىر ياستۇققا باش قويغاندىمۇ، ئاشۇ سىما، ئاشۇ شىۋلا، قىزىل دەريا، قىزىل ياپراقلار ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن كەتمەيتتى.

سەگەك توختاخۇننىڭ سىنچى كۆزلىرى، كېرەم ئەمىنىنىڭ ئۆزىگە ئايدىڭ پىنھان خىيالىنى ئاللىبۇرۇن كۆرۈۋالغانىدى. ئۇنىڭ نەزەرىدە «پىچاق بىلەن ئويىۋېتىپ تاشلىغىلى بولمايدىغان» بۇ تۇرمۇش «دېغى» كېرەمنىڭ ھەرقانداق يوشۇرۇن سىرىنى، سەزگۈسىنى كۆرۈۋېلىشنىڭ «يوچۇقى» ئىدى. مۇشۇ يوچۇق ئارقىلىق ياش كېرەم بىلەن چوڭقۇر مۇڭداشقىلى، سىرداشقىلى قېيىن مەسىلىلەر ئۈستىدە باش قاتۇرغىلى بولاتتى.

— ئۇكام كېرەمئاخۇن، — ئۇ ئاجىز پۇتلىرىنى يۆتكەپ، قىر ئۈستىگە سۇرۇلدى، — راستىنى ئېيتسام، بۇ ئىشلارنى ھېچ چۈشىنەلمىدىم. ياخشى كۆڭۈلنىڭ يامىنى كەلسە، مۇشۇ تاغار - تاغار ئاشلىقلار ئۈستىمىزنى بېسىپ، تۇنجۇقتۇرۇپ قويارمىكىن دەيمەن... ئۇ چاغدا، قۇمقايغاننىڭ پاشىلىرىمۇ ئاچ قالمايدۇ... بىراقلا تۈگىشىمىزمىكىنتاڭ!

— توختىكا، بىر ئەسىرلىك ياشقا كىردىڭ، كىچىك بالىدەك، نېمىلەر دەپ يۈرىسەن؟ يەر بىزنىڭ، زېمىن بىزنىڭ، ئاستىمىزدا يەر، ئۈستىمىزدە كۆك تۇرۇپتۇ. نېمىدىن قورققۇلۇق؟

— مۇشۇ يەرلەر، مۇشۇ قىرلار، مۇشۇ ساپان-بوغۇزلار ئىلگىرىمۇ بار ئىدى. ئەمما زە!

— چۈنكى بىز ئۇ چاغدا، ئۆزىمىزنى دېھقان دەپ يۈرگىنىمىز بىلەن تېرىقچىلىقنىڭ ئىلمۇتەلىمىنى بىلمەگەنىكەنمىز، يەرگە ھەيۋە قىلىپ، ئۆزىمىزنىڭ تەڭداشسىز كۈچ ئىكەنلىكىمىزنى كۆز-كۆز قىلغانىكەنمىز، ئىشلەشنىلا بىلىپ، ئىشنىڭ ئېپىنى بىلمەسلىك، بىر ھاماقەتلىك. مېنىڭ جۇۋازخانىدا پىرقىرىشىم، سېنىڭ كۈنجۈرە يېيىشكە مەجبۇرىي بولۇشۇڭنىڭ سەۋەبىمۇ، دەل شۇ ھاماقەتلىك... قارا، بۈگۈن سىياسەت كەڭ قويۇپ بېرىلدى. ئېتىزلىرىمىزغا جان كىردى. نېمە قىلاي، نېمە دەي دېسەڭ، تىلىڭ، پۈتۈڭ باغلاقلىق ئەمەس، يەرگە قانچىلىك كۆپ ئېگىشسەڭ، تەر تۆكسەڭ، يەرمۇ ساڭا قۇرۇق قول قايتۇرمايدۇ، ھوسۇل ئالاي دېسەڭ، ئىشلە، ئىشلىگەندىمۇ، پەم بىلەن، راستچىللىق بىلەن ئەجىر قىل. مانا سەن، نېمىدىن قورقاتتىڭ، ئىشەنمىسەڭ، ماڭا قارا، بۇ يىل يوقاقۇندا تاغ ياسايمىز!

تۇختاخۇن گاڭگىراپلا قالدى. ئۇ ئۆز كۆڭلىدە ئويلىغان، لېكىن مۇۋاپىق تىل بىلەن تەسۋىرلىيەلمىگەن يۈرەك سۆزلىرىنى، باشقا بىراۋدىن ئاڭلىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدى پاللىدە يورۇغاندەك، مېڭىسىگە ئىسسىق بىر ئېقىم يۈگۈرگەندەك بولدى. توۋا... يوقاقۇننىڭ لاي سۈيىنى ئىچىپ، سېرىق زاغرىسىغا كېكىرىپ يۈرگەن دېھقان بالىسى، نېمىلەرنى دەپ كەتتى-ھە!

كېرەم — ئۇنىڭغا ئىسسىق، رايىش كۆرۈندى. گويا تىلسىماتتەك، قىزىرىنىڭ سۆڭەكسىز قوللىرىدەك سەزگۈ بەردى. ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋلىرى ئىچىدە، قوپال، باغلاشمىغان يېزا شىۋىسى ئەمەس، ئاتموسفېرانى يېرىپ

ئۆتكەن رادىئو دولقۇنلىرىدەك يېقىملىق بىر ئاۋاز جاراڭلاپ تۇراتتى. ئۇ، ئالىقانلىرىغا قاراپ باقتى. دەرۋەقە ئىككىلىك خەت بېسىلغان گېزىت ياكى مۇقاۋىسى سىدام «قىزىل دەستۇر» يوق ئىدى. ئۇ غايىبتىن ۋەھىي ئاڭلاۋاتاتتى. قۇلاقلىرى قىزىشىپ، پۈتۈن ئەزايى ئوت بولۇپ ياناتتى.

— پاھ، كېرىمئاخۇن، قالتىس ناتىق بولۇپ كېتىپسەن، ئۇكا، ئېيتقىنا، بۇ سۆزلەرنى ساڭا كىم دەپ بەردى؟

كېرەم كۈلدى. ئۇنىڭ چېھرىدىن بىر خىل مەغرۇرلۇق تېمىپ تۇراتتى.

— يەر، ئالدىڭدىكى چىلان تۇپراق دەپ بەردى. راستىنى ئېيتسام، سېنى ھەيران قالدۇرغان مۇشۇ گەپلەر، ئەسلىدىنلا بار ئىدى. ئۇنى سەنمۇ-مەنمۇ باپىقۋالالمىغانىدۇق. ئىلگىرى بىز پەقەت يەردىن مول ھوسۇل ئېلىشنىلا ئويلايتتۇق. «ئېتىم چاپسۇن، چاپسۇن دەيسەنۇ، ئۇنىڭغا يەم بەرمەيسەن» دېگەن ھېكمەتنى بىلمەيتتۇق. تۇرغۇن ئىشلارغا كۆزىمىز يەتسىمۇ. چامىمىز يەتمەيتتى. داجەيگە، داجەينىڭ ئېگىز-پەس ئېدىرلىقلىرىغا، پەلەمپەيلىرىگە ھەۋەس قىلاتتۇق. بۇنىڭ، ئېتىز-ئېرىقلارنى تورلاشتۇرۇش، قىر-ئورەكلەرنى ئۆلچەملەشتۈرۈش، ئەلا سورتلارنى تاللاپ، تېرىش پەيتىنى، پۇرسەتنى ئىگىلەش، چىڭ تۇتۇش، ھاۋارايىدىن، ئەۋزەل شارائىتتىن پايدىلىنىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بارلىقىنى كىممۇ ئويلىغان، كىممۇ كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەن؟ شۇ چاغدا بايىقى سۆزلەرنى ئالدىڭدا دېسەم، شۇبھىسىزكى، مېنى «ساراڭ بوپتۇ، ئەقلىدىن ئېزىپتۇ» دەپ تەنقىدلەشىڭ تۇرغانلا گەپ. ھازىرچۇ؟ بەلكىم تۇرغۇن دېھقانلىرىمىز شۇنداق ئويلايدىغاندۇ.

— ئۇنداق ئەمەس، ھەرگىزمۇ ئۇنداق ئويلىمايدۇ. بىراق، مەن، ساۋاتلىق تۇرۇپمۇ، سېنىڭ سۆزلىرىڭگە ھەيران قېلىۋاتىمەن، ئويلىمىغانىكەنمەن، ناۋاتتەك گەپ قىلدىڭا!

— مانا ئەمدى ئويلا، قانچىلىك كۆپ ئويلانساڭ، شۇنچە ئاسان يول تاپىسەن، ئويلاپ - ئويلاپ، يەرنىڭ سىرىنى چېكىنىي تاپ، مانا بۇ مېنىڭ دەستۇرۇم.

توختاخۇن ھاياجانلاندى. يىگىتلىك ماغدۇرىدىن ئاللىقاچان قالغان بولسىمۇ، بىرخىل جۇشقۇنلۇق ئۇنىڭ كۆزلىرىنى چاقنىتىۋەتتى. ئۇ كېرەمنى ھازىرلا كۆرۈۋاتـقاندەك، ئۇنىڭ ساددا، كەڭ قول، مىجەزىنى ئەمدىلا چۈ- شىنىۋاتقاندەك، ئۇنى يېڭىباشتىن كۆزەتتى.

ئون نەچچە يىللار ئىلگىرىكى سېرىقچان، جۇۋازچى بالا... كالا مىجەزلىك ھارۋىكەش، گەپدان كىنوچى... مانا ئەمدى تامامەن باشقىچە بىر ئادەمگە ئايلانغان. يېشى 30 دىن ھالقىغان، ئوتتۇرا بوي، تېنى قاۋۇل، بۇغداي ئۆڭلۈك چېھرىدىن بورانچى ئوغلىغا خاس غەيرەت - شىجائەت ئۇرغۇپ تۇرغان بەرنا يىگىت، ئۇنىڭغا يول كۆرسىتىۋاتاتتى... چوڭ كۆزلەردىن پاراسەتلىك ئىچكى دۇنيا، ئۆتكۈر تىللىق «ئەمگەك ئىلاھى» نىڭ قامىتىنى نامايان قىلىۋاتاتتى.

— كېرەم، ئەقىل تېپىپتۇ!

ئۇ بۇ سۆزنى قايتا - قايتا تەكرارلىدى. يوقاقۇننىڭ ئىللىق قوينىدا ھايات پەيزىنى سۈرۈۋاتقان بارلىق مەۋجۇداتلارمۇ، تەبىئەتمۇ ئۇنىڭ بۇ ھۆكۈمىنى تەس- تىقلاۋاتاتتى.

شۇنداق، كېرەم ئىمىن ئەقىل تاپتى، 30 يىللىق مۇساپىسىنىڭ «يولۋاس مەۋسۇمى» دا ئەقىل - پاراسەتكە

تولدى. ئۇنىڭدىكى دېھقانچە ئاڭ، دېھقانچە چۈشەنچە، يېڭى بىر مەنزىلگە، ئۇ ھېس قىلمىغان... قىرانلىق مەزگىلگە كۆچتى. «ئەقىل» ئۈچۈن قانچىلىك شېرىن كېچىلەرنى خىيال دۇنياسىغا غەرق قىلىۋەتكەن، ئەقىل ئۈچۈن ھەممىنى قىلىشقا، ھەممىنى ئويلاشقا جۈرئەت قىلغان، شىر يۈرەك دېھقانغا ئايلاندى.

ئۇ ھەمىشە خىيال سۈرەتتى. مۇشۇ ئېتىز بويىدا، ھۆددە يەر ئۈستىدە باش قاتۇراتتى، ئويلىناتتى. ئويلا-ئويلا، ئاخىرى چەككە يەتتى.

«بۇغداينى ئورۇپ، ئورنىغا كۆكتات. قەلەمچە تېرىش كېرەك!»

مانا بۇ، ئۇنىڭ پۈتكۈل ئىگىلىكىنى تىكلەشنىڭ مۇقەددىمىسى بولۇپ قالدى. ئۇ مۇشۇ مۇقەددىمىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش ئۈچۈن قەسەم قىلدى. سائەت - سائەتلەپ، كۈن - كۈنلەپ ئېتىز بىلەن ھەپىلەشتى. گويا ئەلمىساقتىن بېرى كۆمۈلۈپ ياتقان خەزىنىنىڭ ئاچقۇچىنى كولاۋاتقاندەك، سىرنى، تەبىئەت قامۇسىدىكى ساماۋى توسۇقلارنى بىر - بىرلەپ يوق قىلىۋاتقاندەك، ھەممىنى يەرگە ئاتىۋەتتى. يوقاقۇنىڭ باھار پەسلى، شاۋقۇنلۇق ھاياتى، دېھقانلارنىڭ ئورما - خامان ناخشىلىرى، كاككۇكنىڭ ئىشق ناۋاسى، بورانچى دەرياسىنىڭ يېقىملىق ئەللەيلەشلىرىمۇ، ئىناق، ئىسسىق ئائىلىنىڭ كۆڭۈللۈك ئارامگاھلىرىمۇ، ئوماق پەرزەنتلىرىمۇ، ئىچ كۆيەر ئايالىنىڭ يېقىملىق باتناشلىرىمۇ، ئۇنى ئېتىزدىن خىيال دۇنياسىغا تامامەن ئوخشىمايدىغان، ئوزايىدىن نېمىنىڭدۇر قۇتلۇق شەپىسى كېلىدىغان زېمىندىن قايتۇرۇپ كېلەلمىدى. ئۇ، بىر نۇقتىغا — تاتلىق ئوغۇز سۈتىنىڭ ھىدى كېلىدىغان، گۈزەل، ساھىب قىران قىزنىڭ كۆلۈم-

ـسىردىشىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان بىر نۇقتىغا — يەرگە ئۈمىد، ئىشەنچ بىلەن قادالغانىدى. پۈتۈن ۋۇجۇدى، پۈتۈن قەلبى بىلەن ئاشۇ زېمىن قوينىغا چۆكۈپ كەتكەنىدى...

ئۇنىڭ رايىشلىقىنى، يەرگە، زېمىنغا بولغان ئوتتەك تەلپۈنۈشىنى، خۇددى دانىل دىف تەسۋىرلىگەن روبىنزون كىروزونىڭ كۈچلۈك ئېتىقادىغا ئوخشىتىش ئەقىلگە مۇۋاپىق كېلەتتى.

ئۇ، ئىرادىسىدىن قايتمىدى. يېرىم يولدا توختاپ قالمىدى، ئاقىۋەتتىن ئۈمىدسىزلەنمىدى. يەرگە، ئالتۇن زېمىنغا باغرىنى مەھكەم باستى. مەزمۇت ئالقانلىرى، كۈچ-قۇدرىتى بىلەن يەرنىڭ ئىسسىق لەۋزىنى قۇچاقلىدى، سۆيدى. يەر ئۈچۈن، زېمىن ئۈچۈن قان - تەر ئاققۇزدى. سوزۇلۇپ ياتقان جانسىز تۇپراقنىڭ ھەر بىر قاتلىمى، ھەر بىر ئىچكى ھۈجەيرىسىگىچە سىڭىپ كىرىپ، ئۇنىڭ يۈرەك تەۋشىنى ئاڭلىدى. يەرنىڭ دېھقاندىن كۈتىدىغان تەلپىنى، ئىمتىيازىنى چۈشەندى. يەر ئۇنى سىناۋاتاتتى. ئىلگىرىكىگە تامامەن ۋە تۈپتىن ئوخشىمايدىغان ئوغۇت، سۇ، ئۇرۇق، پەرۋىش مەنبەسى تەلەپ قىلاۋاتاتتى. يېڭىچە تەلەپ، يېڭىچە سەزگۈ ئاتا قىلاۋاتاتتى. مانا بۇ تەلەپ ۋە سەزگۈ — يەرنىڭ ھوسۇل بېرىش توختامىنامىسى ئىدى.

ئۇ، كۆڭلىدە سۇرگەن خىياللىرىنى پىلانغا، سۇبيېكتىپ پىلانىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇپ، يەر ئۈچۈن، يوقاقۇن زېمىنى، يوقاقۇن دېھقانلىرى ئۈچۈن مول تەجرىبە توپلاپ بەردى.

ئۇ 1981 - يىلى، روھى سۇنغان دېھقانغا يول ئاچتى. دەسلەپكى يىلى 20 مو بىنەمنى ھۆددىگە ئېلىپ، بۇغداينىڭ مو بېشى مەھسۇلاتىنى 1100 جىڭغا يەتكۈزدى.

بۇغداي ئورنىغا ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنى تېرىپ، ئائىلە ئىقتىسادىنى تۇرغۇزدى. ئىككىنچى يىلى 40 مو يەرنى ھۆددىگە ئېلىپ، تەكرار تېرىش تېخنىكىسىنى قوللىنىپ، ئاشلىقنىڭ مو بېشى مەھسۇلاتىنى 1800 جىڭدىن ئاشۇرۇپ، ئۆزى تۇرۇشلۇق يوقاقۇن كەنتىگە چۈشۈرۈلگەن شۇ يىل-لىق ئاشلىق ۋەزىپىسىنى بىر ئۆزىلا ئورۇندىدى. ئاشلىق ۋە ئىقتىسادىي زىرائەت جېڭىدە، سەپىنىڭ ئالدىغا ئۆت-كەن بۇ سەركەردىگە، پۈتكۈل يوقاقۇنلۇق ۋە خانئېرىق ئەھلىنىڭ ھۆرمەت كۆزى تىكىلدى.

— ياپىرىم، دېھقاننىڭ كۈنى تۇغۇلدىمۇ-نېمە؟ تازا «نەسىللىك» يەردە بۇ، بىرلا كۈچەش بىلەن 72 مىڭ جىڭ بۇغداي، قوناق ئېلىش، قالتىس ئىش بول-دىغۇ؟ ئاشۇنچە كۆپ ئاشلىقنىڭ ھەممىسىنى ئاشۇ جۇ-ۋازچى كېرەم يالغۇز ئالدىما؟ چۆچەك، بەئەينى خىيالىي بىر چۆچەك، ئۇچۇر دەۋرىنىڭ ساماۋى چۆچىكى. تارىخ-تىن بېرى ئۆز-ئۆزىنى باقالماي، سىرتقى يۇرتلارغا ئې-شەك كارۋىنى ئەۋەتىپ كەلگەن يوقاقۇن، ئەتىگىنىنى تاپسا، كەچلىكى يوق، يېرىم ئاچ، يېرىم يالىڭاچ ئۆتكەن نامرات دېھقان، ئاشلىقتىن تاغ ياسىسا... كىمنىڭمۇ ئى-شەنگۈسى كېلىدۇ؟

لېكىن، پولاتتەك پاكىت ئالدىدا كىشىلەر ئىشەندى. كېرەمگە، ئۇنىڭ قالتىس شىجائىتىگە قول قويىدى. ئۇنىڭ تېرىقچىلىق تېخنىكىسى، تەلەپچانلىقى، پەرۋىش قىلىش ئۇسۇللىرى ئۇلارنى ئىشەندۈردى... ئوغۇت تەركىبى مۇ-قىم بولۇش، يەرلىك ئوغۇت بىلەن خىمىيىۋى ئوغۇت نىسبىتىنى تەڭشەش، ئازوتلۇق، فوسفورلۇق ئوغۇتنى ۋاق-تىدا ئىشلىتىش، سۇ، تۇپراق، ئاتموسفېرا قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش، قۇرغاقچىلىق، زىيانداش ھاشاراتلارغا، ئۈششۈك

ئېقىمغا، توڭغا تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى يۇقىرى «بالدۇر پىشار» سورتلارنى تاللاش، تېرىش دېگەن قائىدىلەر كېرەم ئىمىن تەرىپىدىن تولۇق ئاساسقا ئىگە قىلىندى.

زامانىۋى تېرىقچىلىق ئۈسكۈنىلىرى، تراكتور، كومباين، سېيالكىلار ئوموملاشمىغان، سالالاشتۇرۇش، ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇش، ئېتىز-ئېرىق سۇ ئىنشائاتى مۇنتىزىملاشمىغان يوقاقۇندىمۇ ئاشلىقتىن مول ھوسۇل ئېلىشنىڭ مۇمكىنچىلىكى بارلىقىنى ھەممە ئادەم كۆردى.

مو بېشىغا 2000 جىڭ — بىر تۈننا ئاشلىق ئېلىش ھەقىقەتەن يۇقىرى سەۋىيە، يۈكسەك پەللە ئىدى. بۇ پەللە، يوقاقۇن ئاسمىنىدىن كۆتۈرۈلۈپ، پۈتكۈل بورانچى، يۇرۇڭقاش ۋادىسىغا كۆرۈندى. يوقاقۇندا كىشىلەر، ئۆزلىرىنىڭ مۆجىزە ياراتقانلىقىدىن ھەيران قېلىشتى.

**رادىئو خەۋىرى:**

«خوتەن ناھىيە خانئېرىق يېزا يوقاقۇن كەنتىدىكى نامرات دېھقان كېرەم ئىمىن، ھۆددىگەرلىك ئائىلە مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، تەر تۆكۈپ ئىشلەپ، ئىلمىي ئۇسۇلدا تېرىقچىلىق قىلىش بىلەن شۇغۇللانغانلىقتىن، ئاشلىقنىڭ مو بېشى مەھسۇلاتى يىلدىن-يىلغا ئېشىپ، بىرلىك مەھسۇلاتنى 2000 جىڭغا يەتكۈزدى. بۇ، يوقاقۇن تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن يۇقىرى مەھسۇلات. ئۇ زەيكەش، شورلۇق، قۇمساڭغۇ تۇپراقتىن ئاشلىق كانى ئېچىپ، ئىنسان قۇدرىتىنىڭ غايەت زور چەكسىزلىكىنى نامايان قىلدى.

پاراسەتلىك دېھقان كېرەم ئىمىن ‹تاغنى تالقان، چۆلنى بوستان قىلىش› روھى بىلەن ئىشلەپ، 1982-يىلىدىن 1985-يىلىغىچە بولغان ئۈچ يىلدا دۆلەتكە 500 مىڭ جىڭدىن كۆپرەك ئاشلىق تاپشۇرۇپ، ئاپتونوم

رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن «ئەمگەك نەمۇنىچىسى» دېگەن شان ـ شەرەپكە ئېرىشتى...»

كىشىلەر تەنتەنە قىلىشتى، جېنى ئۈچىگە سىغمىغانـدەك سەكرەشتى، بىر ـ بىرى بىلەن قۇچاقلىشىپ، زەپەر مارشىنى ياڭراتتى.

رادىئودىن ئېيتىلىۋاتقان يوقاقۇن — دەل ئۆزلىرى دەسـسەپ تۇرغان ئىسسىق ماكان ئىدى. مول ھوسۇل ئالغان دېھـقان — دەل يوقاقۇن ئوغلى، بورانچى دەرياسى بويىدا تاۋلانغان «كەتمەنچى» ئىدى.

كېرەم ئەمدى باھار يامغۇرى بولۇپ، زېمىننى ياـشارتتى. يۇرتداشلىرىنىڭ كۆڭۈل ئاسمىنىدا ئەگىپ يۈرـگەن چاڭ ـ توزانلارنى يۇيۇپ تاشلىدى. ئىشلەش، ئويلاش زېھنىنى ئاچتى. يەردىن، سۇدىن پايدىلىنىشنىڭ گېئوـمېترىك تەكلىمىسىنى يېشىپ بەردى.

ئۇ دەل ۋاقتىدا ياغقان باھار يامغۇرىغا، زىرائەتكە دەل ۋاقتىدا باشلانغان سۇغا، دەل ۋاقتىدا سوقۇلغان خامانغا، دەل ۋاقتىدا چېلىنغان سىگنالغا ئوخشاش، تەمتاسلىق ئىلكىدە ياتقان زېمىننى ئويغاتتى. زېمىنغا ھاياتى كۈچ، سەزگۈرلۈك بېغىشلىدى. ئوت ـ چۆپلەر، ياپراقلار بولۇق ئۆسكەن، گۈل ـ گىياھلار چېچەكلەپ، خۇش بۇي ھىد تارقاتقان، ساپ ھاۋالىق يېڭى بىر مۇھىت، يېڭى بىر دۇنيا — يوقاقۇننى ياراتتى.

# يېشىل ئورمان، يېشىل بۆشۈك

ئورمان — يېشىل خەزىنە. ئۇ بەئەينى جۇشقۇن ياشلىققا ئوخشايدۇ. ئورمان — ئىنسانلارنى مۇھاپىزەت قىلىدىغان يېشىل سېپىل. ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ساپلاشتۇرغۇچى ھاۋا سۈزگۈچ، قۇم-بورانغا تاقابىل تۇرغۇچى مۇستەھكەم قورغان.

ھازىر دۇنيادىكى ئورمان كۆلىمى، ھەر بىر ئادەمگە 12 مودىن توغرا كېلىدۇ، جۇڭگودا ئاران ئىككى مودىن توغرا كېلىدۇ.

خوتەن ۋىلايىتىدە، باغ ۋە ئىقتىسادىي ئورمان 1 مىليون 190 مىڭ مو بولۇپ، سۇنئىي ھەمراھ ئارقىلىق تەكشۈرۈشتىن قارىغاندا، 740 مىڭ مو توغراقلىق 2 مىليون 686 مىڭ مو يۇلغۇن-چاتقاللىق ئورمىنى بار. بۇنىڭ ئىچىدە، مېۋىلىك ئورمان 133 مىڭ 615 مو، ئۈزۈمزارلىق 67 مىڭ 435 مو. ئۇنىڭدىن باشقا، كۇئېنلۇن تاغ رايونىدا، كۇئېنلۇن يۇمىلاق ئارچىسى ۋە قىزىل تاغ سۆگىتى قاتارلىقلاردىن 40 مىڭ مودىن ئارتۇق كۆلەم بولۇپ، يول يىراق، تاغ ئېگىز بولغانلىقتىن باشقۇرۇش قىيىن. بىرەر ئورۇننىڭ ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى، خەلقئارالىق ئۆلچەم بويىچە 30% بولۇشى شەرت قىلىنىدۇ. خوتەن ۋىلايىتىنىڭ پۈتۈن زېمىنى بويىچە ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 0·35%، بوستانلىقلار بويىچە قاپلىنىش نىسبىتى 20 پىرسەنتكە يەتكەن. خانئېرىق، يوقاقۇندا كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن دەرەخ 360 تۈپكە يەتكەن.

بېيجىڭ، جىڭشى مېھمانخانىسى.

8 - قەۋەتتىن قارىغاندا، مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ يېڭى پۈتكەن 30 نەچچە قەۋەتلىك بىناسى بۇلۇتلار ئارىسىغا بوي سوزۇپ تۇراتتى.

پايتەختنىڭ گۈزەل، ساپ، شاۋقۇنلۇق ھاياتى بۈگۈن ئۇنى بۆلەكچە تېتىك، ئىشچان قىلىپ قويغانىدى. مەملىكەتلىك 7- نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 1 - سانلىق يىغىنى مەزگىلىدە يېتىپ كەلگەن «كۆچەت تىكىش بايرىمى» كۈنى ئۇ قولىغا گۈرجەك ئېلىپ، ئاشۇ ئېگىز بىنانىڭ ئالدىدا كۆچەت تىكىش ئەمگىكىگە قاتناشتى.

ئۇ كۆپ ھەم ياخشى ئىشلىدى. يوقاقۇن ئوغلىغا خاس شىجائەت، ئىدىيەت، غەيرەت بىلەن ئىشلىدى. ۋەكىللەر بىر قاراشتىلا ئۇنىڭ كۆچەت تىكىپ، ئورمان ئەھيا قىلىشتا ئالاھىدە دىتى، پەم-پاراسىتى، تەجرىبىسى بارلىقىنى بايقاشتى. ئۇنىڭ كۆپنى كۆرگەن سىنچى كۆزلىرى، قۇمقايغانىنىڭ ئۇششۇك بوران-چاپقۇنلىرىدا ئۇزۇن يىل تاۋلانغان، كۈچلۈك، چېۋەر قوللىرى ئازراقمۇ سەۋەنلىككە يول قويمايتتى. تىكلەنگەن ھەر تۈپ ئارچىنىڭ قۇياش نۇرىغا بولغان مۇناسىۋىتى، يىكتەك تۈز، يىلتىزىنىڭ يەر ئاستىدا توغرا، پۈختا جايلىشىشىغا، ئوق يىلتىز بىلەن ياردەمچى يىلتىزلارنىڭ ئارىلىق مۇناسىۋىتىگە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ كەتكەنىدى.

ئۇ ئىشتىن قايتتى. گۈرجەكنى مۈرىسىگە سېلىپ، بۈككىدە ئورمان بىلەن قاپلانغان بېيجىڭ كوچىلىرىغا نەزەر تاشلىغانىدا، ئۆز ئالدىدا، يىراق تەكلىماكان قىرغىقىدا قالغان ئانا ماكانى، بورانچى قىرغاقلىرى، تەكشى كەتكەن تاشلىق سايدا بىنا قىلىنغان «يېشىل سېپىل» جىلۋىلەندى.

ئانا يۇرتىنىڭ ئەللىق تەبەسسۇمى، گۈزەل سىماسى، ئۇنىڭ پۈتكۈل ئوي ـ پىكرىنى ئەكىس ئەتتى. ئۇ ئۆز تۇپرىقى، ئانا سۈتىدەك ئوخشاش مۇقەددەس ماكانى ـــ يوقاقۇن ھەققىدە خىيال سۈرۈپ قالدى.

ئەنە يىراقتا، بېيجىڭنىڭ غەربىي ئۇپۇقىدا، قىزىل شەپەق ئاستىغا كۆمۈلگەن بورانچى دەرياسى، ئۇنىڭ بەش يەللىق قان ـ تەرىنىڭ، مېھنەت، ئەقىدىسىنىڭ مېۋىسى ـــ يېشىل ئورمان قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ 40 توپ تېرىكى، خسان ئوردىسىغا ئېلىپ بارىدىغان تاش پەلەمپەيلەردەك بىر ـ بىرلەپ ئالدىغا كېلىدۇ. ئەنە، تېرەكلەر ئۈستىدە يېيىلىپ ياتقان زەڭگەر ئاسمان، قويۇق يوپۇرماقلار ئارىسىدىن سان ـ ساناقسىز كۈمۈش تەڭگەلەرنى تۆكۈپ تۇرغان شاۋقۇنلۇق سەھەر!

تارىخ، يېڭى بىر بەت ئاچتى. يوقاقۇندا يېڭى بىر قۇتلۇق كۈن يۈز ئاچتى. قاياقىدۇر ئۇچۇپ كېتىۋاتقان قۇشلار ئورمان ئىچىگە شۇڭغۇپ كىرمەكتە. ئورمان سەھەر شامىلىدا يېقىملىق شاۋقۇن كۆتۈرىدۇ. ئۇ گويا بىر بەرنا يىگىت، دەريا بولسا، مەسۇم يېزا قىزى. ئۇلار تەبىئەت كۆكسىدە يېلىنجاپ تۇرغان بىر جۈپ گۈل.

قىز ـــ ئورمانغا قاراپ تولغىنىدۇ، كۈۋەجەيدۇ، دولقۇنلۇق سۆزلىرىنى ئېيتىپ، نازۇك شاۋقۇنلىرى بىلەن ئەركەلەيدۇ، ئورمانغا چىن ئەقىدىسىنى يەتكۈزىدۇ.

ئورمان ـــ يىگىت، يىراقتىن قول سىلىپ كېلىۋاتقان دەرياغا زوق بىلەن سالام بېرىدۇ. ئوماققىنا بىر جۈپ كۆز بىلەن ئۆزىنىڭ ئوتلۇق تەلپۈنۈشىنى، سېغىنىش تۇيغۇسىنى بىلدۈرىدۇ. ئىزگۈ خىياللار قاينىمىدا يېنىك گۈرۈلدەپ، قىزنىڭ ھۆسن ـ جامالىغا زارىقىدۇ. ئۇنىڭ زۇمرەت كۆز-

لەرگە، باراقسان كەرپەكلەرگە، سۇ بىلەن چەرمىشىپ ياتقان سۇمبۇل چاچلىرىغا قاراپ چاۋاك ياڭرىتىدۇ.

مانا بۇ مۇھەببەت. كېرەم بىلەن ئامىنەخاننىڭ مۇھەببىتى، ھەقىقىي، چىن مەنىسىدىكى تاپقان گۈزەل مۇھەببەت. دەۋردىن، تارىختىن ھالقىغان تەبىئىي سەزگۈ. مانا بۇ يېڭىلىنىۋاتقان سۆيگۈ داستانى، تەبىئەتنىڭ ئۇتلۇق كۆكسىدە سەكرەۋاتقان قوش يۈرەك! شۇ، ئورمان، ئادەم ۋە سەزگۈنىڭ بىرلىكىدىن تۈزۈلگەن سانلىق تەۋشلار! قوياش، زېمىن ۋە ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى مۇستەھكەم ئەقىدە ۋە كۈلكە!

1988 - يىلى ئاۋغۇست.

كېرەم ئەمدى تۈز كوچىغا تايىنىپ، بورانچى دەرياسىنى تىزگىنلىدى. تارىختىي يىللاردىن بويان، يايلاقتىكى يىلقىدەك. خالىغان يېرىدىن چېپىپ كېلىۋاتقان دەريا ئېقىنى، ئۇنىڭ خاسىيەتلىك سىزىقى ئىچىدە قېلىپقا تارتىلدى. خۇددى زېمىندىن سىزىلغان تۈز سىزىقتەك، تۈز ئېقىنى بىلەن ئاقتى. قىرغاقلارنى يالىماش، بورانچى دەرياسىنىڭ يىراق ئۆتمۈشىگە، ئۇنتۇلغان چۈشىگە ئايلاندى. ئۇ شىددەت بىلەن مەۋج ئۇرسىمۇ، شاۋقۇنلىسىمۇ، ئادەملەرنىڭ ئەقىل تىزگىنىدىن مەڭگۈلۈك چىقىپ كېتەلمىدى. ئىنسانىيەت ئۆزلىرىنىڭ ھالال كۈچىدىن باشقا، غەيرەت، شىجائەت ئىلاھىنى ئىشقا سېلىپ، ئېقىننى تارايتتى. گويا ئۈزۈپ تاشلانغان قىل ئارغامچىغا ئوخشاش دەريانىڭ ھەممە يېرىدىن ئاقىدىغان تەڭداشسىز كەلكۈن، مەڭگۈ كەلمەسكە كەتتى.

يېشىل ئورمان، 2 مىليون تۈپ تېرەكلىك! نەقەدەر زور قۇرۇلۇش ـ ھە! ئۇنىڭدا پايتەخت ئاسمىنىنى تىرەپ تۇرغان 30 قەۋەتنىڭ، تۆپتۈز ئاسفالت

ياتقۇزۇلغان تيەنشەننىڭ مەيدانىنىڭ، ئالتۇن قوڭغۇراقلار
جاراڭلاپ تۇرغان خان ئوردىسىنىڭ، دېڭىزدەك داۋۇلغۇپ
تۇرغان ۋاڭفۇجىڭ كوچىسىنىڭ ھەيۋىسى بار ئىدى. ئۇ-
نىڭدا يەنە سەددىچىن سېپىلىدەك مۇستەھكەم قامەت،
چاڭجياڭ ۋادىسىدەك كەڭ كۆركەم لاتاپەت، خۇاڭخې دەرياسى-
دەك كۈچلۈك شاۋقۇن بار ئىدى.

20 مىليون تۈپ ئورمان، بىر تۈپ-بىر تۈپتىن
تىكىلگەن، ھەربىر تۈپ ئورمان سېلىنغان كاتەك ئۈچۈن
0.30 يۈەن پۇل خەجلەنگەن. تىرناق بىلەن، تاش-شېغىل،
لاي-لاتقىلىق جاھىل تۇپراقنى يېرىپ، يىلتىز تارتقۇزغان.
بۇ، كېرەم ئىمىننىڭ يەر، ئورمان ئۈچۈن تۆلىگەن ئەڭ
زور بەدىلى، شۇندىقلا نامرات يۇرتداشلار بىلەن بىللە
بېيىش يولىدا تاشلىغان تۇنجى قەدىمى ئىدى. ئاشلىقتا
100 مىڭ جىڭلىق ئۆتكەلنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، قەلەمچە
ئۆستۈرۈش، ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىپ، ئۈنۈم ھاسىل
قىلىش ئارقىلىق 300 مىڭ يۈەن مۇقىم مۈلۈككە، 60
مىڭ يۈەن ئايلانما مەبلەغقە ئىگە مۇستەھكەم ئىگىلىك تىكلەش
جەريانىدىكى تۇنجى ۋە سالمىقى ئېغىر بولغان بىر
قەدەم ئىدى. ئۇ بىر قېتىم ھاياجىنىنى باسالمىغان
ھالدا مۇنداق دېگەنىدى:

«ئىقتىسادىم، كۈچ-قۇدرىتىم يېتىشسە، بورانچە
دەرياسىنى تىزگىنلەپ، قاقاسلىقنى بىنەم، ئورمانلىققا
ئۆزگەرتسەم، ئارزۇيۇم ئىشقا ئاشقان بولاتتى!»

ئۇ بۇ سۆزنى بورانچى بويىدا بالىلىقىنىڭ سەبىي
سەزگۈسىگە تايىنىپ دېگەنىدى. كېيىن، ياشلىقىنىڭ ئۇلۇغ-
ۋار تەلپۈندۈرۈشلىرى ئۇنى بورانچى دەرياسىغا چىللاپ
كەلگەنىدە، ئۇ مۇشۇ قىزىل قىرغاقتا تۇرۇپ، دەريا سا-
ھىلىنىڭ كەلگۈسىنى خىيالىدىن ئۆتكۈزگەنىدى. بورانچى

ئاخشىمى، ۋىسال شارابىنىڭ كەيپىچىلىكىدە ئامىنەخانىنى باغرىغا بېسىپ تۇرغاندىمۇ، مۇشۇ ئارزۇسىنى پىچىرلىغانىدى.

بۇ خىل پىچىرلاش، تويپتوغرا بەش يىلدىن كېيىن رېئاللىققا ئايلاندى. ئۇ مۇشۇ ئارزۇسىنى رېئاللىققا ئاي- لاندۇرۇش داۋامىدا، تويپتوغرا 150 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالدى. تراكتور كۈچى، ئادەم كۈچى، مەبلەغ جەھەت- تىن ھەممىگە چىدىدى، ھەممىگە بەرداشلىق بەردى. قىم- مىتى نەچچە مىليون يۈەنلىك «يېشىل خەزىنە»گە ئېرى- شىش يولىدا 1986 — 1987 - يىللىرى قەلەمچە تىجارىتى بىلەن يىغقان 150 مىڭ يۈەنگە نەچچە ھەسسە قاتلىنى- دىغان ھال كۈچى چىقاردى. ئۇ ئىرادىلىك دېھقان ئوغلى- نىڭ ئالدىن كۆرەرلىكى بىلەن يول تېپىپ، بايلىق ئې- لاھىنى تەسىرلەندۈردى.

ئۇ كەلگۈن مەزگىلىدە باشلامچىلىق بىلەن لاي ئېقىتتى. دامبا سوقۇپ، ئېتىز ياسىدى. قەلەمچە تېرىپ ئۆستۈ- رۇپ، ھەم قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنى يېتىشتۈرۈش قىممە- تىگە، ھەم قۇم-بوراندىن مۇداپىئە كۆرۈش ئىقتىدارىغا ئىگە ھەيۋەتلىك يېشىل دۇنيا بەرپا قىلدى. يەنە بىر جەھەتتىن، ئۆز ئەمەلىيىتى ئارقىلىق يۇرتداشلىرىنى يېتەك- لەپ، ئۆزى ماڭغان بېيىش يولىغا يېتەكلىدى. ئۇلارغا، بورانچى ساھىلىنىڭ ئېچىش ئېتىزلىرىنى، ئاشلىق ۋە ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنى كۆپلەپ تېرىشنىڭ پايدا- زىيىنىنى كۆرسەتتى. ئۆزى باش ۋە يار-يۆلەك بولۇپ، بېيىشنىڭ، بېيىپ ھاللىق سەۋىيىگە يېتىشنىڭ داغدام يولىنى كۆرسەتتى.

ئىلگىرى يوقاقۇن بىلەن بورانچى دەرياسىنىڭ جە- نۇبىدىكى تاشلىق ساينىڭ ھەددى-ھېسابى يوق ئىدى. نامراتلىق كۆز ياپراقلىرىدەك تۈكۈلۈپ تۇرىدىغان بۇ

يۇرتتا، ئېچىش، پايدىلىنىشقا بولىدىغان بىر پارچە زېمىن، چۆل-باياۋان خۇددى ئاينىڭ يۈزىدىكى داغدەك، گۈللۈك ئوتتۇرىسىدىكى ئاق يەردەك، رەھىمسىز كەلكۈننىڭ كىر-ۋىكىدىلا، سۇسىز، گىياھسىز، تاشلاندۇق پېتى قاقجىراپ ياتاتتى. ساپ ھاۋا، ئەلۋەك سۇ، مېھنەت سۆيەر دېھ-قانىنىڭ كۆزىچىلا تەبىئەتنىڭ ساقايماس جاراھىتىگە ئايلىنىۋاتاتتى. گويا خۇمدان ئوچىقىدىن شاللىنىپ قالغان كېسەك پارچىسىدەك ھېچكىمنىڭ نەزىرىگە ئېلىن-مىغان بۇ بەختسىزلىكنى كېرەم ئەمىننىڭ سەزگۈر نېر-ۋىسى، ئۆتكۈر كۆزلىرى كۆرۈپ قالدى. ئۇ شېرىن چۈشتىن ئويغانغاندەك يېنىك سىلكىندى. خىجىللىق، پۇشايمان ئىچىدە دەريا بويىغا كەلدى. بەش يىللىق مېھنەت، ئەجرى بەدىلىگە تارىخ سەھىپىسىدىن ئۆچۈرۈلگەن «خارابى-لىك»نى سېۋىن ھىدىن، سىتەيىن...گە ئوخشاش «مەدەنىيەت پەيلاسوپلىرى»نىڭ كۆزى قىزارغۇدەك «ئالتۇنلۇق»قا ئايلاندۇردى. ئۆزى ئۆسۈپ يېتىلگەن بورانچى بويىدا بىر پارچە ئالتۇن قوزۇقنىڭ، لوپنۇر كۆلى، ماقاس كۆلى، ايدىڭكۆل، ئالاننۇر كۆلى ۋە تىتما كۆلى دۇچ كەلگەن پاجىئەلىك تەقدىرگە-خەرىتىدىن ئۆچۈپ كېتىش خەۋپىگە دۇچ كېلىۋاتقانلىقىنى بايقاپ، ئۇنىڭ ئۆمرىنى ئۇزارتتى. كۆكلىتىپ، بىنەم ئېچىپ، ھاياتلىققا مۇناسىپ كېلىدىغان گۈزەل مۇھىتقا ئايلاندۇردى.

قارا قۇيۇن، ئالۋۇن، جىن-شاياتۇنلار بەزمە قۇر-غان چۆل-جەزىرىنى، زېمىن قوينىغا قايتۇرۇپ كېلىپ، نامرات ئەمگەكچىلەرنىڭ پايدىلىنىشىغا بۆلۈپ بەردى. بۇ-گۈنكى كۈندە، خانئېرىققا تەۋە... 150 ئائىلىنىڭ 1500 مو يېرىدە 2 مىليون تۈپ دەرەخلىكنى ئۆز ئىچىگە ئالغان غايەت زور ئېكىنزارلىقنى قەد كۆتۈردى.

2 مىليون تۈپ!

كېرەم ئىمىننىڭ خۇشلۇقى چەكسىز ئىدى. بۇ خۇشاللىقنى، دەريانى تىزگىنلەش، لاي ئېقىتىش، كۆچەت تىكىشتە، ئۆزىگە قول-قانات بولغان يۇرتداشلىرى بىلەن ئورتاقلاشقاندا، ئۇ چوڭقۇر سۆيۈنۈش ھېسسىياتى بىلەن:

— ئايھاي، قالتىس گەپ بولدى. مانا قاراڭلار، ھەيۋەتلىك يېشىل سېپىل، مېنىڭ 30 مو يەردىكى 40 مىڭ تۈپ ئورمىنىم، كەلگۈسىدە مىليون يۈەنلىك بايلىققا ئايلىنىدۇ. سىلەرنىڭ 2 مىليون تۈپ ئورمىنىڭلار نەچچە يۈز مىليون، نەچچە مىليارد يۈەنلىك بايلىققا ئايلىنىدۇ. تاشلىق، ئاخىرى گۆھەر كانىغا ئايلىنىدۇ، — دېگەنىدى.

كېرەم ئىمىن مانا شۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ، مېھمانخانا بىناسىنىڭ 8-قەۋىتىگە قانداق چىقىپ قالغانلىقىنى بىلمەيلا قالدى.

چۈشتىن كېيىن ۋەكىللەر مۇزاكىرىگە ئۇيۇشتۇرۇلدى. مۇزاكىرىدە، «ئاساسىي قانۇننىڭ 11-ماددىسى»غا تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدىكى تەكلىپ — «دۆلەت خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ قانۇندا بەلگىلەنگەن دائىرە ئىچىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا ۋە راۋاجلىنىشىغا يول قويىدۇ. خۇسۇسىي ئىگىلىك، سوتسىيالىستىك ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك ئىگىلىكىنىڭ تولۇقلىمىسىدۇر، دۆلەت خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ قانۇنغا مۇۋاپىق مەنپەئىتىنى، ھوقۇقىنى قوغدايدۇ...» دېگەن يېڭى مەزمۇنى غۇلغۇلا قىلىندى.

كېرەم ئىمىن ئادەتتە كەم سۆز بولۇپ، كۆپرەك ۋاقىتنى ئاڭلاشقا، مۇلاھىزە قىلىشقا سەرپ قىلاتتى. ئۇ، بۈگۈنكى مۇزاكىرە داۋامىدا قەلبىدە بىردىنلا جۇش ئۇرغان ھاياجىنىنى زادىلا باسالمىدى. خۇددى ئۇزۇن مۇددەت ئايرىلىشتىن كېيىن، تاسادىپىيلا يوقاقۇن توپرىقىغا دەس-

سىڭەندەك، يۇرتداشلار بىلەن بورانچى بويىدا خۇشال ئۇچراشقاندەك جۇشقۇن، گەپدان بولۇپ كەتتى.

— بۇ دېگەن قانۇن، دۆلەتنىڭ توپ قانۇنى. قانۇندا، خۇسۇسىي بايلىقنىڭ ئورنى ئېنىق بېكىتىلدى. بىز ئۆزىمىزنىڭ خۇسۇسىي ئىگىلىكىنى قانۇنغا تايىنىپ راۋاجلاندۇرۇش، قانۇنغا تايىنىپ قوغداش كاپالىتىگە ئېرىشتۇق. مەن بۇ قېتىم خوتەندىكى، بىزنىڭ يوقاقۇندىكى نامرات قېرىنداشلىرىمغا ياغقۇدەك ئېسىل سوۋغا ئەكېلىدىغان بولغانلىقىم ئۈچۈن، ئىنتايىن خۇشالمەن. ئەمدى «كېرەمەباي!» دەپ ئاتاشسا، بۇنىڭغىمۇ رازىمەن. مەن گوۋۇيۈەنگە شۇنى ئىلتىماس قىلىمەنكى، بىزنىڭ خوتەندە يېڭى سىياسەتنىڭ مېۋىسىگە ئېغىز تەگكەنلەر تېخى كۆپ ئەمەس. نامراتلىق يەنىلا چوڭ ئاپەت. بۇنىڭ، بىر سەۋەبى، ھە دېسىلا بېيىغانلار تەشۋىق قىلىنىۋاتىدۇ. داۋاملىق ياخشى ئىشلار تىلغا ئېلىنسا، ئىجابىي تەرەپ گەۋدىلەندۈرۈلسە، ئىشنىڭ ئاقىۋىتى ياخشى بولمايدۇ. خاتا بولسىمۇ مەيلى، بىرلا تەلىپىم بار ئويلىشىپ كۆرسە. بىزنىڭ تۆۋەندە ئىلمىي ئالدامچىلىق تۈگىمىگىنى يوق. مەسىلەن، بىر دېھقاننىڭ يىللىق كىرىمى 200 يۈەن توختىغان ئەھۋال، بەزى مەسئۇلىيەتسىز كادىرلىرىمىزنىڭ يالغانچىلىقى بىلەن، «500 يۈەنگە يەتتى» دەپ مەلۇم قىلىندۇ. دەل شۇنداق ئەھۋاللار كۆپ بولغانلىقتىن، نامراتلار، نامرات پېتى قېلىۋەردى. ئۇلارنىڭ نىسبىتى يۇقىرىغا مەلۇم قىلىنغان 20%—30 ئەمەس 50—60 پىرسەنتتىن تۆۋەنلىگىنى يوق. بەزى دېھقانلار، ھېلىمۇ ئەتىگىنى تاپسا چۈشلۈكى، بۈگۈنىنى تاپسا ئەتىلىكى يوق. ھەقىقەتەن غورىگىل ياشاۋاتىدۇ. بۇنى قانداقمۇ «كىيىمى پۈتۈن، قورسىقى توق» سەۋىيىگە يەتتى دېگىلى بولسۇن؟ دېمەكچى بولغىنىم، جەمئىيەتتىكى مۇشۇن-

داق كۆپتۈرمىچىلەر، ئالدامچىلارغا مەلۇم تەدبىر قوللى-
نىلمىغاچقا، نامرات رايونلاردىكى نامراتلار سانى ئازلا-
ۋاتقان بولسىمۇ، ئۇلار ھەقىقىي بېيىش كاپالىتىگە ئېرى-
شەلمەيۋاتىدۇ. ساپ كىرىم بولغانىكەن، بانكىدا قوي-
غان ياكى قولىدا نەق قالغان پۇل — ھەقىقىي كىرىم ھېساب-
لىنىشى كېرەك، قانداقتۇر، ئېتىزلىقتىكى تال، باراڭنىڭ
غازاڭلىرى، تۇغۇلمىغان چارۋىنىڭ قىممىتى ھېسابلانسا،
بۇنى قانداقمۇ «كىرىم سەۋىيىسى» دېگىلى بولسۇن؟ شۇڭا،
مۇشۇ خىل ئىللەتنى تۈسىدىغان بىرەر قانۇن-نىزام تۈزۈپ
بېرىشكە بولامدۇ-يوق!

مېنىڭچە، يۇقىرىنىڭ سىياسىتى ناھايىتى ئېنىق. ھۆ-
كۈمەت قانۇن-سىياسەتنىڭ مۇقىملىقىغا، ئىشەنچلىكلى-
كىگە قەتئىي كاپالەتلىك قىلالايدۇ. نامرات، ئارقىدا
قالغان رايونلارنىڭ ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىشىغا، روناق تېپىپ،
قەد كۆتۈرۈشىگە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىپ، كۆپرەك يار-
يۆلەك بولسا دېگەن ئۈمىدتەمەن.

زالدا ئالقىش ياڭرىدى.

ئۇ ھەقنى سۆزلىگەنىدى. ئۇ، ئۆزى ۋە ئۆزى ۋەكىللىك
قىلغان بىرتوپ كىشىلەرنىڭ، يوقاقۇن دېھقانلىرىنىڭ يۈرەك سۆ-
زىنى قىلدى. نامرات، يوقسۇزلۇق پاتقىقىدا ئۆمىلەۋاتقان
دېھقانلار ئۈچۈن گەپ قىلدى. بېيىش ئۈچۈن، قەد كۆتۈ-
رۈش ئۈچۈن يول ئىزدەۋاتقانلار ئۈچۈن گەپ قىلدى.

ئۇ بېيجىڭ كوچىسىدا، تاماقخانىلاردا، ياتاق ۋە
مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىدا... خىيالغا پاتتى.
5000 كىلومېتىردىن يىراقراق جايدا قالغان يوقاقۇن
ئاسمىنىنى پايتەخت ئاسمىنى بىلەن باغلىدى. ئۇ ئېگىز-
ئېگىز ئىمارەتلەر، رەتلىك، پاكىز يوللار، موكىدەك ئۆ-
تۈشۈپ تۇرىدىغان ئاپتوموبىللار، چۈمۈلىدەك مىغىلدىشىپ

يۇرگەن ئادەملەر ئارىسىدىن، سولغۇن، مىسكىن چىراي يۇرتداشلىرىنى ئىزدەيتتى.

ئەمما بۇ پايتەخت، قەدىمىي شەھەر. بۇ يەر يوقاقۇنغا ئوخشايتتى. بورانچى دەرياسىغا، بولجالىقتا، قىزىل شەپەق ئاستىدىكى ئېتىزلىقتا ئوخشاشمايتتى. بۇ پۈتۈن دۇنيانىڭ دىققىتىنى، قىزغىنلىقىنى قوزغاۋاتقان ئاۋات شەھەر، شەھەر بولغاندىمۇ، كاتتا، چوڭ شەھەر ئىدى. بۇ يەردە، ئادەمگە، ئادەملىك سەزگۈگە دەرھال تەسىر قىلىدىغىنى، يەنىلا ئاسماندىكى قۇياش، بېيجىڭ قۇياشى، خۇددى يوقاقۇن ئاسمىنىدىكى قىزىل شەپەققە ئوخشاشلا تاۋلىنىپ تۇرغان قىزىل قۇياش ئىدى. پۈتۈن ئىنسانىيەتنى باغلاپ تۇرغان بۇ ئوت جىسىم، بېيجىڭ بىلەن يوقاقۇنغا ئوخشاشلا يورۇقلۇق، ئىسسىقلىق تارقىتاتتى.

بىراق، بۇ خىيال بىلەن رېئاللىق ئوتتۇرىسىدىكى بىرلىك ئىدى.

يىراق ئۈپۈقتىن كۆتۈرۈلگەن قىزغۇچ شەپەق ئۇنىڭ كۆزلىرىنى چاقنىتىۋەتتى. دۆگىلەك شار، غەربتە، ئۇنىڭ يۇرتى، ئانا ماكانى يوقاقۇندا، دەريا قىرغىقىدا زوڭزىيىپ ئولتۇراتتى. قىزىللىققا پۈركەنگەن قىرغاقتا، بىر بالا، ياق، يوچۇن بىر يىگىت، قوش مۈڭگۈز ئارىسىدىن نېمىگىدۇر تەلپۈنۈپ قارايتتى. دۆگىلەك، چەمبەرسىمان قۇياش، ئۇنىڭ كۆزلىرىگە، جىسمىغا ئوت چاچاتتى. يوقاقۇنمۇ، دەريامۇ، ئۇمۇ بىللە قىزىراتتى، بىللە كۆيەتتى، نەگىدۇر بىللە پاتاتتى. گويا تۇنجى قېتىم، قۇياشنىڭ ئوتلۇق مېھرىگە تەلپۈنۈپ تۇرغاندەك، ئۇنىڭ يۈرىكى قاتتىق دولقۇنلىناتتى، چىن ئەقىدىسى بۇژغۇن ئۈستىدىكى شەپەق نۇرىدەك جىلۋىلىنەتتى.

شۇ تاپ، ئۇنىڭ ئورمانلىقى، قىرغاقلىرى قىزىللىققا چۆمكەلدى، قىزىل مەرۋايىتتەك جىمىرلىدى. ھايات قاينىمىغا ئايلاندى. ئەنە شۇ قاينام ۋە مەرۋايىت يۈزىدە زاھىر بولغان يوقاقۇنلۇقلار، پۈتكۈل تەبىئەت دۇنياسىغا قاراپ خىتاب قىلدى:

«ئەگەر، دەريا، كەلكۈن، سايلىقلار، تەڭرى تەرىپىدىن يارالغان مۆجىزە دېيىلسە، ئۇ ھالدا، پايانسىز كەتكەن ئېگىز ئورمانلىق، يوقاقۇنلۇقلار، جۈملىدىن، يوقاقۇنىنىڭ ئاددىي بىر پۇقراسى تەرىپىدىن يارىتىلغان بايلىق ھېسابلىنىشى، بۇ بايلىق، بارلىق مۆجىزىلەرنىڭ گۈلتاجىسى بولۇشى شەرت».

كېرەم ئىمىن، ھەقىقەتەن مۆجىزە ياراتتى. بولۇپمۇ، يوقاقۇنلۇقلارنىڭ ھەممىسى چىنپۇتتى. قۇياش ۋە زېمىن چىنپۇتتى.

## سامانيولى جىمىرلايدۇ

خوتەن ۋىلايىتى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدا دېھقانچىلىقنى ئاساس، چارۋىچىلىقنى قوشۇمچە قىلىپ كەلگەن. ۋىلايەت بويىچە ئومۇمىي چارۋا 3 مىليون 29 مىڭ 200 تۇياق بولۇپ، ھەربىر نوپۇسقا ئىككى يېرىم تۇياقتىن توغرا كېلىدۇ. ئومۇمىي يايلاق كۆلىمى 46 مىليون مو بولۇپ، بۇلار تاغ يايلىقى، جاڭگال يايلىقى ۋە كەنت يايلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. نىسبەتلەشتۈرگەندە، ھەر 12 مو يايلاققا بىر تۇياق چارۋا توغرا كېلىدۇ. يېڭى

زېلاندىيىدەك چارۋىچىلىقى تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەردە، بىر مو يايلاقتا 20 تۇياق چارۋا بېقىلىدۇ...

خوتەندە تاغلار، تاغلارنىڭ چېكى، پايانى يوق. تۇرمەل-تۇرمەل بۇلۇتلار ئاستىدا، تىك قىيالار ئۈستىدە جىلۋىلىنىپ تۇرغان قاردۆۋىسى مەڭگۈلۈك ئۈيقۇسىنى باشلىغان گۈزەل مەبۇدىغا ئوخشاش ئاجايىپ كۆركەم تۈسكە كىرگەن.

— بۇ يەرنى، يەرلىكلەر چوغلۇق دەپ ئاتايدۇ، — ساقاللىق ئادەم يايلاققا تونجى قېتىم ئاياغ باسقان بۇ دېھقان كارخانىچىغا ھەر بىر جىلغا، قىيا، ئېقىن ئۈستىدە سۆزلەپ بېرىۋاتاتتى، — قەدىمكى زاماندا، بىر ئاسمان پەرىشتىسىنىڭ قىزى مۇشۇ چوققىغا ئۇچۇپ چۈشۈپتۇ. بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى ساپ، ئوت-چۆپ، سۇلىرى ئەلۋەك ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، دىلى سۆيۈنۈپتۇ. كۆڭلىدە بىردەم ئارام ئېلىۋېلىشنى تىلەپتۇ. ئۇ تاشلىرى لىغىرلاپ تۇرىدىغان ئاشۇ شارقىراتمىغا تېگىمىگە چۈشۈپ يۇيۇنۇپتۇ. بىردىنە يۈرىكى ئويناپ، كۆزلىرى يىراقلارغا، شارقىراتمىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى ئوتلاققا تاشلىنىپتۇ. چۈنكى ئۇ يەردە بىر يىگىت، پادىسىغا نەي چېلىپ بېرىۋاتقانىكەن. ئۇلارنىڭ كۆزلىرى دەرقەمتە ئۇچرىشىپ قاپتۇ.

قىز ئىنسانىي تۇيغۇغا، يىگىت غايىبانە پەرىشتىگە باغلىنىپتۇ. ئۇلار ئىششىق مۇھەببەت دەۋرىنى سۈرۈپ، خۇشال-خۇرام ئۆتۈپتۇ.

ئۇلار شارقىراتما ئاستىدا سۇ چېچىشىپ ئويناۋاتقاندا، تۇساتتىنلا ئاسماننى تۇمان قاپلاپ، قارلىق چوققا ئۈستىدىن بىر پارچە قارا تۈتەك لەيلەپ كېلىپتۇ... يەر-جاھاننى قاراڭغۇلۇق قاپلاپ، قىز بىلەن يىگىت ۋەھىمىگە

چۈشۈپتۇ. قارىسا، چوققا ئۈستىدە غايەت زور بىر بۈركۈت، قانات تىلىرىنى كېرىپ، ئۇلارغا ۋەھىمە سېلىۋېتىپتۇ.

قانىلىق جەڭنىڭ يەتتىنچى كۈنىسى، يىگىت بۈركۈت سىياقىغا كىرىۋالغان ئاسمان دىۋىسىنى يېڭىپتۇ. ئەمما ئوخچۇپ تۇرغان يۈرىكى جاراھەتلىنىپ قىزنىڭ قۇچىقىدا جان ئۈزۈپتۇ. يىگىت كۆز يۇمۇش ئالدىدا ئۆزىنىڭ ئەتىۋارلىق تەۋەرۈكى بولغان قومۇش نەيىنى قىزغا قالدۇرۇپتۇ.

قىز ئۆزىنىڭ ۋاپادار ئاشىقىنى مۇشۇ تاغ باغرىغا دەپنە قىلغان ۋە نەيىنى تۇپراق بېشىغا سانجىپ قويغان... شارقىراتمىدىن چىققان مۇڭلۇق سادا، ئاشۇ نەينىڭ، قىزنىڭ يىغىسى ئىكەن. كېيىن قىز مۇ ئۆزىنى شېھىت قىلىپ، يىگىتنىڭ قەبرىسىگە سىڭىپ كېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ قەلبىدىن ئوخچۇغان يىغا، قان - زەرداب قىيا ئارىسىدىن بىرخىل ئۆسۈملۈك بولۇپ ئۈنۈپ چىقىپتۇ. بۇ ئۆسۈملۈك ھەر يىلى ياپراقلايدىكەن، غۇنچىلاپ باراقسانلىشىدىكەن، لېكىن ئۇلار شېھىت بولغان ئاشۇ دەۋردىن ھازىرغىچە، ئۇنىڭ ئېچىلغىنىنى ھېچكىم كۆرمىگەنىكەن. كېيىنكىلەر بۇ ئۆسۈملۈكنى «گۈلى قەھقەھ» دەپ ئاتاشقان. بۇ — ئاجايىب خىسلەتلىك گىياھ بولۇپ، ئەگەر كىمىكى ئۇنى تۇتىماقچى بولىدىكەن، ئالدى بىلەن مۇنۇ بېيىتنى ئوقۇشى شەرت ئىكەن:

كۆرگىلى كەلدىم گۈلقەھقەھ،
سۆيگىلى كەلدىم گۈلقەھقەھ.
ئاچچىق ھەسرەت، ئاچچىق ياشتىن
ئۈنگىلى كەلدىم گۈلقەھقەھ!

مانا بۇ بېيىتنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنى تۇتسىڭىز ھېچقانداق ئىش يۈز بەرمەيدۇ، ئەگەر بېيىتنى بىلـ

مەي، تۇتۇپ سالسىڭىز، قول - بارماقلىرىڭىز قىزىق مايغا پۇچۇلانغاندەك كۆيۈشۈپ، ئېچىشىشقا باشلايدۇ.

— كىشىلەرنىڭ «گۈلقەھقەھلىرى ئېچىلىپ كەتتى» دېگەنى يالغانمىكەن - دە!

ساقاللىق ھەمراھ ھېكايىسىنى تاماملىدى، قەدىمكى رىۋايەتتىن رېئال ۋەقەگە، بۈگۈنگە باغلانغان بۇ پاجىئەدە، تەبىئەت بىلەن ئادەمنىڭ ئىچكى باغلىنىشى ئەكس ئەتكەنىدى. ئۇ يايلاقنى چۈشەندى. ھەربىر گىياھ، تاغ - جىلغىلار ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە، خاسلىققا ئىگە بولۇپلا قالماي، بەلكى تەبىئەت جىنسلىرىنىڭمۇ ئادەملەرگە ئوخشاش ئېچىنىشلىق سەرگۈزەشتىسى، ئۆتمۈشى بار ئىدى. بۇ — كىشىنى ئويغا سالىدىغان ئادەملىك تەقدىر، ئادەملىك ھادىسە ئىدى.

كېرەم ئىمىن تەبىئەت بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدىمۇ، ئەنە شۇنداق ئىچكى باغلىنىشنىڭ بارلىقىنى قىياس قىلدى. ئادەم يىقىلسا توپىغا، كۆز يۇمسا، تۇپراققا بەند بولىدۇ، ئوخشاشلا تۇغۇلسىمۇ، كۈلسىمۇ تۇپراققا مۇراجىئەت قىلىدۇ. تۇپراقتىن بەخت - ھالاۋەت ئۈندۈرگەن ئامىل — ئادەم، ئادەمنى گۈل، ھەيۋەتلىك قىلىپ ئۆستۈرگەن نەرسە — تۇپراق!

ئادەم تۇپراق بىلەن، تۇپراق ئادەم بىلەن ئۇلۇغ! ئۇ، ئۆز تۇپرىقىدا، ئۆز يۇرتىدا مۇنداق مۇنبەت، مەنزىرىلىك يايلاقنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلمىغانىدى. ئۇ، يىراققا، ئاسمان بېتىگە، ئۇپۇققا تويماي قارايتتى، تەبىئەتنىڭ يارقىن سىماسى ھەققىدە گۈزەل تۇيغۇلارغا چۆمۈلەتتى.

چۇغلۇق ئاسمىنى — يىراقلارغا نەرە تارتقان، ئاستى ئوتتۇرا قاپتالغىچە يېشىل ئوتلاق، ئۈستى قاتتىق ۋە

پۈتۈن گرانىت تاشلار بىلەن پۈتكەن. چوققىنىڭ غەربىدە تۇرۇپ قارىسىڭىز، ئۇنىڭ ئېگىز چوققىسىدىكى ئۇچلۇق قىيالار، خۇددى ئۇچۇش ئالدىدا تۇرغان بۈركۈتنىڭ ھالىتىگە ئوخشىشىدۇ. تاشلارنىڭ رەڭگى ئاچ قىزىل، بەزى جايلىرى كۆكۈچ چانىدۇ. چوققىنىڭ 400 مېتىر ئېگىزلىك-تىكى يان باغرىدا ياپيېشىل گۈلقەھقەھلەر باراقسانلى-شىپ كەتكەن، ئېگىزلىرىنىڭ بويى بىر يېرىم مېتىر، ياپ-راقلىرى ئەركەك ئۈجمىنىڭ چىۋىقلىرىغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ياپراقلىرىنىڭ شەكلى كۆركەم بولۇپ، 12 تاپلىق سېپال-كىنىڭ تەخسىسىدەك، بىر - بىرىگە يېپىشقان.

ئۇ، يايلاققا تويماي قارايتتى. بورانچى دەرياسىنىڭ ئۆركەشلىرى، قىزىللىقتا چۆمگەن قىرغاق، يوقاقۇن ئوغ-لىنىڭ ياشلىق خاتىرىسىنى ساقلاۋاتقان بولسا، يايلاق مەنزىرىسى ئۇنىڭ تۇيغۇسىدا يېڭى داۋالغۇش پەيدا قىلدى.

— پاھ، نېمىدېگەن گۈزەل ماكان بۇ، چەت ئەل-لىكلەرنىڭ شەھەردىن يىراق بولغان خىلۋەت دالالاردا داچا - ئۆي جاي سېلىپ ئولتۇرۇشى بىكار ئەمەس ئىكەن-دە! 7 - ئاي، يوقاقۇنىڭ تومۇز كۈنلىرى، ھەممە نەرسە ئوتقا قاقلانغاندەك بولۇپ كېتىدۇ، دەريا سۈيىمۇ ئىسسىپ قالىدۇ، ئورمانلار ئاستىدىن گۈپۈلدەپ ئوت تاقىلىدۇ، ئېتىزلار تاشتىن ياسالغاندەك تىمتاسلىققا چۆمىدۇ. ھاۋا ئىسسىق، تىنچىق مۇھىتتا يۈرەك كاۋاپ بولىدۇ. مانا بۇ يەر باشقىچە ھۇزۇرلۇق، ھاۋاسى، سۈيى ساپ، تەبىئەت— ئۆز تەبىئىيلىكى بىلەن ئالدىڭىزدا ياتىدۇ.

— قانداق، كېرەمباي، يايلاقنىڭ نېمىسىگە شۇنچە ھەۋەس قىلىپ كەتتىڭىز! قاراڭ، ئاۋۇ سىزغۇر بالىسى، سىزنى كۆزىتىۋاتىدۇ. باي دېگەنگە ھەممە نەرسە ھەۋەس قىلىدىكەن - دە!

— مەنمۇ قىزىقىپ قالدىم. رەسىمدەكلا گۈزەل يەر ئىكەن بۇ!

ئات بىردىنلا پۇشقۇرۇپ، جايىدا تۇرۇۋالدى. جەھلى قاتقان، قارا تەرگە چۆمۈلگەن بۇ جانىۋار يايلاق يوللىرىغا كۆنۈك بولسىمۇ، نېمىشقىدۇر كەينىگە داجىپ تۇرۇۋالدى.

— پەخەس بولۇڭ، داۋغان كامىردىن ئۈركۈپ قاپتۇ.

ساقاللىق ھەمراھ ئېتىنى دېۋىتىپ كېلىپ، كېرەم ئىمىن ماڭغان چىغىر يولغا چۈشتى. بۇ يەرنىڭ يوللىرى ئېدىرلىقلار، يامغۇر ئىزلىرى ئاساسىدا شەكىللەنگەن، يانىدىشىپ كەتكەن پەلەمپەيسىمان يوللاردا داۋغان كامىرى قەدەمدە بىر ئۇچرايدۇ. پەخەس بولمىغاندا ئۇشتۇمتۇت چىقىپ قالىدىغان داۋغان باللىرى ئاتلارنى ئۈركۈتۈپ، ئات ئۈستىدىكى ئادەمگە ئوڭۇشسىزلىق تۇغدۇرۇپ قويىدۇ.

— داۋغان تېرىسى دورا ماتېرىيالى، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق، ئەمما، ئۇنىڭ بەدىنى بەك سېسىق پۇرايدۇ.

— ئاۋۇ كىمنىڭ قەبرىستانلىقى؟

كېرەم ئىمىن چوخلۇقنىڭ شىمالىي قاپتىلىدا، شامالدىن تىتىلىپ، جۇلۇقى چىقىپ كەتكەن بىر ئۇچى بۇرجەك تۇغنى كۆرسەتتى.

— ئىسمى مەلۇم ئەمەس، — ساقاللىق ھەمراھ ئۆزرە ئېيتقاندەك كېرەمگە قارىدى، — قەدىمكى دەۋردە بۇ يەردىن غازاتچىلار، ساھابى لەشكەرلىرى ئۆتكەن دېيىشىدۇ. لېكىن بۇ زاتنىڭ كىم ئىكەنلىكى، قەيەردىن، كىم بىلەن جەڭ قىلىپ، قەتلى قىلىنغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ.

ئات، كۈيئىنلۈن تېغىنىڭ شار قىراتىمىسى ئاستىدىكى چوڭ ئېقىنغا كېلىپ توختىدى. تاغلىقلار بۇ ئېقىننى «چوڭ ئىلەك» دەپ ئاتايتتى. ئېقىننىڭ سۈيى زۇمرەتتەك سۈزۈك،

مۇزدەك سوغۇق بولۇپ، شارقىراتمىدىن سەكرىگەن سوغۇق ياپراقچىلار يۈزلەرگە نەقىش چېكەتتى.

— ئۆتۈپ كېتەيلى، — ساقاللىق ھەمراھ ئالدىدا، كىرەم ئارقىدا ئىلەكتىن ئۆتۈشتى، — مۇنداق دېسەم، ئەجەبلەنمەڭ، كۆن غەربكە يانپاشلىدىمۇ، بۇ يەردىن ئۆتۈش مۇمكىن ئەمەس.

ئىلەك، 200 مېتىردەك كەڭلىكتە بولسىمۇ، تاشلار بىر-بىرىگە مىنگىشىپ تۇراتتى، سۇ يالاپ پارقىراپ كەتكەن تاش يۈزلىرىدە ئاتنىڭ تۇيىقى تېيىلىپ، بەزىدە ئوت چاقناپ كېتەتتى. ئۇلار چوڭ-كىچىك بىر نەچچە ئېقىننى كېسىپ ئۆتتى.

چوڭ ئىلەك ھەم چوڭقۇر، ھەم تېز ئاقاچقا، ئادەتتە، ئاتنىڭ قۇيرۇقى چىلاشمايدىغان ئازغىنا سۇنىڭ شاۋقۇنىمۇ يىراق-يىراقلارغىچە ئاڭلىناتتى. خۇددى تاغلارنى غۇلىتىپ، لەرزىگە سالغان قىيان سۈيىدەك، جىلغا، قاپتاللاردىن ئەكس سادا بولۇپ قايتاتتى.

ئۇلار توپتوغرا غەربكە قاراپ يەنە بىر كىلومېتىر يول باستى. توپتوز يېشىل پايانداز ئۇستىدىكى يىلانباغرى يولدا ئات بىرخىل يېنىك يورغىسى بىلەن كېلەتتى. ئۇلارنىڭ ئالدىدا زاھىر بولغىنى — ئۇستا نەققاشنىڭ قولىدىن پۈتۈپ چىققان بىر پارچە ئويما ئىدى.

ئېقىن، سۇ بويىدا يەلپۈنۈپ تۇرغان بىنەپشە گۈللىرى ئادەمنىڭ تىزىغا چىقىدىغان قويۇق ئوت-چۆپلۈك.

— بۇنى ئوتتۇرا ئىلەك دەپ ئاتايمىز!

بۇ ئېقىننىڭ سۈيى تېيىز ۋە ئاستىراق ئاقاچقا، مال پادىلىرى ۋە قويچىلارنىڭ گەمىلىرى كۆپرەك ئورۇنلاشقانىدى. بۇ يەردە تىك قاساڭلار، ياشانغان كىشىنىڭ چېكىسىدىكى قورۇقلاردەك چىرمىشىپ كەتكەن چىغىر يوللار

ناھايىتى كۆپ، قاساڭنىڭ تىك قاپتاللىرىدا توپ - توپ كەكلىك، ئۈستىدە ئۇلار، تاغ قاغىلىرى ئۇچۇپ ئۆتەتتى.

ئۇلار چوڭ بىر قىردىن ئارتىلدى.

— مانا كەلدۇق!

ساقاللىق ھەمراھ قامچىسىنى تۈپتۈز كەتكەن مۇنبەت يايلاققا، ئىككى يار ئوتتۇرىسىدىكى يېشىل مەيدانغا چىنىدى. ئۇلار كىچىككىرەك بىر ئېقىنغا دۇچ كېلىشتى. بۇ ئېقىن تېگىدىكى تاشلار قاشتېشىدەك سۈزۈك ھەم سىلىق بولۇپ، يىلانغا ئوخشاش سويۇلۇپ ئاقاتتى.

— ئەسسالام! كېرەمئاخۇن ... بۇ جىلغىنى قانداق تېپىپ كەلدىلە!

ئابلا قويچى «خوجايىن» نىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ دېگۈدەك چىقتى. 45 ياشتىن ھالقىغان بۇ دارازا ئادەم، سەمىرىپ، چىرايى تۇغاچتەك پارقىراپ تۇراتتى.

— خوش، سالامەت چىقىپلا، يايلاقنىڭ ھاۋاسى سالقىن، كۆنۈپ كېتەلەيلا!

— قانداق، ئابلاخۇن، خوتۇن - بالا ئوبدان تۇردىمۇ؟

— يامان ئەمەس! ۋوي خوتۇن، قېنى سىلە!

ئۇ سوۋۇققا قاراپ، ئايالىنى چاقىردى. قارا ئۆڭ، سېمىز بىر چوكان سېرىق ماي چىقىرىۋاتاتتى. چوڭ كۆزلىرىدىن ئېسەنكىرەش چىقىپ تۇرغان ئىككى بالا، ئاسماندىن چۈشكەندەكلا پەيدا بولدى. بالىلار قىپيالىڭاچ بولۇپ، بەدىنى ھېلىلا قوقاستىن سۇغۇرۇۋېلىنغان كۆسەيدەك قارىداپ كەتكەن، يۈز - كۆزلىرى قارا داغدىن چىپكىت - چىپكىت بولۇپ كەتكەنىدى.

ئۇلار گەمىگە دۈگىنىپ كىرىشتى. قاراڭغۇ، ئىسلاش گەمە سۈت ۋە سېرىق ماينىڭ مەززىلىك ھىدى بىلەن تولغانىدى.

— خەۋەر بېرىۋەتكەن بولسىلىمۇ، ئۆزۈملا ھەيدەپ كىرەتتىم. بۇ يىل ئوت-چۆپ قېلىن، يامغۇرمۇ دەل ۋاقتىدا ياغدى. قويلار سەمرىپ، تېرىسىگە سىغمايۋاتىدۇ.

ئۇلار سۈت بىلەن ناشتا قىلىشتى، بۇ ئارىدا ئابدۇللا قويچى تامدەك چوڭ بىر ئېرىكنى سويۇپ، گۆشىنى پارچىلاپ قازانغا سالدى.

— گۆش پىشقۇچە قويلارنى كۆرۈپ كېلەيلى!

كېيىن ئىمىن ئابدۇللا قويچى ۋە ساقاللىق ھەمراھىغا سوئال نەزەرى بىلەن قارىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇلار شۇنچە ئۇزۇن يولنى بېسىپ، تاغ-داۋانلار، دەريا-ئېقىنلار، ئېدىرلاردىن ھالقىپ يايلاققا ئەمدىلا يېتىپ كەلگەنلىكتىن، پۇت-قولىنى ئۇزۇن سۇنۇپ، بىرەر-ئىككى كۈن دەم ئېلىشى شەرت ئىدى. يەنە كېلىپ، يولنىڭ جاپاسى چۈشىنىشلىك، ئېگىزگە ياماشقاندا، يار-توقايلاردىن، قىرلاردىن ھالقىغاندا، ئادەمنىڭ جىسمى سىيرىلىپ، ئاتنىڭ ساغرىسىغا، قۇيرۇقىغا مىنىپ قالاتتى. ئېگىزدىن پەسكە، جىرا-ھاڭلارغا چۈشكەندە بولسا، ئاتنىڭ چۇلۋۇرىغا مىنىپ قالاتتى.

— سىلىنىڭچە، قايسى يايلاقتىكىنى كۆرىمىز؟

— بۈگۈنچە، يېقىنراقتىكىنى كۆرەيلى.

ئۇلار ئاتقا مىنىشتى. ئابدۇللا قويچى گەپدان، ئادەمخۇمار، چارۋىچىلىقنى پىششىق بىلىدىغان ئادەم بولغاچقا، يايلاقنىڭ ئوي-چوڭقۇرى، قىر-ھاڭلىرى ئۇنىڭغا يادا ئىدى. شۇنداق بولغاچقا، ئۇلار گەمىدىن چىقىشى بىلەنلا ئۇنىڭ ئېغىزى ئېچىلدى:

— بىز تۇرۇۋاتقان بۇ ئېقىننى ئاقا ئىلەك دەپ ئاتايدۇ. ئىلەكنىڭ بېشى كوئىنلۇن تېغىنىڭ 3-گۇرۇپپا قورۇمىدىن باشلىنىدۇ، قويلارنىڭ كۆپ قىسمى ئاشۇ دۆڭ

باغرىدا، قارىماققا ئىككى چاقىرىم يىراقلىقتا كۆرۈنگىنى بىلەن، مۇشۇ مېڭىشىمىزدا ئىككى-ئۈچ سائەتتە يېتىپ بارالايمىز. دۆڭنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدە بىر دەريا بار، دەريا ئېقىنىدا قوتازلىق، قوتاز ياپلىقىنىڭ نېرىسىدا ئات ياپلىقى، كالا ياپلىقى بار. ئومۇمەن خانئېرىق ۋە يوقاقۇننىڭ ياپلاقلىرى مۇشۇ تۈزگە جايلاشقان.

كېيىن ئىمىن «ئەمچەكدۆڭ» گە قىزىقىپ قارىدى. ئۈستى ئۇچلۇق جىرا، قاپتىلى قوڭۇر قىيالىق، ئاستى نەچچە ئون چاقىرىم يەرگىچە يامراپ، سوزۇلغان يېشىل ئېدىر، بەئەينى، تەبىئەتنىڭ سۈت تولغان ئىسسىق ئەمچىكى قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. دۆڭ يامىلىدىكى قوڭۇر، نىل، سارغۇچ رەڭدىكى جىرالىق ئۈستىدە توپ-توپ قوي پادىلىرى خۇددى ئاق مارجان چېچىلغاندەك ئوتلاپ يۈرەتتى.

— ئۈچ ئېلەك يەنە تۆت چاقىرىم يىراقلىقتا قېشۇلۇپ بىر دەريا ھاسىل قىلىدۇ. بۇ يەرنى «ئۆڭكۈر» دەپ ئاتىشىدۇ. مانا قاراڭلار، ئالدىمىزدىكى قارا ئېغىز شۇ!

ئېگىزلىكى 1000 مېتىردىن ئاشىدىغان قىيالىق ئاستىدا، كوئىنلۇن چوققىسىغا قاراپ ئېغىزىنى ئېچىپ تۇرغان غايەت زور شىرنىڭ كۆزلىرىدەك قارىيىپ تۇرغان ئۆڭكۈر سۈرلۈك ھالەتتە تۇراتتى.

— تاغلىقلار ئۆڭكۈر ئۈستىنى «مەسلەك» دەپ ئاتايدۇ، بۇنىڭدىكى سەۋەب، ئىسلام غازاتچىلىرىنىڭ يەتتە سەركەردىسى لەشكەرلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىپ، مۇشۇ ئۆڭكۈرگە يوشۇرۇنۇۋالغان، ئۇلار يەتتە كېچە-كۈندۈز مەسلىھەتلىشىپ، بۇددىستلارنى قانداق تارمار قىلىش ھەققىدە مەسلەك ئۆتكۈزگەن، شۇنىڭدىن كېيىن، بۇ يەر «مەسلەك» دېگەن نام بىلەن ئاتالغان.

— خوش، بىزمۇ مۇشۇ يەردىلا مەسلىھەتلىشىۋالايلى، — كېرەم ئىمىن ئابدۇللا قويچىغا قاراپ خاتىرجەم هالدا دېدى، — بۇ يىل قويلاردىن تۆل ئېلىش، بورداق قويلارنى، سېغىنلارنى ئايرىپ بېقىشنىڭ ئۈنۈمى قانداقراق!

— مىڭ ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەلا، ئۆزلىرى كۆز بىلەن كۆرۈپ، بىرنېمە دېسىلە، راستىنى ئېيتسام، بۇ يىل ئامەتلىرى كەلدى. 3000 تۇياق مال 5000 تۇياققا بارىدۇ، قوتان قالدۇقى، بورداق قويلىرى بۇنىڭ سىرتىدا. كالا، قوتازدىمۇ كىرىم چوڭ!

— بۇ قېتىم 3000 نى ئېلىپ قايتماقچى بولۇۋاتىمەن، ئەگەر، قوتان قالدۇقى بەك ئاز قېلىش ئېھتىمالى بولسا، باشقا يايلاقلاردىن تاۋار چارۋىسى سېتىۋالسىمۇ بولىدۇ. بۇنى ئەكىرىپ، قوناق، كۆنجۈرە، كېپەك بىلەن يەنە بىر مەزگىل بوردايدىغان گەپ.

— پەمىمچە، يەنە 500 — 600 دىن بىرەر مىڭغىچە قالدۇق قالىدۇ. يەنە كۆپەيتىش توغرا كەلسە، كۆپەيتسەك بولىدۇ، لېكىن، يايلاقنىڭ هالى مۇشۇ، هۆل-يېغىن كۆپ بولۇپ كەتسە، قويلار ئەتلىنەلمەيدۇ، هۆل-يېغىن ئاز بولۇپ قالسا، ئوت-چۆپلەر ئاينىيالماي، قويلار ئورۇقلايدۇ، ئورۇق قوينى باقماق قىيىن.

— ئۇنداقتا، يەم-خەشەك ۋە دورىلارنى كۆپرەك يۆتكەپ بېرەي، بار ئىمكانىيەتلەرنى قولدىن بەرمەيلى.

كېرەم ئىمىن قېلىن چۆپلۈك ئۈستىدىن ئۆزىگە قاراپ تۇرغان قارا بوز قوينى تونۇۋالدى.

— ماۋۇسى قارا تۇمشۇققۇ؟

بۇ— كېرەم ئىمىن باقمىچىلىق كەسپىنى يولغا قويۇشتىن ئىلگىرىلا تۇپقا قوشۇۋەتكەن 15 تۇياق قوينىڭ سەركىسى ئىدى. ئورمانلار ئەمدىلا باراقسانلاشقان

بورانچىدەرياسى بويىدا، ئۇ، بۇ قويغا بەكمۇ كۆڭۈل قال- غانىدى. ھەتتۇئۇنىڭغا «ئەمگەك قەھرىمانى» دېگەن نامنى بېرىپ، بوينىغا كىچىك كولدۇرما ئورنىتىپ قويغانىدى. چۈنكى ئۇ، ئوت-چۆپلەرنىڭ بارا قسان جايلىرىنى سېزى- ۋېلىش، قويلارنى تەشكىللەشتە بولسۇن، دەريا بويىغا بې- رىپ-كېلىشتە، قويلارنى ياخشى يېتەكلەيتتى. قارا تۇم- شۇق ئۇنىڭ باقمىچىلىقتىن ۋۇجۇدقا كەلگەن پۈتكۈل ئە- گىلىكىنىڭ تىرىك شاھىتى ئىدى. 1981-يىلى ئۇ20مىڭ جىڭ ئاشلىق ئالدى، ئېگىزغا قەلەمچە ۋە سەۋزە تېرىپ، بۇنىڭدىن كىرىم قىلغان 7000 يۈەنگە 40 تۇياق قوي سېتىۋالدى. 1982-يىلى 35 مو يەرنىڭ ئاشلىقىنى ۋە ئون مو قەلەمچىنى سېتىپ، چارۋ- ۋىسىنى 80 تۇياققا يەتكۈزدى. 1983-يىلى 50 مو ئاش- لىق، ئون مو قەلەمچىدىن كىرگەن كىرىم بىلەن چارۋىنى 150 تۇياققا كۆپەيتتى. 1984-يىلى 240 تۇياققا يەت- كۈزدى. 1985-يىلى چارۋا سانى كۆپەيگەنلىكتىن، خاس تاۋار چارۋىدىن 15 مىڭ يۈەن كىرىم قىلدى. 1986- يىلى چارۋا 350 تۇياقتىن كۆپىيىپ، 1987-يىلىغا كەل- گەندە 500 تۇياققا يەتتى. 1989-يىلى 700 تۇياقتىن ئاشتى، 1990-يىلى 400 تۇياقنى 60 مىڭ يۈەنگە سې- تىپ بىر يۈك ماشىنىسى سېتىۋالدى.

ئۇ ھەر يىلى 3000 — 5000 غىچە چارۋا بورداپ، يايلاقتىن يۆتكەش، يوقا قوراندا باقمىچىلىقنى تەرەققىي قىل- دۇرۇش يولى بىلەن دۆلەتنى تاۋار چارۋىسى بىلەن تە- مىنلەيدۇ، يىللىق گۆش مىقدارى 60 توننىدىن ئاشىدۇ. ئۇ، قويلىرى ئارىسىدىن، قارا تۇمشۇققا ھەۋەس بىلەن قارايدى. نەچچە مىڭ يوللۇق ئۇزۇن سەپەر داۋامىدا، سەپتىن چۈشۈپ قالماي، ياشاپ كەلگەن، ئۇنىڭغا نەچچە

، ئەۋلاد بايلىق يارىتىپ بەرگەن بۇ ھايۋان، ئۇنىڭ كۆزىگە ھېلىھەم ئىسسىق كۆرۈندى.

ئۇ سامانيولىدەك جىمىرلاپ تۇرغان ئاق بۇلۇتلار، ئاق يۇلتۇزلار ئارىسىدا، ئېگىز جىلغىلار، قاپتاللار ئارىسىدا يايراپ يۈرگەن ئاق چېكەتلەرگە، قوي پادىسىغا، يايلاقتا تويماي قارايتتى. تەبىئەتتىن تۇغۇلۇپ، تەبىئەتكە قايتىۋاتقان ئوتلۇق بىر سېزىم، ئۇنى سامانيولىدا ئۈزۈپ كېتىۋاتقان ئاق قۇددەك، يانار يۇلتۇزدەك تېخىمۇ جەسۇر، تېخىمۇ يورۇق كۆرسىتەتتى.

## ئاق تۇمان، ئاق ياپراقلار

— ھە، باي ئاكا، ئوبدان كېلىپسەن.

— ئۇ يەردە يېڭى ماۋجۇشىنى ① كۆردۈڭمۇ؟

— كۆردۈم، ناھايىتى ساغلام تۇرۇپتۇ.

— بىزگە نەپ تېگىدىغان گەپلىرىڭ بارمۇ؟

— بار، قەنتتەك گەپلىرىم بار.

ئېيتە، ئۇكا، پايتەختنىڭ بازىرى چوڭمىكەن، بازارغا توخۇ كاۋىپى كىرەمدىكەن؟

— كىرىدىكەن، ھەتتا، بېشى، پۇتى بىلەن بىللە كىرىدىكەن.

— ئاجايىپ، ئۇ يەرنىڭ خورازلىرىمۇ «دۇڭفاڭخۇڭ» ② غا چىللارمىش، شۇنداقمۇ!

— بەلكىم، ئۇنىڭدىنمۇ يېقىملىقراق چىللايدىكەن.

① مەركىزىي رەھبەرنى دېمەكچى.

② «شەرق قىزاردى» ناخشىسىنى دېمەكچى.

— ھەي، ئېچىۋېتىش، تاقىۋېلىش دېگەننى ئېيتمىسىكەن!

— ھەھ! — كېرەم ئىمەن كۈلدى، — مەن سىلەرگە ئەكەلگەن سوۋغات دەل مۇشۇ. تاقىۋېلىش دېگەنني — بىزنىڭ يوقاقۇندا كۆپ داۋاملاشقان مەسىلەن، «ئوغۇت توپلاش» ۋاقتىدا، بورانچى دەرياسىنىڭ كۆۋرۈكىنى بۇزۇپ تاشلاپ، 15 كۈندە بىر بازار قىلغانلىرىمىز، چارۋا، ئۆي ھايۋانلىرىنى بېقىش، سېتىش، ئاشلىقنى «قاراڭغۇ بازار» قىلىش، بۆز - ماتالىنى قويىنىمىزدىن چىقىرىپ، بازاردا ساتالماي، قورقۇپ يۈرگىنىمىز، ئاشلىق قىزغىنلىقى قوغلىشىپ، باشقا ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنى يۇلۇپ تاشلىغىنىمىز... مانا بۇلار، ئۆز - ئۆزىنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈشكە ئوخشىشىپ كېتىدىكەن «تاقىۋېلىش» دەپ ئاتىلىدۇ. سەن، ئېشەك - تۈگۈلۈكنى مەھكەم چۈمكەپ، تاپقىنىڭنى يەپ، يېتىۋەر، ھامان بىر كۈنى چىرىپ، كونا ئىسكىلىتقا ئايلىنىسەن، مانا ئەمدى، ئېشەك - تۈگۈلۈكنى ئېچىۋەتتۇق، ئۆيگە ئىللىق قۇياش نۇرىمۇ، ئىسسىق شامالمۇ، ساپ ھاۋامۇ كىرەلەيدۇ، قۇم - بوران، سوغۇق ئېقىممۇ كىرەلەيدۇ. لېكىن بىز قۇم - بورانغا قانداق تاقابىل تۇرۇشنى، سوغۇقتىن قانداق مۇداپىئە كۆرۈشنى ئۆگىنىۋالدۇق. ئىلگىرى بىزنىڭ يوقاقۇندا تۈزۈكرەك ئۆيمۇ يوق ئىدى. ھازىر ھەشەمەتلىك سارايلار باربولدى. ئىلگىرى بۇ يەردە، كەنتنىڭ توپاق ھارۋىسىدىن بۆلەك قاتناش ۋاستىسى يوق ئىدى. مانا ئەمدى، ماشىنىسى، تراكتورى بارلار سەككىزئون ئائىلىگە يەتتى. ئىلگىرى، بىزنىڭ يوقاقۇندا، بىرەر ئاق قۇشقاچنى بوغۇزلاش ئۈچۈنمۇ كىشىنى قارا تەر باساتتى. مانا ئەمدى، كۆرۈۋاتىسىلەر، دادام، ھەر كۈنى يول بويىدىكى ياغاچقا بەش-ئالتە قوينىڭ گۆشىنى ئاسىدۇ، سەيشەنبىسى باغچى بازىرىدا، چارشەنبىسى يۇرۇڭقاش بازىرىدا ساتىدۇ،

مەيلى قەيەرگە بارمىسۇن، گۆشنىڭ باھاسى مۇقىم، سودا راۋان، ھېچكىم توسۇۋالمايدۇ، ئۇنى-بۇنى قىل دېمەيدۇ. مانا بۇ ئېچىۋېتىش دېگەنلىك!

— مۇنداقچە ئېيتقاندا، سېنىڭ بورانچى دەرياسىنى تىزگىنلەپ، ئورمان بىنا قىلغىنىڭ ئورمانلىقتا توخۇ-ئۆردەك باققىنىڭمۇ شۇ گەپ ئىكەن-دە؟

— شۇنداق. بۇ قېتىم مەن قۇرۇلتايدا پىكىر قىلدىم، دېھقانلىرىمىز تېخى نامرات، كەڭرى سىياسەت يوقاقۇنغا يېتىپ بارغىلى خېلى كۈنلەر بولغان بولسىمۇ، لېكىن، ئېچىش، ئۆزگەرتىش خاراكتېرىدىكى نۇرغۇن ئىشلارغا جۈرئەت قىلىنماي كېلىۋاتىدۇ، مۇشۇ ئىشتا، مەركەز، ھۆكۈمەت تارماقلىرى دېھقانلارنىڭ ئورتاق بېيىشىغا كېپىللىك قىلسا، دېدىم.

— ئۇلار نېمە دېدى؟

— قوللىدى. پىكرىمنىڭ ئورۇنلۇق ئىكەنلىكىنى ماختىدى. ئەمما بۇ يەردىكى گەپ، دەل ئۆزىمىزدە. سىياسەت، قانۇن يول قويغان دائىرىدە، قانداق كەسىپ بىلەن شۇغۇللانساق، بازار رىقابىتىنى ئىگىلەپ، قانچىلىك بېيىپ كەتسەك ئۆزىمىزگە.

— مانا ئەمدى بولدى، دۆلەتنىڭ ئاشلىق ۋەزىپىسىنى ئورۇندىغاندىن سىرت، ھەر خىل ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنى تېرىساق بولىدىغان گەپ ئىكەن.

كېرەم ئىمىن يەنە قوشۇپ قويدى:

— بىزنىڭ يوقاقۇندا، ئېچىشنى، راۋاجلاندۇرۇشنى كۈتۈپ تۇرغان ئىشلار ناھايىتى كۆپ. بورانچى دەرياسىنىڭ بويىدا قالايمىقان ئۆسكەن چىغانلىق بار، بۇلارنى كېڭەيتىشكە، رەتلەشكە، پەرۋىش قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. يەنە بىزدە، ھەربىر نوپۇسقا سەككىز-ئون تۈپتىن توغراكەل-

گۈدەك ياڭاق دەرەخلىرى بار، خوتەن ياڭىقىنىڭ داڭقى
مەملىكەت ئىچىدىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن دۇنياغا تار-
قالغان، بىز ئۆزىمىزدىكى بۇ گۈزەل شارائىتتىن نېمىشقا
پايدىلانمايمىز. خېمىيىۋى بىرىكمىلەر، مەھەللىۋى ئوغۇت،
كۆل، يۇلغۇن چىمانلىرىنى كۆمۈپ، ياڭاق سورتىنى ياخ-
شىلىساق، قېنى كىمىنىڭ كۆزى چۈشمەيدىكەن، يەنە كۆزى-
تىدىغان بولساق، بورانچىنىڭ ئىككى قاسىنقىدا شوداڭ،
زەيكەش يەرلەر، تاشلىنىپ قالغان قاقاسلىقلار كۆپ، بۇ
يەردىن زەيدان كولاپ، لاي ئېقىتىپ، مېۋىلىك باغ يا-
سىساق، پۇل دېگەن غازاڭدەك ياغماي نېمە قىلسۇن.
بىزدە ئاڭ مەسىلىسى، چۈشەنچە مەسىلىسى ھەل بولدىغۇ،
خانئېرىقتا ئىلگىرى يوللارغا ئۈزۈم باردىغى ياساش «ئەخ-
مىقانىلىك» دەپ قارالغان. ھەتتا، «ئۈزۈم چېكىلگەندە
ئۇنى كىم ساقلايدۇ؟» دەپ ئەندىشە قىلىشقان. مانا ئەمە-
دى كۆردۇقۇ، 112 كىلومېتر يولغا تال باردىكى ياسالدى.
ھازىر 80 كىلومېتر يولدىكى ئۈزۈملۈك مېۋە بەردى. يىل-
لىق ئومۇمىي كىرىم 2 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، يېزا
ئومۇمىي كىرىمىنىڭ 17 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. تەخمىنەن بىر-
كىلومېتر ئۇزۇنلۇقتىكى تال-ئۈزۈملۈكتىن 48 مىڭ يۈەن كىرىم
قىلدۇق. ئىگىلىگەن يەر دائىرىسى ئاز، كىرىمى يۇقىرى، مۇنداق
كەسىپنى، بىزنىڭ يوقاقۇندا نېمىشقا ئومۇملاشتۇرال-
مايمىز؟ يەر دېسەك بار، يوللار تۈپتۈز ياسالغان، سۇ
دېسەك، بورانچى دەرياسىدىن ئېشىپ- تېشىپ تۇرۇپتۇ.
ھاۋا، تۇپراق، ئادەم كۈچى، تېخنىكا كۈچىمىز يېتەرلىك.
خانئېرىقتا، يول بويىدىكى ئۈزۈم بارىكىغا ھېچكىم ئاق-
سا قاللىق قىلمايدۇ. ھېچكىم خالىغانچە ئۈزۈپ يېمەيدۇ.
ھەممە ئادەم ئاڭلىق ئاسرايدۇ. ھەتتا بالىلارمۇ، ئۆزلى-

رىنىڭ بايلىقى، ئەمگەك مېۋىسى ئورنىدا ئاسرايدۇ. ھېچكىم ھېچكىمگە كۆزەتچىلىك قىلمايدۇ. بۇ يەردىكى گەپ، يەنىلا تونۇش، چۈشىنىش مەسىلىسى.

— ياپىرەي، كېرەمباي، داشۆدە ئوقۇپ كەلگەندەك ياخشى گەپلەرنى قىلىدىغۇ ئەمدى. ماڭا قارا، سەن بىزگە باشتىمۇ يول كۆرسەتتىڭ، باشلامچى بولدۇڭ، بورانچى دەرياسى بويىدا، مىليون - مىليون يۈەنلىك بايلىق يارىتىشىمىزغا ئۆگەتتىڭ، مانا ئەمدى، ئۆزىمىز داسسەپ تۇرغان مۇشۇ يوقاقۇندىمۇ نۇرغۇن «يوچۇق» بار ئىكەنلىكىنى بىز كۆرمىگەن، ھېس قىلمىغانىكەنمىز، سەن كۆزىمىزنى ئاچتىڭ، ئەمدى، بىز بۇ ئىشلارنى قانداق باشلايمىز، ھازىر بازارلاردا نېمە كەمچىل، نېمە جىددىي، بۇنى سەن بىزدىن ياخشىراق بىلىسەن.

— خەلقئارا بازاردىن دېسەڭلار، مەن سىلەرگە مۇنداق بىر نەچچە ئۇچۇر يەتكۈزەي. ئىتالىيىنىڭ سارانسىيە ئارىلىدا تاتلىق تۇخۇم تۇغىدىغان بىر خىل توخۇ ياشايدىكەن، بۇ خىل توخۇ، ئادەملەرگە ئوخشاش ئاشلىقنى ئوزۇقلۇق قىلغانىدىن سىرت، شۇ ئارالدا ئۆسىدىغان بىر خىل سۆگەتنىڭ يوپۇرمىقىنى يەيدىكەن (بۇ يوپۇرماقتا 25% قەنت ماددىسى بارئىكەن)، فىزىئولوگىيىلىك جەھەتتىن، تاتلىق تۇخۇم تۇغىدىغان بۇ «گۆھەر توخۇ» ئادەتتىكى توخۇلارغا ئوخشىمايدىكەن، ئۇنىڭ تېنىدە بىر تال قەنت بېزى بولۇپ، مەخسۇس قەنت ماددىسىنى سۈمۈرىدىكەن ھەمدە قەنت ماددىسىنى توخۇمدانغا كىرگۈزۈپ، تۇخۇم ھاسىل قىلىدىغان ئاساسلىق ئوزۇقلۇق قىلىدىكەن. شۇڭا ئۇنىڭ تۇخۇمى تاتلىق بولۇپ. بۇ خىل توخۇمنىڭ تېنىدىكى قەنت بېزى تاتلىق سۆگەت يوپۇرمىقى تەركىبىدىكى قەنت ماددىسىنى قوبۇل-

-دۇرغاچقا، تاتلىق تۇخۇم تەركىبىدىكى قەنت مىقدارى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، شاكىلىنى سويۇۋېتىپ، شورپىدا پىشۇرسا، ھەسەلدەك تاتلىق بولىدىكەن ... مانا بۇ بىر ئۇچۇر. يەنە بىرى، ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا، ئاركاس دەپ ئاتىلىدىغان بىرخىل مېكىيان بولۇپ، تۇغقان تۇخۇمى ھالرەڭ، كۆكۈچ، قىزغۇچ سېرىق، ئاچ يېشىل رەڭلەردە بولغانلىقتىن ئىنتايىن چىرايلىق ئىكەن. يەرلىك ئاھالىلەر بۇ توخۇنىڭ تۇخۇمىنى تېتىپ كۆرۈپ، باشقا تۇخۇملارنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان بىر خىل پۇراقنى سېزىپ چىققان، ئەمما شاكىلىنىڭ رەڭگى ھەرخىل بولۇپ، دۇنيادا بۇ خىل توخۇ كەمدىن كەم ئۇچرايدۇ.

— پاھ، كېرەمباي، ئالەمدە كالا سۆزلەپ كەتتىڭغۇ... بىز ئامېرىكا، ئىتالىيە دېگەننى نېمە بىلەيلى. بىزنىڭ خوتەندە، يوقاقۇندا ئاقىدىغان گەپنى قىلمامسەن!

— شۇنداق قىل، ئۇكا، بىزگە ئۇ ئالىچىپار تۇخۇمنىڭ گېپىنى قويۇپ، نەپ تېگىدىغان بىرەر يول كۆرسەت!

— يول! — كېرەم ئىمىن يۇرتداشلارنىڭ كۆزلىرىدىن بىرخىل ئۈمىد، ئىشەنچ نۇرىنى كۆردى. ئۇلار ھەقىقەتەن يولغا، — بېيىشنىڭ داغدام يولىغا موھتاج ئىدى، — مۇنداق بولسۇن، ھازىر مېنىڭ فېرمامدا 20 مىڭغا يېقىن توخۇ-ئۆردەك بار، يېقىندا مەن تېخنىك تەكلىپ قىلىپ يەنە چۈجە چىقارماقچى، كۆپچىلىك خالىسا، چۈجىلەرنى ئەرزان باھادا سېتىپ بېرەي، تۆلىگىلى پۇلى يوقلار، ئۆزىنى ئوبدان ئوگشمۇشىلىپ، كېيىن پۇل تاپقاندا بەرسىمۇ مەيلى، ئەمما، بىزدىكى نوقۇل كەسىپ: توخۇچىلىق دېگەننىڭ ئەمەس، بەلكى باقمىچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە باشقا قوشۇمچە كەسىپلەر، ئېچىلمىغان، ئېچىشنى كۈتۈپ تۇرغان كەسىپلەر بولۇشى كېرەك. قېنى قايسىڭلار جۈرئەت قىلالايسىلەر؟

بورانچى دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا نەچچە يۈز مىڭ تۈپ جىگدە، جىغان چاتقاللىقلىرى بۇزۇلۇپ ياتماقتا. بۇ چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش ۋاقتىدىمۇ ھېچكىم تېگەلمىگەن قورغانغا، يېزا ئىگىدارچىلىق قىلىسىمۇ، ئۇنىڭ مېۋىسىدىن تەبىئەتتىكى سان - ساناقسىز قۇشلارلا بەھرە ئالالايدۇ. نۆۋەتتە مۇشۇنداق ئەپلىك جايدا باقمىچىلىق فېرمىلىرىنى كۆپلەپ قۇرۇشقا بولىدۇ. ئىچكىرى ئۆلكىلەردە، ئالىقانچىلىق بوش يەرنى تېپىۋالسا، قەۋەت - قەۋەتلىك قەپەس ياساپ، توخۇ - توشقان باقىدۇ. بورداقچىلىق فېرمىسى قۇرۇپ، جاھان پۇلىنى ئۇسىدۇ. بىزدە نەچچە مىڭ تۈپ جىگدە تۆكمە بولۇپ يەردە ياتسا، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىدىغان ئادەم يوقمىدۇ!

— ھەي، يېزا ئىگىدارچىلىق قىلغان يەرگە بىزنىڭ چىشىمىز پاتماسمۇ؟

— ھىم، توختام تۈزدۇق دېگەن سۆز، — پايدا - زىياندا باپباراۋەر بولۇش دېگەن سۆز، تاشلاندۇق، كىرىمسىز يەردىن بايلىق، پۇل تاپىمەن دېسە، «ياق» دەيدىغان كىم ئىكەن ئۇ!

— شۇنداق قىلايلى، يېزىلىق پارتكومدىكى ئېزىز قۇربان بىلەن كۆرۈشەيلى:

— يۈرۈڭلار، يېزىغا بارايلى!

تاڭ سەھەر، بۇ يەردە ئاق تۇمان ئاستىدا، ئاق ياپراقچىلار تۆكۈلۈپ ياتاتتى. سەھەرنىڭ مەيىن شامىلىدا ئاقىرىپ تۇرغان ئورمان بىردىنلا سىلكىنىدى، ھايات قاينىمىغا ئايلاندى.

قۇشلار ئاپئاق كۆمۈش ياپراقچىلار ئارىسىدىن بىر-بىرىنى ئۆز يېنىغا چىللايتتى، بىر - بىرىنى قوغلىشىپ، ئاق تۇمان ئارىسىغا شۇڭغۇپ كىرەتتى. خۇددى تۇمان

ئاستىدىكى ئاق پاياندازنىڭ سىرىنى بىلىشۋالغاندەك تىنجىماي سايرىشاتتى.

ئورمان — زېمىن ئۈستىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ئۇ كېرەم ئىمىننىڭ جاسارىتىنى، قورقماس ئىرادىسىنى نامايان قىلىپ تەبىئەتنىڭ جۇدۇن - چاپقۇنلىرى ئالدىدا تىك تۇراتتى. مەغرۇر ھەم ساخاۋەت ئالىقىنىنى ياياتتى. تەبىئەتنىڭ كۆركەملىكىنى نامايان قىلاتتى. قايىقتىندۇر، يەڭلىرىنى تۇرۇپ، مېھنەت كەتمىنىنى دولىسىغا سېلىپ كېلىۋاتقان ئىشچان دېھقاننىڭ، ھۆرمەت، ئېتىقاد، پاراسەت ئۇرغۇپ تۇرغان ساددا دېھقانغا تەنتەنە قىلىشىپ، يېنىك گۈرۈلدەيتتى.

ھەيۋەتلىك دەريانىڭ ئويۇنچۇقىغا «قوغۇنلۇق يولى»غا ئايلىنىپ قالغان بۇ قاقاسلىقنى تىزگىنلەش، نەچچە ئون مىڭ تۈپ تېرەكلىكنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش، سۆز بىلەن دېمەككە ئاسان بولغىنى بىلەن، تاغدەك غەيرەت، تاغدەك شىجائەت، تاغدەك بەدەل ئارقىلىق، گۈزەل ھاياتنىڭ قۇۋۋەت ئېنېرگىيەسىنى بېرىشكە توغرا كېلەتتى. بۇ ئەينى چاغدىكى بورانچى دەرياسىنىڭ دەھشەتلىك قاينامىلىرىدا ئۈزمەكچى بولغان ساياق يولۇچىدەك بەل باغلاش ئاسان، ھۆددىسىدىن چىقىش قىيىن بولغان بىر ئىش ئىدى.

كېرەم ئىمىن ھەممىنى بەردى — بەش يىللىق ھاياتىنى، 150 مىڭ يۈەن تاپاۋىتىنى، نەچچە يۈز، نەچچە مىڭ چاقىرىم يولنى بېسىشقا يېتىدىغان قەدەملىرىنى بەردى. شامال ئېغىزى، دەريا قىنى، قاقىر تاشلىقنى تۈزلەپ، تۇسما ياساپ، نەچچە كېچە - كۈندۈزلەپ لاي ئېقىتىش داۋامىدا، ياشلىقىنىڭ، ھاياتىنىڭ جەۋھىرىنى، باياشات، ئىناق ئائىلىنىڭ خۇشاللىقىنى، ئەر - خوتۇنلۇق، شۇ ئاتا - بالا، قوۋم - قېرىنداشلىق مېھىر - مۇھەببىتىنى بەردى.

ئاخىرى دەريا ئېقىنىنى مۇقىملاشتۇردى. دەريا قىرغىقى يا پىيېشىل سۆگەت، جىغان ئورمىنى بىلەن قاشارلاندى. ئورمان بىلەن دەريانى بىر - بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان يېشىل پايانداز — شاللىق ئېتىزلىرى يەلپۈنۈشكە باشلىدى. تاش - شېغىل، قاقاسلىق ئۇشقىرتىپ ياتىدىغان بىر پارچە يەر، نەچچە مىڭ ئادەمنى باقىلى بولىدىغان گۈرۈچ كانىغا ئايلاندى.

— دۈت - دۈت!

پۈچقاقلىرىنى تۈرۈۋالغان كېرەم ئىمىن، شاللىقتا تۇرۇپ بېشىنى كۆتۈردى.

كۆكۈچ رەڭلىك، قىسقا كۇزۇپلۇق تۇرمۇش ماشىنىسى بورانچىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدا پۇشۇلداپ توختىغانىدى. كابىنكىدىن بىرىنچى بولۇپ، چاچلىرىنى بۇدۇر قىلىۋالغان شوپۇر، ئاندىن، يوقاقۇنىڭ «شۇڭقارى» توختاخۇن چۈشتى ۋە ئۇدۇللاپ شاللىق تەرەپكە كەلدى.

— بولدىلا، بايۋەچچەم، شاللىقنى بىزگىلا قويۇپ، بۇيا قىقا چىقىڭ.

توختاخۇن ئېغىزىدىكى مورخوركىسىنى بارماقلىرى ئارىسىغا قىستۇرۇپ قىرغا زوڭزايدى.

كېرەم ئىمىن قىرغاققا چىقتى. شوپۇر ئۇنىڭغا تونۇش ئىدى. ئۇلار بىرنەچچە يىلدىن بۇيان چۆپقەتلىشىپ كېلىۋاتقان ۋىلايەتلىك 1 - مېھمانخانىنىڭ ئادىمى ئىدى. ئۇ «قېنى ئىش» دېگەندەك قىلىپ، توختاخۇنغا قارىدى:

— بۇ يىلداشقا توخۇ - تۇخۇم لازىمىكەن: ئەمما... سانى بىر ئازكۆپ.

— قانچىلىك بېرىمەن؟

— 3000 توخۇ، بىر تونىنا تۇخۇم!

— ھەممىسىنى بىراقلا يۆتكەپ كېتەمسىلەر؟

— شۇنداق، سۇ ئىشلىرى نازارىتى بىر ھەيئەتنىڭ يىغىن ئاچىدىكەن. بۇ يىغىن ۋىلايىتىمىزدە ئېچىلىدىكەن، شۇنىڭ تەييارلىقى.

— بىز ئاۋۋال فېرمىغا بېرىپ باقايلى.

ئۇلار شاللىقنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈپ، ئورمانلىققا كىرىپ كەلدى... تۇمان ئارىسىدىكى ئورمان، دەرەخ شاخلىرى ئارىسىدىن شۇڭغۇپ كىرگەن ئەتىگەنلىك شەپەق، خۇددى تالا - تالا ئەتلەسلەرنى تارتىپ قويغاندەك، گىرىمسەن شولا پەيدا قىلغانىدى. ئۈچ گەۋدە ئەنە شۇ كىشىدەك نۇر ئارىسىدا ئالغا كېتىپ باراتتى.

ئىگىز تام، ئۈستى سىم بىلەن قاشالانغان توخۇ فېرمىسى، ئورمانلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھەيۋەتلىك سېپىلدەك قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى.

— قېنى، مەرھەمەت.

ئۇلار كۆك سىرلانغان چوڭ دەرۋازىدىن كىردى. ئاپئاي، تىلسىماتلىق بىر دۇنيا، غايىب بىر يايلاق كۆز ئالدىدا سوزۇلۇپ ياتاتتى.

فېرمىنىڭ ئومۇمىي دائىرىسى 10 — 15 مو ئەتراپىدا كېلەتتى. سىم توسۇق ئىچىدە توخۇلار دان يەۋاتاتتى. سىم تور ئالدىدىكى ئۇزۇن نوغا كۆتچۈرە، بىلە قۇرتى پاراشوكى ئارىلاشتۇرۇلغان بىرىكمە دان تۆكۈلگەنىدى. فېرمىنىڭ شەرقىي تەرىپىدە كىچىك - كىچىك كۆلچەكلەر بولۇپ، توپ - توپ ئۆردەكلەر غاقىلدىشىپ ئۈزۈپ يۈرەتتى. فېرمىنىڭ كۈنپېتىش تەرىپى پۈتۈنلەي رېشاتكا بىلەن توسۇۋېتىلگەن، ئىچىدە، ئالتاي، ئىلى تەرەپتىن كەلتۈرۈلگەن نەسىللىك كالا بېقىلاتتى.

تاڭ سەھەردە، ۋىلايەتلىك 1-، 2- مېھمانخانا، ھەربىي رايون، بەش خىل مېتاللار شىركىتىنى تەمىنلەيدى-

غان نەچچە تونىلاپ سۈت مانا مۇشۇ «ئالا» گۆھەرنىڭ ئىچكى ھۇجەيرىسىدىن ئېقىپ چۈشەتتى.

كالىلارنىڭ مۆرىشى، ئۆردەكلەرنىڭ غاقىلدىشى، توخۇلارنىڭ قاقاقلىشى، دان يۇغۇرۇۋاتقان، كالا سېغىۋاتقان ئاياللارنىڭ كۈلكىسى، دان يومشىتىش ماشىنىسىنىڭ گۈرۈلدىشى، بۇ يەرنى جانلىق بىر مۆجىزاتلار مۇھىتىغا ئايلاندۇرغانىدى. تاغار - تاغارلاپ تىزىۋېتىلگەن قوناق، كۈنجۈرە يارمىسى، بېدە - پىچانلىرى — بۇ ھايۋانات دۇنياسىغا يېڭىچە تۈس، تويۇنۇش كەيپىياتى بېغىشلىغانىدى.

ئۇلار ئىسكىلاتقا كىردى. توختاخۇن ئالىبۇرۇن تەييارلاپ قويۇلغان توخۇ - تۇخۇم دۆۋىسىنى كۆرۈپ، ھەيران قالدى.

— بۇ، نېمە ئىش؟

— زاپخوز بىلەن تۈنۈگۈن كۆرۈشكەنىدىم، — كېرەم ئىمىن شوپۇر بىلەن توختاخۇنغا چۈشەندۈردى، — شۇڭا، سىزنى بۈگۈن ئەتىگەن كېلىدۇ دەپ، كېچىچە ئادەم تەشكىللەپ، مالنى تەق قىلدىم. ئاڭلىسام، بۇ قېتىمقى سۇچىلىق يىغىنى — ئۇلۇغئاتا قۇرۇلۇشىنى مۇزاكىرە قىلىدىكەن، سۇ، توك مەنبەسى ھەل قىلىنسا، بىزگىمۇ ياخشى ئەمەسمۇ، خىيالىمدا، يوقا قۇندىمۇ چوڭ-چوڭ زاۋۇتلار، زامانىۋى فېرمىلارنى بارلىققا كەلتۈرۈشكە بولىدۇ، لېكىن توك مەسىلىسى قىيىن، ھازىر شەھەردە كوللېكتىپ ۋە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى نۇرغۇن كان - كارخانىلار، زاۋۇتلاردا توك كەمچىل، ئىشلەپچىقىرىشقا تەسىر يېتىۋاتىدۇ. بۇ قېتىمقى يىغىندا، مۇشۇ مەسىلە ھەل قىلىنسا، ھەممىمىز خۇشال بولىمىز. زاپخوزۇڭلارغا ئېيتىپ قويۇڭ، نېمە كېرەك بولسا، شۇ ھامان تەييارلاپ بېرە-

مەن... ھە راست، كىلەر ھەپتىدە يايلاققا ماڭىمەن، قويلار سەمرىپ تولۇپ كەتتى. گۆش - تۇخۇمدىن قانـچىلىك دېسەمۇ بېرەلەيمەن.

كېرەم ئىمىن قارا تەرگە چۆمدى، يەشكەلەرگە قاچىلانغان توخۇ - تۇخۇملارنى باسقۇچقا، بىردەممۇ تىنىم تاپمىدى. چېكىسىدىن شۇرقىراپ تەر ئاققىنىغا قارىماي ئىشلىدى. بىلىنى تېيىنىپ تۇرغان شوپۇر ئۇنىڭ بۇ قىلىقىدىن ئەجەبلەندى ھەم خىجىل بولدى.

— قىزىق ئادەم ئىكەنسىز، — ئۇ بىلەكلىرى بۆرتۈپ چىققان كېرەم ئىمىنگە ياندىشىپ كېتىۋېتىپ سۆزلىدى، — شۇنچە دۇنيا - ئوقەتنىڭ خوجايىنى تۇرۇپ، ئۆزىڭىز سانـدۇق كۆتۈرۈپ يۈرگىنىڭىز نېمىسى، فېرمىدىكى «مەدىكارلار» غا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويسىڭىزلا بولاتتىغۇ!

— ئۇلارنىڭ ئۆز كەسپى، ئۆز ۋەزىپىسى بار. ئۆز ئىشىنىڭ ئومۇمىي تاپاۋىتىگە ئۇلار مەسئۇل، پايدا ئالسا، تالاشمايمەن، تۇتۇپ قالمايمەن، زىيان تارتسا، ئۆزۈمگە ھېساب. شۇڭا ئۇلارنى كەلسە - كەلمەس ئىشقا بۇيرۇش — كەسپكە ھۆرمەت قىلمىغانلىق، ئىدارە - جەمئىيەتلەردە، تۆمۈرچىنى ياغاچچىلىققا، شوپۇرنى كاسـسىرلىققا سالىدىغان ئىشلار كۆپ، لېكىن بىزنىڭ بۇ يەردە، كەسىپ ئەھلى خېلى تاللاقلىق.

— بۇلاردىن، يۇقىرى مائاش ئالىدىغانلىرى قانچىلىك؟

— ئوخشاشمايدۇ، ياراتقان پايدىسىغا ئاساسەن مائاش ۋە مۇكاپاتى بېكىتىلىدۇ. بايا كۆردىڭىزغۇ، تو- خۇغا دان سېلىۋاتقانلارنىڭ چېھرىدىكى كۈلۈمسىرەشنى. يۇقىرىسى 300 يۈەن، تۆۋىنى 80 — 90 يۈەنگىچە ئالىدۇ.

شوپۇر كۈلۈمسىرەپ تۇرغان «خوجايىن» غا كۆڭلىدە ئاپىرىن ئوقۇدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا تۇرغىنى دېھقانغا، ئاتا - بوۋىسىدىن تارتىپ، يەر بىلەن تىركىشىپ كەلگەن «قارا قورساق» دېھقانغا ئەمەس، بەلكى ئاسماندىن چۈشكەن پەرىشتىگە، دۇنيانىڭ ئۇ چېتىدىن كېلىپ، ئولتۇراقلىشىپ قالغان ساياھەتچىگە ئوخشىشىپ قالغانىدى.

شوپۇر خوشلىشىپ چىققاندىن كېيىنمۇ، ئۇنىڭغا كەڭ يەلكىلىك، خۇش ئاۋاز كارخانىچىغا زور ھاياجان بىلەن قارىدى. ئۇنىڭغا ئاسايىشلىق، داغدام يول تىلىدى. ئەينى يىللاردا 6000 يۈەن مەبلەغ بىلەن ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلگەن بۇ باقمىچىلىق فېرمىسى، بۈگۈنكى كۈندە، يىلىغا نەچچە ئون مىڭ يۈەن بايلىق يارىتالايدىغان مۇھىم تۈگۈنگە ئايلاندى.

ئۇ، يىلىغا 50 — 60 تونىنا گۆش، تۇخۇمنى دۆلەتكە سېتىپ بەردى.

— بۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب، — دەيتتى ئۇ بازار باھاسىنى كۆز - قىلغۇچىلارغا، — مەن بورداتقان مال، توخۇ - تۇخۇم، ئاشلىقلارنىڭ ھەممىسىنى دۆلەتكە سېتىپ بېرىشىمنى توغرا دەپ قارايمەن. چۈنكى، يەرنى پارتىيە بەردى، ھۆكۈمەت قوللىدى. پارتىيە - ھۆكۈمەتنىڭ كەڭرى سىياسىتىدە يەر تېرىپ، قوشۇمچە كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىپ بېيىدۇق. شۇنداق ئىكەن، بېيىغاندا، پارتىيە - ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقىنى ئۇنتۇپ قالماي، بايلىقنىڭ كۆپ قىسمىنى دۆلەتكە تاپشۇرساق، تاۋار ماللىرىنى دۆلەتكە سېتىپ بەرسەك، بۇنىڭدىن دۆلەت كادىرلىرى، ئەسكەر، ئىشچى - خىزمەتچىلىرى بەھرىمەن بولسا، بىزنىڭ ئەمگىكىمىزنىڭ نەتىجىسى چىقىدۇ. شۇنداق بولغاچقا، گەرچە بازار باھاسى ئۆرە،

تاپاۋەت ياخشى بولسىمۇ، دۆلەت باھاسى بازار باھاسىدىن تۆۋەن بولسىمۇ، پايدىنى كۆزلىمەستىن يەنىلا دۆلەتكە سېتىپ بەردىم.

بۇ — ئۆز نۆۋىتىدە، كەڭرى سىياسەتكە، ئىسلاھاتقا ماس ھالدىكى تاۋار ئىگىلىكى چۈشەنچىسى ئىدى. بۇ يولدا ماڭساڭ مەڭگۈ ئاداشمايسەن، بايلىقنى دەپ، دۆلەتتىن خەلقتىن ئايرىلىپ قالمايسەن، مەڭگۈ سېنى يۆلەيدىغان، قوللايدىغان يۆلەنچۈككە، توغرا باشلامچىغا ئېرىشىسەن.

مانا بۇ دېھقانىنىڭ چۈشەنچىسى، يوقاقۇن ئاسمىنى ئاستىدا ئۆمىلەپ يۈرۈپ، ئاخىرى ئورنىدىن دەس تۇرغان، قۇياشنىڭ ئىللىق نۇرىدىن بەھرە ئېلىپ، زېمىنغا بارلىقىنى تۆككەن ئاددىي دېھقانىنىڭ قەسىمى. بورانچى دەرياسىنىڭ شىددەتلىك ئېقىنلىرىدىكى مەۋج ئۇرۇپ تۇرغان ئوتلۇق بىر يۈرەكنىڭ يارقىن تىۋشى، ئىسلاھاتچى، دېھقان كارخانىچىسىنىڭ ئالىيجاناب پەزىلىتى!

## تۇنجى سۈرەت، تۇنجى ئاۋاز

— سىز ھەقىقەتەن يىراقنى كۆرەر، تەدبىرلىك دېھقان ئىكەنسىز، خەلق ئۈچۈن كۆپلەپ ياخشى ئىش قىلىپ بېرىۋاتىسىز، خەلق سىزنى ئەۋلادتىن-ئەۋلاد ياد ئېتىدۇ.

مۇخبىرنىڭ ھاياجانلىق سۆزلىرى ئالدىدا ئۇ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ، سۆزىنى داۋام قىلدى:

— بەك ئاشۇرۇۋەتتىڭىز. بىز خوتەنلىكلەردە، «بىرنى بىر دېگۈلۈك ...» دېگەن ھېكمەت بار. مېنىڭ قىلغان ئىشلىرىم ئانچە كۆپ ئەمەس، ئادەم ھاياتىدا ئۆزى ئۈچۈنلا

ياشىماسلىقى كېرەك. سەن ئالتۇن ـ كۈمۈش ئۈستىدە ئېغى-
ناپ ياتساڭ، باشقىلار ئاچ ـ يالىڭاچلىقتىن بېزىرىپ
يۈرسە، بۇنداق بايلىقنىڭ نېمە لەززىتى؟ بايلىق، پۇل،
مال ـ دۇنيا دېگەن قولنىڭ كىرى، ئادەم هامان بىر كۈنى
ئاشۇ بايلىقتا ئوخشاش يوقىلىدۇ. ئەمما بىزدە، «بىر ياخ-
شىلىق ئۇنتۇلماس، بىر يامانلىق» دېگەن تەمسىل بار.
هەرقانداق ئىشتا خەلقنى، يۇرتداشلارنى ئويلاش كېرەك.

ئۇ ئۆز يۇرتداشلىرىنىڭ دەردى ـ هالىنى ئوبدان
چۈشىنەتتى. هۆددىگەرلىك تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندا، ئۇ
باشلامچى بولۇپ، ئۇنى مىسىز، شورلۇق تۇپراققا ئورۇق
سېلىپ، پەن ـ تېخنىكىنىڭ كۈچى بىلەن 100 مىڭ جىڭچى
ئائىلىسىگە ئايلاندى. بۇ ئارقىلىق يوقاقۇن دېهقانلىرى-
نىڭ هۆددىگەرلىك تۈزۈمىنىڭ ئۇزاققىچە داۋاملىشىدى-
غانلىقىغا، ئىلمىي ئۇسۇلدا تېرىقچىلىق قىلغاندىلا، ئۆز تۇرمۇش-
تىكى «داجەي سەۋىيىسى» دىن ئېشىپ چۈشكىلى بولىدى-
غانلىقىغا بولغان ئىشەنچىسىنى ئۇرغۇتتى. بىر تەرەپ-
تىن، ئۆز ئەمەلىيىتى، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش، قوشۇمچە
كەسىپنى يولغا قويۇشتىكى پەم ـ پاراسىتى، مول مېۋىسى
بىلەن دېهقان ئېگىدا يۈكسىلىش، سەكرەش ۋەزىيىتى
ياراتسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆزى مول هوسۇل ئالغاندا،
مول هوسۇل ئالالمىغانلارنى، ئۆزى بېيىغاندا، بېيىيالمى-
غانلارنى ئويلىدى. يوقاقۇندا، ئۆزىدەك، «كېيىمى پۈتۈن،
قورسىقى توقلار» دىن يەنە قانچىسى بارلىقىنى دەڭسەپ
كۆردى.

نامراتلىق ... سول سىياسەتنىڭ قاشاقلىقى، بۇرۇق-
تۇرمىلىق قالدۇرۇپ كەتكەن كۆڭۈل جاراهىتىدىن باشقا،
دېهقانلارنىڭ شىللىسىگە مىنىپ تۇرغان نامراتلىق يەنىلا
ئاساسىي ئېقىم ئىدى. يىللىق دارامىتى 250 يۈەنگە يەت-

ھەيدىغان، ئاچ قورساق دېھقاندىن، پۈتكۈل خانئېرىقتا 864 ئائىلە، 3331 نوپۇس بار ئىدى. ئۇلارمۇ كۈننىڭ سېرىقىنى كۆرۈشى، زېمىندىن، دەريا بويىدىكى مۇشۇ ئالتۇن تۇپراقتىن ئۆز نېسىۋىسىنى تېپىپ يېيىشى، يېڭى جەمئىيەت، گۈزەل رېئاللىقتىن ئاخىرقى تىنىقىدا بولسىمۇ ھوزۇرلىنىۋېلىشى شەرت ئىدى.

ئۇلار، پۇزۇر كىيىنىشنى، تويغۇدەك ئوزۇقلىنىشنى بىر كۈنمۇ ئېسىدىن چىقىرالمايتتى. ئەمما، ئۇلاردا، ئىستېمال سەۋىيىسىنى قاندۇرغۇدەك پۇل-مادار يوق ئىدى. جىسمانىيەت ۋە پاراسەت جەھەتتىن تولۇق يېتىلگەن تۇرۇقلۇق، شەيئىلەر مۇناسىۋىتىدىكى ئىلگىرى-كېيىنلىك تەرتىپى تۈپەيلى يول تېپىپ ئىلگىرىلەشتە، ھامان كەينىدە قالاتتى. باشقىلار مېۋىسىنى قېقىپ تۈگەتكەن دەرەخ ئاستىدىن مېۋە ئىزدەش بىلەن ئاۋارە بولاتتى. باشقىلار ئۈزۈپ ئۆتكەن دەريا قىرغىقىدا تېنەپ يۈرۈپ، كۆۋرۈك ئىزدەيتتى. ئۇلار، قاراڭغۇ-زىمىستان ئىچىدە نۇر، يورۇقلۇق ئىزدىگۈچى، يىراقتىن كۆرۈنگەن نۇر، ئىقبال دالاسىغا قانداق بېرىشنى بىلمىگۈچىلەر ئىدى.

ئۇلار يول ئىزدىگۈچى، جاسارەتلىك، غەيرەت-شىجائەتتى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان يول باشلىغۇچىغا، يوقا قۇننىڭ پاراسەتلىك ئوغلى كېرەم ئىمىندەك كۈچلۈك «ئارقا تىرەك»كە تولىمۇ موھتاج بولۇۋاتاتتى. ئاشۇنداق بىر سەركىنى تۆت كۆز بىلەن كۈتۈۋاتاتتى.

كېرەم ئىمىن دەل مۇشۇ يولدا، مۇشۇ دولقۇن ئىچىدە كاراپتەك، دۇلدۇلدەك چېپىپ كېلىۋاتقان بىر ئەزىمەت ئىدى. ئۇ ھۆددىگەرلىك ئېتىزلىرىدىن قوش قاتلاپ ھوسۇل، بەرىكەت ئالغان مىنۇتلىرىدا، بورانچى بويىدا بىھوش ياتقان قاقاسلىقتا جان كىرگۈزۈپ، ئۇنى بوستان

لىقتا، يېڭى بىر دۇنياغا ئايلاندۇرغان چاغلىرىدا، باشقىچىلىق كەسپى بىلەن يۇقىرى ئۈنۈم ھاسىل قىلىپ، نۇرغۇن بايلىقنىڭ ئىگىسى بولغان كۈنلىرىدە، ھامان يۇرتىنى، يۇرتداشلارنى، دۆلەتنى ئېسىدىن چىقارمىدى. دۆلەت سىياسىتىنىڭ پارلاق نۇرى ئاستىدا، روناق تېپىپ، يۇرتداشلار ئۈچۈن يول ئاچتى. يۇرت ۋە يۇرتداشلىرىغا ئۈمىد-ئىشەنچ ئاتا قىلدى. ئازاد بولغان نەچچە ئون يىلدىن بۇيان، تىرىك مۇردىدەك ئېچىنىشلىق ھالەتكە چۈشۈپ قالغان نامرات يۇقا قۇندا — ھاياتنىڭ يىلتىزى قۇرۇغان، روھى سۇنغان، ھالسىز، ماغدۇرسىز زېمىندا بۇنىڭدىن نەچچە مىڭ يىللار ئىلگىرىكى ئېپتىدائىي ياشاش شارائىتىغا تۈپتىن ئوخشىمايدىغان بىر خىل مۇھىتنىڭ دۇنياغا كېلىش ئېھتىمالى بارلىقىنى، قايتا باش قاتۇرۇشنىڭ مۇمكىنچىلىكى بارلىقىنى بىردىنلا ھېس قىلدۇردى.

ئۇ ئۆز تۇرمۇشىدا، ئىقتىسادچان، تىرىشچان ۋە ئاددىي-ساددا بولۇپ، ئىسراپخورلۇق، ھەشەمەتچىلىك ئىللەتلىرىگە، بايلىقنى، كۈچىنى كۆز-كۆز قىلىشتەك يوغانچىلىق تۇيغۇسىغا ئەسلا يول قويمايتتى. بۇزۇپ-چېچىش، ئۆز قەدىر-قىممىتىنى يەرگە ئۇرغانلىق دەپ قارايتتى. لېكىن ئۇ، نامراتلارنى، ئاجىزلارنى يۆلەشتە، ئۇلارغا خەيرخاھلىق قىلىشتا، بايلىقنىڭ، پۇلنىڭ كۆزىگە قاراپ ئولتۇرمايتتى. قانچىلىك جاپا چەكسىمۇ، چىقىم تارتسىمۇ، مەردلىك بىلەن ئىش كۆرەتتى. تېرىلغۇ ئىشلىرىنىڭ ئالدىراش پەيتلىرىدە، ئەمگەك كۈچى ئاز، ئاجىز، قولى قىسقا نامراتلارغا ۋە ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرى كەمچىل، دېھقانچىلىقتا يېتەرلىك مەبلەغ سېلىش ئىمكانىيىتى بولمىغان، تېخنىكا، ئىش ئۈنۈمدارلىقىنى ئاشۇرۇشتا قىيىنچىلىققا يولۇققان دېھقانلارغا ئۇلاغ، تىراكتور

كۆچى، تېخنىكا يېتەكچىسى ئاجرىتىپ، ئۇلارنىڭ زىمىنىدىكى سېلىقنى، ۋاقىت جەھەتتىكى قاتلاشچىلىقنى، راسخوت جەھەتتىكى باش قېتىمچىلىقنى ھەل قىلىپ، بايلىقنىڭ كۆچىنى، يۇرتداشلىق مېھرى ئارقىلىق نامايان قىلدى.

دېھقانچىلىقتا، ئامراتلىق — يول تېپىش، ئەقىل ئىشلىتىشنىڭ كەملىكىدىن كېلىپ چىقسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئەمگەك كۈچىنىڭ يېتەرلىك بولالماسلىقى، پەيتىنى ئۆتكۈزۈۋېتىشتىن كېلىپ چىقىدۇ. كېرەم ئىمىن بۇ ھالقىنى چىڭ تۇتۇپ، تېرىش، يىغىش، سوقۇش، ئورۇش ماشىنىلىرىنى ئىشقا سېلىپ، ئامراتلارنىڭ ھاجىتىدىن چىقاتتى. جىددىي پەيتلەردە، دەريا مۇداپىئەسى ۋە باشقا ئاممىۋى ھەرىكەتلەر ئۇيۇشتۇرۇلغاندا، ماشىنا - تراكتور ئاجرىتىپ دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى يېنىكلەتتى. ئۇ، يوقاقۇندا نامسىز قەھرىمانغا، ئەجىر قىلىشنى شەرەپ، ھەق ئېلىشنى ئۇيات بىلىدىغان پەرىشتىگە ئايلاندى. ئۇنىڭ سايانلىرى نەچچە ئون مىڭ مويەرنى تىلغىدى، سېپىلكا - تراكتورلىرى نەچچە ئون قېتىملاپ ئامراتلارغا قول - قانات بولدى. ماشىنا ئۇسكۈنىلىرى يوقاقۇنىنىڭ پۈتكۈل ئاممىۋى سورۇنلىرى — توي يۆتكەش، دەپنە قىلىش، كېسەل يۆتكەش ئىشلىرىدا بىباھا ۋاسىتىگە ئايلاندى.

ئۇنىڭ كىرىمى، بايلىقى ئاشقانسېرى، يۇرت ئىچىدىكى يۈز - ئابرويى يۇقىرى بولدى. ئاددىي تۇرمۇش قوينىدا ئۆسۈپ يېتىلگەن بۇ دېھقاندا، ئۆزى ھېس قىلالمايدىغان، ئەمما باشقىلارغا چۈشىنىشلىك بولغان بىر خىل سالاپەت پەيدا بولدى. كىشىلەر ئۇنىڭ مەڭزلىرىنىڭ تولۇپ پارقىراشلىرىغا، يۈرۈش - تۇرۇشلىرىدىكى مەدەنىي قىياپەتلىرىگە، ساقالسىز زاڭاقلىرىغا قاراپ، ھەرخىل قىياسلاردا بولۇشتى.

— تۇۋا، كېرەمباي، خوتۇن ئۈستىگە يەنە خوتۇن ئاپتۇمىش.

— بايلىق ئېشىپ-تېشىپ تۇرغاندىكىن، كۆڭۈل دېگەن ھەر كويغا سالىدۇ-دە!

— ئامىنەخان ياۋاش چىكان ئىدىغۇ؟ بىچارىنىڭ مۇشتۇمدەك بالىلىرى بولمىسىغۇ بىر گەپ. ئۇۋۋالچىلىققا قالمىسا بولاتتىغۇ!

— ھەي، تاڭەي ئەر خەق دېگەننىڭ تىزگىنىنى تۇتماق ئاسان ئەمەس. يانچۇقى تولىدىمۇ، كۆزى ئېچىلىدىغان گەپ.

— ئاڭلىسام، ئۈرۈمچىدىمۇ بارئىمىش ... يەنە كېلىپ، باشقا تائىپتىن...

كېرەم ئىمىن بۇ سۆزلەرگە ئىختىيارسىز كۈلۈۋەتتى:

— بالام، ئايالىم، ئوخشاشلا مېنىڭ بايلىقىم. قانداقسىغا، ئۇلارنى خارى-زار قىلغۇدەكمەن. قۇرۇق گەپ، خوتۇن ئېلىپ، خوتۇن قويۇپ بېرىش شاللاق سودىگەرلەرنىڭ ئىشى!

ئۇنىڭ جاۋابى شۇ بولدى.

ئۇ كۆڭلىنىڭ كەينىگە كىرىپ، ئۆز-ئۆزىنى خاراب قىلىشنى، ئىسسىق ئائىلىسىنى ۋەيران قىلىشنى مەڭگۈ خالىمايتتى. ئەلۋەتتە، نامراتلىق قارا قۇيۇندەك نەرە تارتىپ يۈرگەن يوقاقۇندا، بەختىنىڭ، لەززەتىنىڭ نېمىلىكىنى تۈزۈكرەك ئاڭقىرالمايتتى. دەل مۇشۇ ئائىلە، ئامىنەخاننىڭ پاك مۇھەببىتى، ئۇنىڭغا تۇنجى قېتىم بەخت تۇيغۇسىنى ئاتا قىلدى. ئامىنەخاننىڭ سەمىمىي-ساداقەتلىك بىلەن سۇغىرىلغان پەزىلىتى، ئۇنى ئىللىق ئائىلىگە، مەنىۋى باياشاتلىققا ئېرىشتۈردى. بۇ خىل مەنىۋى كۈچ، بۈگۈنكى كۈندە ماددىي بايلىق يارىتىشنىڭ مۇستەھكەم

ئۇلىنى قورۇپ بەردى. شۇنداق ئىكەن، ئۇ ھاياتىنىڭ مەلۇم مۇساپىسىدە ئېرىشكەن بايلىق ئالدىدا، نام-ئابروي ئالدىدا، ئۆز ھاياتىنىڭ جەۋھىرى، ئائىلىسىنىڭ كۈچلۈك ئارقا تىرىكى بولغان ئامىنەخاندىن قانداقمۇ مېھرىنى ئۈزەلىسۇن!؟

— ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىشكە بولىدۇ.

كېرەم ئىمىن مۇخبىرغا ئۆز سەزگۈسىدىكى يارقىن تەسىراتلىرىنى سۆزلەپ بەردى.

1984-يىلى، ئۇ كەنتتىدىن ئون نەچچە نامرات ئائىلىنى ئۆز ھىمايىسىگە ئالدى. ئۇلار بەزىلىرى، باققۇچىسى يوق، ئاجىز، كېسەلمەن كىشىلەر ئىدى. بۇلار كوممۇنا ۋاقتىدا كوللېكتىپ ئىگىلىكتىن كېلىدىغان «بايلىق» قا يۆلىنىپ ياشىغان، كوللېكتىپنىڭ ئۆيلىرىدە يېتىپ-قوپ-قانىدى. ھۆددىگەرلىك تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ «ئۈزۈۋىسى» غا سۇ كىرىپ كەتتى. ئۇلار پىتىراپ، ياشاش ئۈچۈن يوچۇق ئىزدىدى. دەرۋەقە، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن تۇل ئاياللار، ئۇلارنىڭ رەسىدە بولغان قىزلىرىدىن بولۇپ، تۆت-بەش ئايالمۇ بار ئىدى. ئۇلار نامرات، يەنە كېلىپ ئىگە-چاقىسىز-يۆلەنچۈكسىز قېلىۋاتسا، بىر چەتتە مايمۇن ئويۇنى كۆرۈپ، قاراپ تۇرۇشقا قانداقمۇ ۋىجدان چىدىسۇن؟

— باشقىلار نېمە دېسۇن، پەرۋايىم پەلەك!

كېرەم ئىمىن دادىللىق بىلەن، ئۇلارنىڭ بېشىنى سىلىدى. ئۆزى توي-تويلاپ، ئالتە جۈپ ياشنى ئۆي-ئوچاقلىق قىلدى. بۇگۈنكى كۈندە، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئىككى-ئۈچتىن پەرزەنتى بار ئائىلىگە، يوقاقۇنىڭ جامائەتكە ئايلاندى. بەزىلىرى توي قىلغاندىن كېيىن، تۇرالغۇ جاي سېلىشقا قۇربى يەتمىدى. كېرەم ئىمىن ئۆز

يېنىمدىن پۇل چىقىرىپ، ئۇلارنىڭ ھەر-بىرىگە ئۈچ يۈرۈشتىن زامانىۋى قورۇ سالدۇرۇپ بەردى. 30 غا يېقىن نامرات، يېتىم بالىلارنى يىغىپ، شوپۇرلۇق كۇرسىدا ئوقۇتۇپ، شوپۇرلۇق كىنىشكىسى ئېلىپ بەردى. ئۇلاردىن بىر قىسمى يوقا قۇندا تراكتور، ماشىنا ھەيدەپ جان باقتى. بەزىلىرى قوشنا يېزا-كەنتلەردە، يەنە بەزىلىرى شەھەر، ناھىيىدىن چوڭ ترانسپورت شىركەتلىرىدە ئىشلەپ، جەمئىيەت ئۈچۈن كېرەكلىك خادىمغا ئايلاندى.

تېخىمۇ گەۋدىلىك بولغىنى شۇكى، ئۇ تۇرمۇشنى قىزغىن سۆيەتتى، تۇرمۇشقا ھەۋەس قىلاتتى. تۇرمۇشنىڭ گۈزەل، يېقىملىق بولۇشىنى ئارزۇ قىلاتتى. شۇنداق بولغاچقا، 80 يىللىق ھاياتىدا، تۇرمۇش گۈزەللىكىنى، تۇرمۇش مەنىسىنى، تاپالماي ئۆتكەن ئىككى نەپەر مويسىپىتنى كېچە-كۈندۈز كۈتەتتى.

ئۇلار ھەقىقەتەن يۆلەنچۈكسىز ئىدى. گويا يىقىلىش ئالدىدىكى كونا تامغا، تىنىش ئالدىدىكى بۇلاققا، قۇرۇش ئالدىدىكى دەرەخكە ئوخشىشىپ قالغانىدى. ئۇلاردا، ئىمتىياز، پۇل، كۈچ-قۇۋۋەت بەكمۇ ئاز، بەكمۇ ئاجىز، خۇددى سۇبھىدىكى سەييارىدەك ھاياتلىق ئاسمىنىدىن يىراقلاپ كېتىۋاتقانلار ئىدى. رابىخان، گاس بولۇپ، ئىلگىرى يۈز بەرگەن بىر قېتىملىق ئوت ئاپىتىدە، پۈتكۈل بىساتىدىن — مال-مۈلۈك، ئۆي-جايىدىن ئايرىلىپ قالغانىدى. شۇنىڭدىن بېرى كوللېكتىپنىڭ بىر ئېغىزلىق ئۆيىدە يېتىپ-قوپۇپ، كۈننىڭ سېرىقىنى كۆرۈپ كەلگەنىدى. يوقسۇزلۇقتىن ئاش-تامىقى جايىدا بولمىغانلىقتىن، ناچار ئوزۇقلىنىش شارائىتى ئۇنى كىشىلەر يىرگىنىدىغان چالاش كېسەلگە گىرىپتار قىلغانىدى. بۇنداق «يۇقۇملۇق كېسەل» نى كۆتۈش تۈگۈل، ئۇنىڭغا يېقىنلىشىش، ئارىلى-

شىشتىن ھەممە ئادەم قاچاتتى. لېكىن كېرەم ئىمىن «يۇقۇملىنىش» خەۋپىدىن قورقۇپ قالمىدى. ئەكسىچە، ئادەملىك تەبىئىتىنى چىقىش نۇقتىسى قىلىپ، بۇ كېسەلمەن ئانىنىڭ ھالىدىن تېخىمۇ ياخشى خەۋەر ئالدى. ئۇنىڭ ئاخىرلىشاي دەپ قالغان ھايات سەپىرىنى يەنىمۇ ئۇزارتتى.

مۇخبىر رابىخاننى قايتا ـ قايتا سۈرەتكە تارتتى، مەجرۇھ ئانىنىڭ پۈتكۈل ھالىتى قايتا نامايان بولدى. ئۇنىڭ ھېلىلىدەك قورۇلۇپ كەتكەن چېھرىدە، ئىلگىرىكى ئېسەنكىرەش، خامۇشلۇق، مىسكىنلىك تۇيغۇسى ئۆچۈپ، ئۈمىد ۋە خۇشاللىق ئەكس ئەتكەنىدى. رابىخان كۆز يېشىنى تۇختىتالماستىن تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— خۇدا ئۇنىڭغا ئۇزۇن ئۆمۈر ئاتا قىلسۇن، مۇبادا ئۆز ئوغلۇم بولغىنىدىمۇ، بېشىمغا كۈن چۈشكەندە بۇنچىلىك يېقىن كەلمەس ئىدى. پەرۋەردىگار، كېرەمئاخۇننىڭ يولىنى تېخىمۇ كەڭ قىلغاي، دەسلەپتە ياشاشتىن ئۈمىد ئۈزگەنىدىم. قايغۇرىدىغىنىم، نامراتلىقتا، جاپادا ياشاش بولماستىن، ئۆلۈپ كەتسەم، جىنازامنى كۆتۈرىدىغان ئادەم چىقماي، جەسىتىممۇ خارلىقتا قالارمىكىن دەپ يىغلىغانىدىم. ئەمما ئىش ئوڭغا تارتتى. بۈگۈن، ھېچنېمىدىن غەم قىلمايمەن، ئۆلۈمنى ئويلاپ نېمە قىلاي؟ كېرەمئاخۇن ماڭا مۇرەببە بولدى. روھىم كۆتۈرۈلۈپ، كۆز نۇرۇم بارغانسېرى روشەنلىشىپ قالدى ... كېرەمئاخۇن، مەندەك مەزلۇمنىڭ ھاياتىنى ئۇزارتتى. قارىسىلا، مەن يەنە ياشىدىم خاندەك، خانزادىدەك ياشىدىم. بۈگۈنكى بىر كۈنلۈك ئۆمرۈمنى پۈتۈن ھاياتىمغا تېگىشمەيمەن...

مۇخبىر تەسىرلىك مەنزىرىلەرنى سۈرەتكە ئېلىۋاتقاندا، يان كوچىدىن بالىلارنىڭ ۋاڭ ـ چۇڭى ئاڭلاندى. بىر توپ

بالىلارنى باشلاپ، ۋىجىككىنە بىر بوۋاي كېلىۋاتاتتى. «شۇ ئىكەن ـ دە، كېرەم ئىمىن تەرىپىنى قىلىپ بەرگەن توختاخۇن ئاشۇ كىشى ئىكەن ــ دە.»

مۇخپىرنىڭ خىيالىدىن كەچكەن تۇيغۇ مۇشۇ ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، توختاخۇن توغرىسىدا ھېچقانداق تەسەۋۋۇرات يوق ئىدى. ئۇ ئېچىدە، بۇ «بالا مىجەز» بوۋاينى چېكىپ باقماقچى بولدى. قورۇلۇپ قالغان ئالمىدەك يۈز، ساقالسىز زاڭاق، بالىلارنىڭكىدەك چاقناپ تۇرىدىغان كۆز، ئۇنىڭ ئالدىدا پەيدا بولغاندا، ئۇ گەپنى قەيەردىن باشلاش ھەققىدە ئويلىنىپ ئولگۇرەلمىدى:

— قانداق، توختاخۇن بوۋاي، كەچۈرمىشلىرىڭىزدىن ئاڭلىمايلىمۇ؟

بوۋاي مۇخبىرنىڭ باش ـ ئايىغىغا قارىغىنىچە كۇلۇپ قويدى. ئاندىن تاماكىسىنى ئاستا شوراپ راھەتلىنەتتى. چۆتىنى سۆرىگەن پېتى يول بويىدىكى كۆۋرۈكنىڭ پەشتىقىغا يۆلىنىپ زوڭزايدى:

— يېڭىلىشىۋاتىسىز يول...يولداش، بۇ يەردە توختاخۇن دېگەن... دېگەن ئادەم يوق. ئاڭلىسام تايتاق تەرەپتە... بورانچى دەرياسىنىڭ ئۇ تەرىپىدە، شۇ... شۇنداق ئادەم بارئىمىش...

ئۇ كۆزلىرىنى قىسىپ، بورانچى دەرياسىغا، يىراققا سوزۇلغان تايتاق ئاسمىنىغا ئېرەنسىزلىك بىلەن قارىدى. گويا ھېچ ئىش بولمىغاندەك، ھېچكىممۇ ئۇنىڭدىن نېمىلەرنىدۇ سورىمىغاندەك ئولتۇرۇۋەردى. بۇ چاغدا ئەتراپتا قارىشىپ تۇرغان بالىلار، پىخىلداپ كۇلۇشكىنىچە، «سىر»نى ئاشكارىلىۋەتتى:

— ئۇ سىزنى ئالدىدى. شۇ، ئۆزي شۇ. ئىسمى توختاخۇن، لەقىمى لاغاي...

— ماڭ، ماڭە نېرى!

توختاخۇننىڭ كۆلىيىشى بىلەن بالىلار قورقۇپ، شامالدەك تېز قېچىپ كېتىشتى.

— قويۇڭە، بۇ نېمىلەرنىڭ تېتىقسىزلىقىنى، — ئۇ تاماكىسىنى كۆچەپ شورىغاندىن كېيىن، چىرايىغا خاتىرجەملىك يۈگۈردى، — مانا، ئۇلارمۇ كۆزدىن يىتتى، ئەمدى سىزگە ئۆزۈمنى بىر تونۇشتۇرمىسام ھېساب ئەمەس. لېكىن، بۇ گەپلەرنى شۇ پېتى گېزىت يۈزىدە كۆرسەتمەسلىكىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن، — ئۇ دېمەكچى بولغان ھېكايىسىنى ناھايىتى يىراقتىن- ئۆتمۈشتىن باشلىدى، — ئەسلى، نامى بار بىر باينىڭ ئوغلى ئىدىم. جەدە ئېتىمنى دېۋىتىپ، رەستىدىن بورانىدەك ئۆتكىنىمدە ھەممىيلەننىڭ كۆزى ماڭا چۈشەتتى.

كېيىن، دادام زومىگەر دەپ ئايرىلىپ، جاجىسىنى يېدى. ئۇرۇق- تۇغقانلىرىم ئۆز جېنى بىلەن قالدى. دەرد- ھەسرىتىمنى چىلىمدىن ئالدىم. چىلىم بىلەن چېلىشقانسېرى، مال- مۈلۈك، كۆچۈمدىن ئايرىلدىم. كوچىلاردا سوقۇلۇپ يۈرۈپ، ئىتنىڭ كۈنىنى كۆردۈم. بەزىدە ئادەمدەك، بەزىدە ھايۋاندەك ياشاپ، ئەقىل- ھوشۇمنى يوقىتىپ قويدۇم، كوپىراتسىيىدە ئىشلەپ جېنىمنى جان ئەتتىم. ئەمما مەن، شۇ نەرسىنى چۈشەندىمكى، ئادەم دېگەن خاپىلىقتا، جاپاغا، ئاچلىقتا ئۆلمەيدىكەن، نېمىلا بولمىسۇن، جېنىم ئامان قالدى...

تەقدىر مېنى ھەممە نەرسىدىن ئايرىدى. مەن تولىمۇ نامراتلىشىپ كەتتىم. تۇرغان تۇرقۇم بەئەينى بىر قارانچۇقىلا ئوخشايتتى.

ئاخىرى يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم دەپ ياقا يۇرتقا چىقىپ كەتمەكچى بولغىنىمدا، كېرەمئاخۇن مېنى يېنىغا ئەكې-

لىشۋالدى... مانا ئەمدى، يول تاپتىم. يانچۇقتا پۇلمۇ بار. بىراق، قىرى بويتاقمەن. ئۆمرۈمدە خوتۇن ئېلىپ باقـ مىدىم. خۇدا بۇيرۇسا، تىرناقتا توختىغۇدەك بىرنى ئالـ مەن. پەرزەنتىم، ئايالىم بولسا، ياشىغىنىم شۇ. چىشىم تۆكۈلۈپ تۈگىگىنى بىلەن، يۈرىكىم ياش. خوجايىن ماڭا تاغدەك ئىشىنىدۇ، ئامبار، يەم-خەشەك، ئالدى-كەتتى ئىشلىرىنى مەن باشقۇرۇپ بېرىمەن. يەنە مېۋىلىك باغقا، دەريا بويىدىكى تېرەكلىككە قارايمەن. ئۆي-جاي، ئاش-تاماق، خەج-خىراجەت...ھەممىسى ئۇنىڭدىن. ياق، ئۇ كا، مېنى سۆرەتكە تارتماڭ، چېكەمدىكى قورۇقلار تۈزەلسۇن، گېزىتكە چىقسام، ئۇيات بولىدۇ. ھى...ھى...ھى!

توختاخۇن مۇخبىردىن ئۆتۈندى. ئۇنىڭ «تاقتا-تۇقتا» سۆزلىرىدىن مۇخبىر نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇرۇپ قالدى.

مۇخبىر مەتتوختى ئىسىملىك بىر يىگىتنىڭ ئائىلىسىنى زىيارەت قىلدى. ياسىداق ئۆي، ئوتقاشتەك گىلەم، قات-قات يوتقان-كۆرپە، مەرشىپ تۇرغان ئۇن نەچچە تۇياق قوي، هارۋا ۋە ئوزايدىن كۆلكە تۆكۈلۈپ تۇرغان بىر جۈپ پەرزەنت، رەڭلىك، پاكىز كىيىنگەن ئەر-خوتۇننى سۆرەتكە تارتتى.

يىگىت خۇشاللىق بىلەن ئۆزىنى تونۇشتۇردى:

— ئىلگىرى تۇرمۇش تەجرىبەم كەمچىل، چىقىش يولى تاپالماي، كوچىلاردا لاغايلاپ يۈرەتتىم. كېيىن كېرەمشاخۇن مېنى ئۆز يېنىغا تارتتى. ئىگىلىك تىكلەش تەجرىبىلىرىنى ئۆگەتتى. يەر ئېچىش، ئاشلىق ۋە قوشۇمچە كەسىپتە قەد كۆتۈرۈشۈمگە يار-يۆلەك بولدى. ئۈچ تۇياق قوي بەردى، تۇرار جايىمنى ھەل قىلىپ بەردى. ئۆز يېنىدىن 800 يۈەن پۇل چىقىرىپ، تاللىغان لايىقىم

بىلەن تويىمىزنى قىلىپ قويدى. سۈرەتكە ئېلىشقا توغرا كەلسە، مانا بىزنى — ئائىلىمىزنى ئېلىڭ. سىڭخىي، كۆڭلى ئوچۇق بىر نىجاتچىنىڭ سايىسى ئاستىدا كۆكلىگەن، روناق تاپقانلىقىمىزنى ھەممە ئادەم كۆرسۇن!

مۇخبىر كەتتى. يوقاقۇن دېھقانلىرىنىڭ نامرات دەستىدىن يول تاپقان تالاي يۈرەكلەردىن يېڭى سېزىم، يېڭى مەنە ئېلىپ قايتتى. ساخاۋەت داستىخىنىنى كەڭ يايغان، «ھايات، بەخت» چۈشەنچىسىنى بېيىتقان يوقاقۇن ئوغلىنىڭ يارقىن ئوبرازىنى ئېلىپ قايتتى.

ئىككى ئايدىن كېيىن قىزىل تاشلىق مۇقاۋا ئىچىدە كېرەم ئىمىنىنىڭ ساياھەت چاقىرىقى يوقاقۇنغا يېتىپ كەلدى.

«... يولداش كېرەم ئىمىن، سىز بېيىغاندا نامراتلارغا يار - يۆلەك بولدىڭىز، سوتسىيالىزمنىڭ ئەۋزەللىكىنى ئەمەلىي ھەرىكىتىڭىز بىلەن ئىپادىلىدىڭىز. ئۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق ياشلار بىرلەشمىسى سىزنى ۋەتىنىمىزنىڭ بىپايان زېمىنىنى سەيلە قىلىشقا ئالاھىدە تەكلىپ قىلىدۇ.

1984 - يىل 6 - ئاي»

كېرەم ئىمىن، يوقاقۇن دېھقانلىرىنىڭ چوڭقۇر سالىمىنى ئېلىپ، ئۈرۈمچىگە قاراپ يول ئالدى.

# ئاتموسفېرادىن ھالقىپ ئۇچۇش

ئۇنىڭ يۈرىكى «جىغ!» قىلىپ قالدى. ئايروپىلان شوتىسىغا ئەمدىلا قەدەم قويۇشى بىلەن، بىرى پېشىدىن يېنىك تارتقاندەك بولدى، ئۇ ئارقىسىغا قارىدى. ئۇنى ھېچكىم چاقىرمىغان، ھېچكىممۇ ئۇنىڭ پېشىنى تارتمىغانىدى. پەقەت، يىراقتا، — تۆمۈر رېشاتكىنىڭ سىرتىدا، ئەلىنى كۆتۈرۈپ تۇرغان ئانىسىخان ئۇنىڭغا تىكىلىپ تۇراتتى. ئۇ شۇ چاغدىلا يۈرىكىنىڭ ئېچىشىۋاتقانلىقىنى، بەدىنىنىڭ، ھاياتىنىڭ قىممەتلىك بىر ھۈجەيرىسىنىڭ يوقىلىۋاتقانلىقىنى ئېنىق سەزدى. ئۇنىڭ ۋارقىرىغۇسى، كەينىگە يېنىپ يۈگۈرگۈسى بار ئىدى، لېكىن ئۇنداق قىلالمىدى.

ئايروپىلان ئۇچتى، ئۇمۇ ئۇچتى، ئۇچۇپ كۆككە كۆتۈرۈلدى. ئاۋۋال ئەتراپتىكى سايلىق پىرقىرىدى، يىراقتىكى دەرەخلەر، ئۆي - ئىمارەتلەر غۇيۇلداپ ئۆتۈپ، قارا تۈز سىزىقتا، كۆلەڭگىدە ئايلاندى. ئاندىن پايانسىز زېمىن يىراقلاپ، كىچىكلەشكە باشلىدى.

خوتەن ئاسمىنى، خۇددى بىپايان دېڭىزدەك كۆكۈچ ھاۋا قاتلىمى ئۇنى قوينىغا تارتتى. ئۇ كۆزنەكتىن يىراق كەتمىدى. ئايروپىلان بۇلۇتلار ئارىسىغا شۇڭغۇۋاتقاندىمۇ ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىكى خوتەن روشەن نامايان بولدى. بېلىق قاسىرىقىدەك پارچە - پارچىغا بۆلۈنۈپ، پارقىراپ ياتقان زېمىن، غايەت زور تەكشىلىك ئۈستىدە كۆكىرىپ تۇرغان بىنەم، ئۇزۇندىن - ئۇزۇنغا سوزۇلغان خوتەن بوستانلىقى، تاغلار، بۇلۇتلار ئارىسىدا بىر-

بىرىگە مىنگىشىپ تۇرغان قارلىق چوققىلار، كۈمۈش يىلانىدەك تولغىنىپ ياتقان ئىككى دەريا، يوقاقۇن ۋادىسى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا بارغانسېرى يىراقلاۋاتاتتى. قىلىچنىڭ بىسىدەك پارقىراپ تۇرغان قاراقاش-بورانچى دەرياسى ئورمانلىق، بۇلۇت ئاستىدا خىرەلەشتى. مانا ئەمدى، پۈتكۈل تەبىئەت قۇملۇققا ئايلاندى. سېرىق ئەجدىھادەك ئۇخلاپ ياتقان پايانسىز چۆللۈك، قۇم بارخانلىرى بارغانسېرى يېپىلىۋاتاتتى.

— يولداش، بېلىڭىزنى باغلىۋېلىڭ!

ئۇ كۆزنەكتىن بېشىنى كۆتۈردى. قۇم ئۈستىدە چېچەكلىگەن قىزىل يۇلغۇندەك كۈلۈمسىرەپ تۇرغان ئايروپىلان كۈتكۈچىسىگە قارىدى. ئۇ قىزنىڭ نېمىنىدۇر ئۆتۈنگەنلىكىنى پەملىدىيۇ، قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى.

— يولداش، سىزنى دەۋاتىمەن، بېلىڭىزنى ئورۇندۇققا باغلىۋېلىڭ.

— ھېچقىسى يوق، كىچىكىمدە جۇۋاز ھەيدەپ، ناھايىتى كۆپ چۆگىلىگەنىدىم. شۇتاپ، ئايروپىلان موللاقچى كەپتەردەك موللاق ئېتىپ ئۇچسىمۇ كۆڭلۈم ئېلىشمايدۇ.

— لېكىن، بۇ دېگەن قائىدە، ئۇنى بىلمىسىڭىز بولمايدۇ.

— ئۇنداقتا، دېگىنىڭىزچە بولسۇن!

تەرتىپ دېگەن مانا شۇ-دە! بۈگۈنكى كۈندە ھەتتا ئاسمانىدىمۇ تەرتىپ-قائىدە بار.

ئۇنىڭ جىسمى يېنىك تەۋرىنىپ كەتتى. ئوي-پىكرى بولسا، ئاللىقاچان بۇ «تۆمۈر قەپەس» دىن ھالقىپ، تەگسىز زېمىن ئۈستىگە قونغانىدى، يىراقتا قالغان يۇرتىغا ئۇچۇپ بارغانىدى.

ياۋاش، پىكىرداش، قەلبداش ئايالى ئامىنەخاننىڭ، ئوماق ئوغلى ئالىمجان، ئەلىجاننىڭ يېنىغا بېرىپ قونغانىدى. ياشقا تولغان ئوتلۇق كۆزلەر، يىغلاپ تۇرۇپ ئەركىلەشلەر، ئۈمىد ۋە ئاقىۋەت تىلەشلەر ... بىر - بىرلەپ كۆز ئالدىدىن ئۆتكەنىدى.

بەلكىم، ئۇنىڭ يۇرتى- يوقاقۇن زېمىنى، بورانچى دەرياسى، قىزىل قىرغاق ئۇنىڭغا يىراقتىنلا كۆز تىكىۋاتقاندۇر. 2 مىليون تۈپ تېرەكلىك، شاللىق ۋە يوللار، ھەتتاكى ئۇنىڭغا دەۋرداش بولغان تەبىئەت ئوچاقلىرى ئۇنى ياد ئېتىۋاتقاندۇر. ئالتۇن باشاقلاردىن تاغ ياساپ، خامان تېپىۋاتقان يوقاقۇنلۇقلار تراكتور ماتورىنىڭ شاۋقۇنى ئارىسىدا ئۇنىڭ سىماسىنى كۆرۈۋاتقاندۇ، ئۇنىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ، ياخشى خىسلىتىنى سۆزلەۋاتقاندۇ. بۈككىدە ئورمان ئارىسىغا شۇڭغۇۋېلىپ، بورانچىنى لەرزىگە سالغان كاككۇك، ئەمدىلا ئۇچۇم بولۇپ پەرۋاز قىلغان قۇشقاچ باللىرى ئۇنىڭ بۇ قۇتلۇق سەپىرىگە تەنتەنە قىلىۋاتقاندۇ. توپىلىق يول بويىدىكى چىملىق ئارىسىدىن ۋىلىقلاپ ئېقىۋاتقان ئېرىق سۈيى كۈي قوشۇۋاتقاندۇ.

قاچاندۇر، دەريا قىرغىقىغا پەيدا بولغان توختى لاغاي، جىغانلىق ئارىسىغا مۆكۈنۈۋېلىپ، «مۈڭگۈز» ھەققىدە لەتىپە ئېيتىۋاتقاندۇ...

ئايروپىلان ئۈرۈمچى ئايرودرومىغا قونغاندىلا ئۇ خىيالدىن باش كۆتۈردى. ئىككى سائەتتىن بېرى خىيال دۇنياسىغا غەرق بولغان «غەلىتە» كۆڭۈل، ئۈرۈمچىنىڭ شاۋقۇنلۇق قاينىمى ئىچىگە كىرىپ كەتتى.

1984 - يىلى 6 - ئايدا، ئۇ ئاپتونوم رايون بويىچە تەشكىللەنگەن كەسپىي ئائىلىلەر ساياھەت ئۆمىكى تەر-

كېيىنە ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە سەپەر قىلدى. ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى سەپىرى — ئۆز ھېسسىياتىدا بۆسۈش خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشلەرنى ئەكەلدى.

ئۇ، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن تونۇش مۇھىتتىن، تونۇش چۈشەنچىدىن، تونۇش سەرگۈزەشتىدىن تامامەن باشقىچە بولغان بىر مۇھىتقا، يېڭى ئاتموسفېراغا ئۇچتى. ئۇ يوقاقۇن دېھقانلىرىنىڭ كۆزى، يوقاقۇن ئەجدادلىرىنىڭ ئېڭى بىلەن يېڭى بىر دۇنيانى، يېڭى بىر ئاڭنى كۆردى. ئۇ، بورانچى دەرياسىغا، يوقاقۇن ئورمانلىقلىرىغا، دەريا قىرغىقىدىكى قاقاسلىقتا ئوخشىشىپ كېتىدىغان نۇرغۇن دەريالاردىن ئۆتتى. نۇرغۇن يېشىللىزارلىقلارنى ئارىلىدى، نۇرغۇن جەزىرىلەر، دەشت - باياۋانلاردىن كەزدى. ھېسسىيات، چۈشەنچە جەھەتتىن ئىلگىرىكىگە ئوخشاشمايدىغان تۇيغۇ مەنزىلىگە يېتىپ باردى.

پايتەختنىڭ زۇمرەت ئاسمىنىدا جەۋلان قىلىپ تۇرغان قىزىل بايراقتا قاراپ، ئۆز - ئۆزىنى تونۇپ يەتتى. ئۇ، كۈچلۈك رىقابەت ئېڭىغا ئىگە ئازاد زاماننىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىدىن پەخىرلەندى. بېيدەيخېنىڭ ئارامگاھلىرى، دېڭىز مەنزىرىسى ئالدىدا، قۇياشنىڭ ئۇپۇقتا باش قويغان ھالىتىنى، شەپەقنىڭ قىزىل ئېتەكلىرىنى يايغان يارقىنلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، تۇرمۇش دېڭىزىنىڭ قاينام - تاشقىنلىرىغا چۆمۈلدى.

بازار، تىيەنجىن بازارلىرى، چاقماق ئېقىنىدەك كېسىشكەن تۆمۈريول نۇقتىلىرى، كاراپتەك ئىلگىرىلەۋاتقان تىيەنجىنلىكلەر ھەققىدە خىيال سۈرۈپ قالدى. پورت شەھىرى شاڭخەيدە يۈرۈشلەشكەن سانائەت بازىلىرى، چوڭ زاۋۇت، كان - كارخانىلارنى كۆردى. نەنجىڭ، سۇجۇ قاتارلىق دېڭىز بويى رايونلىرىنىڭ شەھەر يېزىلى-

رىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى. كۆپلىگەن كەسىپىي ئائىلى-
لەرنى ۋە بۇلار ئىشلەپ چىقارغان ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇ-
لاتلارنى كۆرۈپ، تەسىراتلار قايىنىمىغا چۆكتى.

بۇ يەردە يارىتىلغان مۆجىزىلەر ھەققىدە ھاڭ-تاڭ
قالارلىق ئىشلار ئىدى. دەريا بويىدىكى سازلىقلار، ئېقىنلار
تىزگىنلىنىپ، يىلىغا نەچچە يۈز مىڭ يۈەن قىممەت يارى-
تىدىغان بېلىقچىلىق كۆلچەكلىرىنى، شەخسلەر مەبلەغ
سېلىپ ئاچقان قۇيمىچىلىق، ھەيكەلتىراشلىق، باقمىچى-
لىق نۇقتىلىرى، چەتئەل بىلەن شېرىكلىشىپ قۇرۇلغان
سانائەت ماللىرى زاۋۇتلىرى، مېتاللچىلىق شىركەتلىرى،
كۆلىمى نەچچە مىڭ گېكتار كېلىدىغان باغۋەنچىلىك
بازىلىرى، زامانىۋى ئۈسكۈنىلەر بىلەن قوراللانغان رودا
كانلىرى بارلىققا كەلگەنىدى. ئۇ بۇنداق چوڭ تىپتىكى
زاۋۇت - كارخانىلارنى چوڭ - چوڭ شەھەرلەردىلا قۇ-
رۇشقا مۇمكىن بولىدۇ دەپ قارايتتى. مانا بۇ ئۆزگىرىشلەر
ئۇلارنىڭ ئاسمانغا شەھەر سېلىش، تاشتىن ھەسەل ئېلىش،
دېڭىزدىن گۆھەر سۈزۈش... ئىخلاسى، ئۇنى قاتتىق ھايا-
جانغا سالدى. ئۇ ئىلگىرى يۈكسەك دەرىجىدە زامانىۋى-
لاشقان دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ تەرىپىنى، داڭقىنى
باشقىلاردىن ئاڭلىغان، كىنو ئېكرانلىرىدىلا كۆرۈپ،
چوڭقۇر خىيالغا پاتقانىدى. بۇ قېتىم ئۇ بۇ مۆجىزاتلار
دۇنياسىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، نەزەر دائىرىسىنى
كېڭەيتتى. خۇشاللىقىدىن بېشى كۆككە يەتكەندەك بولدى.
ئۇ ھەربىر يېڭى مەنزىرىگە دۇچ كەلگەندە ئويغا چۆ-
كەتتى. قايىتىندۇر مىسكىن كەپىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان
يوقاقۇن ۋە توپىلىق سەھرا كۆز ئالدىغا كېلەتتى... باي-
لىق-نامراتلىق، يول تېپىش بىلەن تېڭىرقاش، ئىلغارلىق
بىلەن قالاقلىق ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ئۇنى تەگسىز خى-

يالار دېڭىزىغا غەرق قىلاتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىكى، بۇ يېڭىلىقلارنىڭ مەنبەسى، كېلىش جەريانى ھەققىدە باش قاتۇرۇشقا توغرا كېلەتتى. شۇنداق؟! بۇ خىل مۆجىزىلەرنى ياراتقان ئادەملەر، قايسى پلانېتادىن كەلگەن؟ قەيەردىن كەلگەن ئاجايىباتلار بۇ؟ دەۋر تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇۋاتقان تۈپكى ئامىل نېمە؟! ئۇ، توختاۋسىز خىيال سۈرەتتى، پىكىر يۈرگۈزۈشتى.

توغرا، توغرا. زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ ئالتۇن ئاچقۇچى، يەنىلا پەن - تېخنىكا، پەن-تېخنىكىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئاساسى — مائارىپتا. پەن-تېخنىكىنىڭ تەڭداشسىز كۈچكە بولغان قايىللىق، بولۇپمۇ مائارىپنىڭ ھەممىنىڭ ئاساسى ئىكەنلىكىدەك ھەقىقەت، بىردىنلا ئۇنى تۈپرىقى ناچار، مەھسۇلاتى تۆۋەن، ئىقتىسادىي ئاساسى ئاجىز بولغان يۇقاقۇنغا، ئۆتمۈشتىكى سەھراغا باشلاپ كەتتى. كونا، ئەبجەق چىقىپ كەتكەن قاراڭغۇ ئۆيدە، ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن تاغىل ئۆكۈز، كېچە - كۈندۈزلەپ جۇۋاز سۆرەيدۇ. يەرمۇ، ئاسمانمۇ، كىشىلەرنىڭ ئۆزگەرمەس تۇرمۇشمۇ، جۇۋازغا قوشۇلۇپ بىللە چۆگىلەيدۇ، پىرقىرايدۇ. قاياقتىندۇر، تىترەپ تۇرغان بىر جۈپ ئالىقان ساقاللىق ئامبارچى ئالدىدا خورلانغان، قان - زەرداپقا ئايلانغان شىكەستە دىللار، ئاچلىقتىن، موھتاجلىقتىن قىسىلغان ئەزىز بويۇنلار ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا بىر - بىرلەپ نامايان بولدى.

ئۇ ئېكسكۇرسىيە داۋامىدا، ھەممە نەرسىنى سېلىشتۇردى. ئادەملەرنى، زېمىننى، دەريانى دەڭسەپ ئۆتتى. مانا شۇ «ئۆلچەش» داۋامىدا خىيالىدىن باش كۆتۈرمىدى. ئەمما، خىيال پېتى قېلىۋەرمىدى. ئاۋۋال ئۇ كىشىلەر ئېغىزىدىن چۈشۈرمەيدىغان جەمئىيەت ئۈستىدە يەكۈن چىقاردى:

«سوتسىيالىزمغا دايىلىق ئەمەس!»

قىل سىغماس ھەقىقەت! بۈگۈنكى دەۋرىمىزدىكى دانـ ـەھبەر ئوتتۇرىغا قويغان.

زامانىۋى يېزا ئىگىلىكى، ئۇنىۋېرسال كەسىپ، شەھەرلەشكەن بازار، ياخشى تۈزۈلمە، باياشات تۇرمۇش، مەدەنىي جەمئىيەت ۋە گۈزەل مۇھىتقا ئىگە يوقاقۇن قۇرۇش — سوتسىيالىزم ۋە سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنىڭ ئورتاق قىلىقىدۇر. ئىدىيە، ئەخلاق، ئۆرپ - ئادەت، كىشىلىك مۇناسىۋەت جەھەتتە، يوقاقۇنلۇقلاردا نېمە كەم؟

ئىدىيە — كوممۇنىزم جەمئىيىتىدىن ھالقىپ كەتكىنى يوق، ئۇلار ئاخىرقى ھېسابتا، شۇنداق بىر جەمئىيەتنىڭ يېتىپ كېلىشىنى تۆت كۆز بىلەن كۈتىدۇ. ئەخلاق — يوقاقۇن دېھقانلىرىنىڭ ئاك - سەۋىيىسىدىن چەتلەپ كەتكىنى يوق. ئۇلار ھېلىمۇ يالاڭغىداق دەسسەشتىن، «ئاي»غا قاراشتىن يىرگەنگىنى، غەربنىڭ «مەستانە» لىكىنى سىغدۇرالىغىنى يوق. ئۆرپ - ئادەت — دېھقانچە ئاك، دېھقانچە چۈشەنچە بىلەن چەكسىزلىككە قاراپ يۈزلەنگىنى يوق. كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتمۇ، «ئەنئەنىۋى كۆۋرۈك» تە ئۇچرىشىشتىن يىراق كەتمىگەن.

— يوقاقۇن بۈگۈنكى يوقاقۇن مانا شۇنداق قىياپەتتە تۇرسا، ئۇنىڭغا يەنە نېمە لازىم! نېمىشقا بېيىيالمايدۇ، نېمىشقا «غايە» دەپ چۈشەنگەن ئاشۇ جەمئىيەتنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش ئۈچۈن يەنە بىر قېتىم ئۇرۇنۇپ كۆرمەيدۇ؟

ئۇ يوقاقۇنلۇقلارنىڭ يۈرىكىگە قول سالدى. ئىلگىرى «سول» چىللىقىنىڭ قۇرۇق نەزەرىيىلىرى ئۇلارنىڭ قولىقىنى پاك قىلغان بولسا، بۈگۈنكى دەۋر، قۇلاقنى ئېچىۋەتتى، ئۇچۇردىن ئىبارەت چاستوتىغا توغرىلاپ قويدى. ئەمدى

لىكتە كۆرۈلگەن مەسىلە، ئۇچۇردىن پايدىلىنىشتا قالدى. بىلىمسىزلىك، نادانلىق، قاتماللىق ئورنىدا باش قاتۇرۇش، كۆزىتىش، ئىزدىنىش روھىنى تەلەپ قىلدى. ئارزۇ بىلەن رېئاللىق، ئەقىل بىلەن نىشان ئوتتۇرىسىدا كۆۋرۈك بولۇشنى تەلەپ قىلدى.

بۇ خىل تەلەپ — بىلىم، پەن - تېخنىكا ئارقىلىقلا، ھېس قىلىش، بىلىش، چۈشىنىش قابىلىيىتى ئارقىلىقلا ئورۇندىلاتتى. كېرەم ئىمىن ئۆزىنىڭ ئەقىل كۆزى بىلەن، يوقاقونلۇقلارنىڭ جىسمىدىكى بۇ ئاجىز نۇقتىلارنى كۆرۈۋالدى.

راستىنى ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ئىچىگە يوشۇرغىلى بولمايدىغان بىر سىر، ئۆچۈرگىلى بولمايدىغان بىر ئوت كىرىۋالدى.

كىشىلەر بىلىم ئۆگەنسە، دۇنيانى چۈشەنسە - ھە! ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ يېزا ئىگىلىك، سانائەت، قوشۇمچە كەسپلەردىكى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان تەرەققىياتى — بىلىم ئېلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئۇقتۇردى. بىزنىڭ يوقاقوندا، يېزا ئىگىلىك، سۇ ئىنشائاتى، سانائەت، خام ئەشيا مەنبەسى ناھايىتى كۆپ. بىز مۇشۇ رايونلاردەك زامانغا لايىق ئىش كۆرسەك، تەرەققىي قىلساق، نېمىشقا بولمىغۇدەك. سۈيى، زېمىنى، ھاۋاسى، تۇراقلىق، ساپ بولغان مۇشۇنداق ئالتۇن زېمىندا ياشاپ، باشقىلاردىن كېيىن قېلىۋاتىمىز.

بۇنىڭدىكى سىر زادى نېمە! — بىر جۈملىگە يىغىنچاقلىغاندا كەمبەغەللىك! دەرىجىدىن تاشقىرى بىخۇدلۇق! يوقاقونلۇقلار ئالدى بىلەن بىلىمسىزلىك، نادانلىق پاتقىقىدىن تەلتۆكۈس قۇتۇلۇپ چىقالمىغان. روھىيەت ئالەمىدىكى نادانلىق، قاشاقلىق، يۇلتۇزلار دۇنياسىدىكى

چەكسىزلىككە ئوخشاش، ھەربىر كۆكۈل، ھەربىر ھۇجەيرىگىچە، ھەربىر ئائىلە، ھەربىر ئۆرپ-ئادەت، قائىدە-يوسۇنغىچە سىڭىپ كىرگەن، يوقاقۇندا ئاك تۇغرىسىدا، روھىي مىسكىنلىك توغرىسىدا، روھىي ھەۋەس، روھىي «مەۋجۇدىيەت» توغرىسىدا ھېچكىم يېگىنچە تەسىرات، يېگىنچە چۈشەنچە ھاسىل قىلىشنى خالىمايدۇ. كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ زامانىدىن، دەۋرىدىن كېيىن قالغانلىقىنى، نامرات، غورىگىل تۇرمۇش پەلسەپىسىگە چىرمىشىلىپ كەتكەنلىكىنى، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئوخشاش زېمىن، ئوخشاش مۇھىت ئىچىدە، باشقىلاردىن پەرقلىق ھالدا ياشاۋاتقانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشمۇ، نادانلىق، بۇرۇقتۇرمىلىقنىڭ ئىسكەنجىسى ئىچىدىن قۇتۇلۇپ چىقىشنى ئارزۇ قىلىشمۇ، ئەنە شۇ «بويۇنتۇرۇق»، «پەرق» ھەققىدە ئەقەللىي يەكۈن چىقىرىشنى خالىمايدۇ.

ھەقىقەت، يوقاقۇنلۇقلارنىڭ كۆپىنچىسى، ھېلىمۇ ئۆزلىرىنى بىز بۇ دۇنياغا «مېھمان» دەپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ ئېڭىدا، ئوربىتا، تارتىش كۈچى، ئاتموسفېرا قاتلىمى، يەرشارى... ھەققىدە، زېمىننىڭ تارىخى، شەكىللىنىش ئامىلى، ئۆتمۈش ۋە كېلەچەك ھەققىدە كونىچە تەسىرات ئورناپ كەتكەن، ئۇلارنىڭ ئىنسانىي تۇيغۇسىدا، ئون سەككىز مىڭ ئالەمنى ئىككى مۈڭگۈزى بىلەن كۆتۈرۈپ تۇرغان «ئىلاھىي» كالا ھەققىدە ھېلىمۇ ئاجايىپ گۈزەل، ئاجايىپ لەرىك رىۋايەتلەر ساقلىنىپ قالغان. ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا ھامان تۇقماق، گۈرىلىرىنى راسلاپ تۇرغان، مۇنكىر - نەكىرلەر ھايات ئادەمدەكلا كۆرۈنىدۇ، شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئاخىرەتلىك ئۈچۈن، سوئال - سوراقلارغا جاۋاب بېرىش ئۈچۈن، «بىر تۇپ بۇيىنىڭ سايىسىدە 40 ئادەم سايىدەش» دەك ھېكمەتلىك

كېلەچەككە باش قويىدىغانلار، «يىڭنىنىڭ تۆشۈكىدىن ئۆتكە ئۆتكۈزۈش» كارامىتىگە چوقۇنىدىغانلار ئاز ئەمەس. ئىلاھىي قۇدرەت ھەققىدە مۇكەممەل قاراشقا ئىگە بولغانلار، روھىي ئاپتاپتا قاقلىنىپ راھەتلىنىۋاتقانلار، شۈكرى-قانائەت بۆشۈكىدە تەۋرىنىۋاتقانلار يەنە بار. تۇرمۇش رېئاللىقى بىلەن سۇبيېكتىپ غايىنى، مەۋقەسىز رەۋىشتە باغلايدىغانلار، ئۇ دۇنيانىڭ گۈزەل تاڭلىرىغا تەشنالىق بىلەن تەلپۈنىدىغانلار يەنە بار.

دۇنيا، زېمىن، ئىنسان توغرىسىدا ئويلانماي، ھايات سەپىرىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقانلار — يوقاقۇندا پۈتۈنلەي تۈگەپ كەتكىنى يوق.

ئۇ مۇشۇلارنى ئويلايتتى، مۇشۇلارنى خىيال قىلاتتى. ئويلىغانسېرى، خىيال قىلغانسېرى يوللار كۆپىيەتتى، قىيىنلىشاتتى، تاغلار ئېگىزلەپ، دەريالار كېڭىيىۋاتقاندەك، زېمىن ئوت ئىچىدە كۆيۈۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئاجىز، نامرات يوقاقۇن ئۈچۈن، نامرات جاپاكەشلەر ئۈچۈن، ئۆتمۈشنىڭ خارۇ زارلىرىمۇ، «سول» بېكىنمىچىلىكنىڭ كاچاتلاشلىرىمۇ يېتىپ ئاشاتتى. بۈگۈنكى يوقاقۇندا تەۋرىنىش بولۇشى، يېڭى-يېڭى ئۆزگىرىشلەر بولۇشى، دېھقان ئۈچۈن كېرەكلىك بولسان «ھەققىي» بەخت كۈلۈمسىرىشى شەرت ئىدى. 90 - يىللاردا، پارس قولتۇقىدا نەچچە ئون مىڭ قۇدۇقتىن ئاققان ماي، دېڭىز جانلىقلىرىغا ھالاكەت ئەكەلگەن، سوۋېت ئىتتىپاقىدەك بايراقدار زېمىن، قاغجىراق يەردەك چاك-چاك پارچىلانغان بۈگۈنكى دۇنيادا يوقاقۇننىڭ ئۆتمۈشى قايتىلانماسلىقى، ئۆتمۈشكە ئوخشىمايدىغان دەۋرگە مەنسۇپ بولۇشى شەرت ئىدى. مانا شۇ چاغدىلا يوقاقۇن دېھقانلىرى قەد كۆتۈرگەن، «بېيىش» سەنىمگە دەسسىگەن بولاتتى.

ئۇ مانا شۇ چىگىش مەسىلىلەرنى خىيال قىلاتتى.

«يول تېپىش كېرەك، زەي، ھوسۇلسىز تۇپراقنى ئۆزگەرتكەندەك، ئۇلارنىڭ ئېڭىنى ئۆزگەرتىش كېرەك!»

ئۇ باش قاتۇراتتى، يول ئىزدەيتتى.

## ئۇيقۇسىز كېچىلەر

قاچانلاردۇ بىر چاغلاردا ئارال كەنتىنىڭ يۇقىرى تەرىپىدىكى كونا قۇدۇقتىن سۇ تارتىۋاتقانلار، ئەمدىلا رەسىدە بولغان بىر قىزنىڭ جەسىتىنى سۈزۈۋېلىشقان. قىز ھامىلىدارلىق باسقۇچىنىڭ ئاخىرقى پەللىسىنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقاندا، قۇدۇققا سەكرىۋالغان. تېخى ياتلىق بولماي تۇرۇپلا قورساق كۆتۈرگەن بۇ ئاجىزەنىڭ يۇرتى، ئىگە-چاقىسى تېپىلمىغان بولسىمۇ، ئاق كۆڭۈل ئاراللىقلار مېيىتنى يۇيۇپ-تاراپ، مۇساپىرلار قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىشقان. ئەينى چاغدا كۈچلۈك بوراندەك غۇلغۇلا پەيدا قىلغان بۇ ۋەقە، بارا-بارا كىشىلەرنىڭ كۆڭۈل خاتىرىسىدىن ئۆچۈشكە باشلىغان. قىزنىڭ ئېچىنىشلىق سىماسى ئەنسىز زامانىنىڭ ئۆتمۈشى بولۇپ قالغان. ئەمما، ئۈن-تىنىۋسىز ياشاۋاتقان ئاراللىقلارنىڭ قەلبىدىكى شۈبھە ئاخىرى تېخىمۇ دەھشەتلىك، تېخىمۇ ئېچىنىشلىق بىر ۋەقە بىلەن يېشىلگەن. ئارال ئاسمىنىدا يۇلتۇزلار جىمىرلاشقان كۈز كېچىسى پۈتكۈل، سەھرانى تىترىتىپ، ئاجايىپ غەلىتە بىر ئاۋاز پەيدا بولغان. بۆرىنىڭ ھۇۋلىشىغىمۇ، ئادەم بالىسىنىڭ نالىسىغىمۇ ئوخشىمايدىغان بۇ سادادىن ئاراللىقلارنىڭ يۈرىكى بوغۇزىغا تىقىلغان.

— ئاڭلاۋاتامسىلەر، شىۋە قەدىرىنىڭ شەپىسى كېلىۋاتىدۇ.
— ئۇششۇك شامال ئۇشقىرتقاندىمۇ شۇنداق ئاۋاز كېلىدۇغۇ؟
— ياق، بۇ شىۋە قەدىرىمۇ، ئۇششۇك شامالمۇ ئەمەس، بەلكى تۇن بالىسى يىغلاۋاتىدۇ.
— تۇن بالىسى!
ئاراللىقلارنىڭ ئاخىرقى يەكۇنى توغرا ئىدى. ئۇلار قەبرىستانلىق تەرەپتىن دەممۇدەم ئاڭلىنىپ تۇرغان ئاشۇ ئاۋازدىن قورقۇپ، ئۇنىڭلىقلىرىگە تىنىق ئېلىشقىمۇ پېتىنالمىدى. يىغا — بوغۇق، مۇڭلۇق ئېچىنىشلىق يىغا ھەممە يەرنى قاپلاپ كەتتى. ھەممە نەرسە نامەلۇم بوۋاق ئۇچۇن سۈكۈت قىلىۋاتقاندەك، ھايات، تارىخ، قانلىق قىساس قوينىغا غەرق بولۇپ كەتكەندەك، ئادەملەرنىڭ يۈرىكى، سەزگۈسى، نېرۋا تاللىرى، غايىب كۈچنىڭ تەسىرىدە تىمتاس توختاپ قالغاندەك بولدى.
يىغا... ھەممىنى ئەقىلدىن ئازدۇرغان ئىلاھىي مۇڭ بارغانسېرى يېقىنلاپ كەلدى. كىشىلەر ئىختىيارسىز ھالدا قوللىرىنى چىڭشىلەشتى. ئارىلدا، ھەقىقەتەن تۇن بالىسى پەيدا بولغانىدى. ئارال يولىدا، ئىشىك — پەنجىرىلەرنىڭ يوچۇقلىرىدا، قۇدۇق بېشىدا تۇن بالىسىنىڭ مۇدھىش كۆلەڭگىسى ئەگىپ يۈرەتتى. گويا ئۇ ئۇزۇن بارماقلىرى بىلەن ھەممە كىشىنى دەردكە تىزىۋاتقاندەك ھەممە، كۆزدىن قاندا قتۇرىبىر سېھرىي نۇرنى ئىزدەۋاتقاندەك قىلاتتى.
— كەلدى، ئۇ كەلدى!
— تۇپتوغرا بىزنىڭ ھويلىغا قاراپ كېلىۋاتىدۇ!
ئادەملەرنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. كۆز شامىلىغا شاھىت بولۇپ، تەبىئەتنىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزۇ-

ۋاتقان ئىشىك ـ دېرىزىلەر تىنىماي شىر دىقلاشقا باشلىدى.
ئوتتەك تاۋلىنىپ تۇرغان قىپقىزىل تەن، يۇلتۇزدەك
چاقناپ تۇرغان يانار كۆز، دەريا قىنىدەك كېڭىيىپ
تۇرغان يەلكە... قىپيالىڭاچ گەۋدە... ھېلىقى قىز كۆمۈل-
گەن مىسكىن قەبرە بېشىدا يىغلاپ ئولتۇراتتى. ئۇ يەتتە
كېچە ـ كۈندۈزدىن بېرى ئەنە شۇنداق توختىماي يىغلاپ چىقتى.

— كەلدى! ئۇ كەلدى!

ئۇ قەددىنى رۇسلىدى. ئۇنىڭ تاغدەك بەستى ئارال
كەنتىنىڭ ھەممە يېرىگە كۆرۈندى. ئۇ قەدەملىرىنى يۆت-
كەپ يۈگۈردى. ئارال كەنتىگە، ئىنسانلار ئارىسىغا قاراپ
ئوقتەك ئېتىلىپ كەلدى. يۈگۈرگەن پېتى ئاۋۋال قۇدۇق
بېشىغا، ئاندىن كەنت ئاقساقىلى مىراب تازىنىڭ ھويلىسىغا
باردى. شامالدەك كۆتۈرۈلۈپ ئاقساقالنىڭ تۈڭلۈك بېشىغا
قونۇپ ئولتۇردى:

— چىق، مىراب باي، بۇياققا چىق!

مىراب تازىنىڭ يۈرىكى ئېچىپ، تېنى سېزىپ تۈگىدى.
ئۇستىخان ـ ئۈگىلىرى چىرىپ، كۆك توپىغا ئايلاندى.

بالا تۈڭلۈك بېشىدا ئولتۇرۇپ، دائىم ئۇنى چاقى-
راتتى. «مىراب باي، مەن كەلدىم» — دەپ ۋارقىرايتتى.
تاكى مىراب تازىنىڭ ھايات تەقى ـ تۇرقى كىشىلەر خا-
تىرىسىدىن كۆتۈرۈلگەنگە قەدەر شۇنداق چاقىردى.

كېرەم چۆچۈپ ئويغاندى. ئېگىلىرىنى تىرىگىنىچە
ئۇخلاپ قالغانلىقىنى سەزدى. ئېغىر گەۋدە ئاستىدا قان
ئايلىنىشتىن مەھرۇم بولغان كۈچلۈك بىلەك، ئەمدىلىكتە
ماغدۇرسىزلىنىپ سىرقىراۋاتاتتى.

— «غەلىتە، تولىمۇ غەلىتە ئىش ـ دە!»

ئۇ كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىغىنىچە، بورانچى دەرياسىنىڭ
كەلكۈن سۈيىدەك ئۈزۈلمەي شاۋقۇن سېلىپ تۇرغان

تېلېۋىزورغا قارىدى. تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرى ئاللىقا-
چان تۈگەپ كەتكەن، ئامىنەخان ۋە بالىلار بولسا، كېچى-
لىك ئۇيقۇنىڭ راھىتىنى سۈرۈۋاتقانىدى.

«غەلىتە، ئاجايىپ غەلىتە ئىش!»

ئۇ غودۇڭشىغىنىچە كۇنۇپكىنى بېسىۋەتتى. بايا كۆر-
گەنلىرىنىڭ چۈش ياكى چەتئەل ۋەھىمىلىك فىلىملىرىدىكى
ئۆتكۈنچى كۆرۈنۈش ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئايرىيالمىدى.
رىۋايەت تۈسىنى ئالغان بۇ مەنزىرە قانداقلارچە ئۇنىڭ
مېڭىسىگە، كۆڭلىگە ئېكرانىغا كىرىۋالدى؟ قايسىبىر
زاماندا، ۋاپاسىز، ئىشرەتخور، ئالدامچى مىراب تەرىپىدىن
دەللىلەنگەن بۇ پاجىئەلىك رىۋايەت، گەرچە ھازىرقى زامان
كىنولىرىدىكى ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان مۇھەببەت پاجىئەسى-
دەك ئېچىنىشلىق بولمىسىمۇ، ھەرھالدا ئۇنىڭ ئېڭىدا يېڭىپ
بولمايدىغان بىر خىل قايغۇنى، ئاچچىق ھېسداشلىقنى
قوزغاپ قويدى. ئەپسۇس، يوقاقۇنلۇقلار مۇنداق تۇيغۇدىن
تېخى يىراقتا ئىدى. ئۇلار، غەلىتە مەنزىرە ئىچىدە سوزۇ-
لۇپ ياتقان غايىب ئاراللىقلارغا ئوخشاش، مۇنداق
ئاچچىق تۇيغۇ، ئاچچىق ھېسداشلىقنى باشقا نۇقتىدىن
چۈشىنەتتى. مۇنداق ئەپسانە تۈسىنى ئالغان رېئال
ھادىسىلەرگە ئۆز روھىيىتىنىڭ، ئاڭسىزىمىنىڭ ئىچكى قات-
لىمىدىن ئورۇن بېرىشنى خالىمايتتى. مۇنداق ساماۋى
پەردازلانغان تارىختا، چاكىنا مۇھەببەت تارىخىغا ئەزەل-
دىن كۆز يېشى قىلىپ باقمىغانىدى. ئاتوم دەۋرى
دەپ ئاتالغان 80 - يىللاردا، ھەربىر كىشى ئۆز تەقدىرىنى
ئۆزى يارىتىش، ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش شەرت قىلىنى-
سىمۇ، ئۇلاردىكى «تەقدىر، خوجايىن»لىق تۇيغۇسى، بۈ-
يۈك برىتانىيە مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان قىممەتلىك
مىس تاۋاقتىن ئۈستۈن تۇراتتى. ئۇلار تەقدىرىنى — ئۆز

ئېگىدىكى تەگرىگە خوجايىنلىق ھوقۇقىنى، ئۆز تېنىدىكى «پاكلىق»، «مۇمىنلىك»كە بەخش ئېتىشكەنىدى. مۇبادا ھازىرقى يوقاقۇندا، خانىپرىقتا، خوتەن زېمىنىدا، بۇنىڭدىنمۇ سىرلىق، بۇنىڭدىنمۇ غەلىتىرەك بولغان «ئەقىدىچىلىك» يەرمەنكىسى ئۆتكۈزۈلسە، شۈبھىسىزكى، ئۇلار ھامان ئۆز ھوقۇقى، ئۆز مەجبۇرىيىتى ھەققىدە قىلچە غەيرىيلىك ھېس قىلمايتتى. ھالبۇكى ھەممە ئىشنىڭ بېشى، باشلىنىشى، ئاخىرى، ئاخىرلىششى بولىدۇ. 1987 - يىلىدىكى ئەندىشىلىك كۈنلەر يوقاقۇنلۇقلارنى خېلى سەگىتتى. غەيرىي A، غەيرىي B تىپلىق جىگەر كېسەلى يوقاقۇن ئاسمىنىنى كېزىپ يۈرۈپ، بىر تالاي ھامىلىدار ئاياللارنىڭ جېنىنى قىل ئۈستىدە قالدى. يوقاقۇنلۇقلار ئۆتمۈشتىكى تۈن بالىسىنىڭ مۈگلۈق يىغىسىنى ئاڭلاپ قېلىشتىن قورقۇپ زامانىۋى ھاجەتخانىلارنى قۇردى. خانىپرىق، خوتەن سودا مەركەزلىرىدىمۇ ئەرلەر ھاجەتخانىسى بىلەن ئاياللار ھاجەتخانىسىنىڭ پەرقى ئايرىتىلدى. يوقاقۇن روھى بۇنىڭدىن قىلچە گۇمانلانمىدى. ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشى—ئەنئەنىۋى ئىستېمال كۆز قارىشىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىۋەتتى. كىشىلەر تەگنىدە كىر يۇيۇشتىن قۇتۇلۇش داغلىق ئاپتوماتىك كىرئالغۇغا يۈرۈش قىلدى. ئەپسۇس بۇ خىل يۈرۈش، ئابستراكىت بولۇپ كەتكەنلىكتىن، خوتەن شەھىرىدە ئائىلە ئايلىق بوۋاقنى كىرئالغۇدا يۇيۇشتەك يوقىرى ئۇنۇم بىلەن نەتىجىلەندى. يوقاقۇنلۇقلار چاقماق تېزلىكىدە تارقالغان بۇ خەۋەردىن خېلى زامانلارغىچە ھوشىغا كېلەلمىدى.

غەربنىڭ ئىنسان تەبىئىتى شامىلى جۇشقۇن يۈرەكنى داۋالغۇتقانلىقتىن، بەزى ياشلاردا ئەركىن

مۇھەببەت خاھىشى دەرىجىدىن خېلىلا ھالقىپ كەتتى. لاس-
كۆي بازىرىدىكى ئىنناۋەتلىك بىر ياش چالا مەستلىكتە
مۇھەببەت سەزگۈرلۈكى بىلەن ياشاپ، تېلېۋىزور ئېكرانى-
دىكى ناخشىچى قىزنى سۆيۈپ تۇرۇپ بارلىقىنى ئاتىۋەتتى.
بۇلار نېمىشقا غەلىتىلىك ھېسابلانمايدىكەن؟ قەدىمدىنلا
نۇرغۇن نەرسىلەر «غەلىتە ئىكەن» دەپ قارىلىدىغان
يوقاقۇندا، نۇرغۇن غەلىتىلىكلەر غەلىتە ھېسابلانمايدىغان
بولۇپ قالدى. ئالايلۇق: ماگىلاننىڭ دېڭىز سەپىرى،
چىڭگىزخاننىڭ ئۆلۈمى، ئاتوم بومبىسىنىڭ تۇنجى گۈمبۈر-
لىشى، تاڭشەندىكى يەر تەۋرەش، نيۇيوركتىكى چاشقان
يېغىلىقى...غا ئوخشاش دۇنياۋى تەسىرگە ئىگە زور ئىش-
لارمۇ يوقاقۇندا غەلىتە ھېس قىلىنمايدۇ. ئەكسىچە تو-
خۇنىڭ قوندا قتىن چۈشۈپ كېتىشى، ئاياللارنىڭ بويىدىن
ئاجراپ كېتىشى، ئەمدىلا بىر ياشقا توشقان بىر بوۋاق-
نىڭ ئىچىدە، يەنە ھامىلىنىڭ بايقىلىشى، ئاجايىپ غەلىتە،
ئاجايىپ سىرلىق بولۇپ، تەقدىرنىڭ، ئىلاھىي قۇدرەتنىڭ
يېڭىلمەس كارامىتىنى نامايان قىلىدۇ. يەنىمۇ ئىچكىرىلەپ
تەھلىل قىلغاندا، يوقاقۇندا غەلىتىلىك كۆپ، غەلىتىلىكتە
غەلىتە قارايدىغان غەلەت كۆزلەر تېخىمۇ كۆپ. دېڭىز-
سۈيىنىڭ بۇلغىنىشىدىن، نۇرغۇن كىتلار ئۆزلىرىنى قىر-
غاققا تاشلاپ ئۆلۈۋالدى. ياۋروپادىكى ئالەم تېخىغا
چىقىش ئەترىتى مۇز ئاستىدا 69 يىل ياتقان بىر ئەس-
كەرنى قۇتقۇزۇۋالدى. گېرمانىيىلىك بىر ئايال پۈتۈن
ئۆمرىدە 76 بالا تۇغدى...دېگەندەك كوچا ئاجايىباتلىرى
«مۆجىزە» ھېسابلانمايدىغان يوقاقۇندا، خىزىرنى ھاقا-
رەتلىگەن ئىككى قىزچاقنىڭ تۇساتتىنلا تۇگۈزغا ئاي-
لىنىپ قېلىشى، بېشى ئادەم، پۇتى قويغا ئوخشىشىپ
كېتىدىغان غەلىتە مەخلۇقلارنىڭ تۇغۇلۇشى، كاككۇكنىڭ

پاقا بىلەن جۇپلىشىشىدەك غەلىتە چۈچەكلەر «ئۇدۇم» بولۇپ قالدى.

ئۇ مانا شۇنداق گادىرماچ خىياللار بىلەن تورۇسقا، بەش ئاسما قىلىپ ياسالغان ئايۋاننىڭ تورۇس ئەينىكىگە قاراپ ياتاتتى. تۈن بالىسى ھەققىدىكى ئاشۇ كۆرۈنۈش، ئۇنى زادىلا ئارام تاپقۇزمايتتى.

«غەلىتە ئىش!»

ئۇ بۇ سۆزنى قانچىلىك تەكرارلىغانلىقىنى بىلمەيتتى. بۇ خىل غەلىتىلىك، كىشىنىڭ ئەقلىگە سىغمايدىغان ئويدۇرما خەۋەر بولغانلىقى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئاجايىپ-غارايىپ بولسىمۇ، كىشىگە چىنلىق تۇيغۇسى بېرەلىگەنلىكى بىلەن ئۇنى ئويغا سالغانىدى.

ئۇ ئەينەكتىن ھەممىنى كۆردى. غۇۋا يورۇقلۇق ئۇستىدە يۇلتۇزدەك چېچىلىپ تۇرغان تاشئەينەك ئۇنىڭغا ھەممىنى سۆزلەپ بېرەتتى. ھەممىنى ھېس قىلدۇرۇۋاتاتتى. غىچىرلاپ تۇرغان كونا جۇۋاز، ھالسىز، سارغايغان تەن، ئۇلتۇرۇشقان، ئۇيقۇچان كۆز، تەلمۈرۈپ تۇرغان توختاخۇن، بورانچى بويىدىكى ئۇچرىشىش، ئامىنەخاننىڭ يالقۇنلۇق كۆزلىرى، قۇياش ئاستىغا سوزۇلغان قىزىل قىرغاقلار، قومقايغان دالالىرى بىر-بىرلەپ ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن ئۆتتى. تۈن بالىسىدەك مۈلدۈرلەپ تۇرغان سەبىي چاغلار زاھىر بولدى. ئۇ بىردە، بورانچى بويىدىكى قاقاسلىقتا لاي-پاتقاق كېچىپ كېلىۋاتقاندەك، بىردە، يايلاق داۋانلىرىغا قاراپ، ئات چاپتۇرغاندەك، بىردە قايناق قازاندەك شەھەر رەستىلىرىگە نەزەر سېلىۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى. ئۆزى ۋە ئۆز دېمەتلىكلىرى ھەققىدە ئويلىناتتى، خىيال سۈرەتتى. بورانچى دەرياسىنىڭ ئىككى قاسنىقىدا، قاراقاش دەرياسىنىڭ

شىددەتلىك ئىپقىنلىرىدا ھايات ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتـ
قان نامراتلار ئۈچۈن باش قاتۇراتتى.

ئاخىرى ئۇنىڭ پىكرى مۇشۇ مەسىلىگە مەركەزلەشتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆتمۈشىگە، شۇنداقلا بۈگۈنىگە تولۇق باھا بەردى. نامرات، ئۇزايىدىن موھتاجلىق تۆكۈلۈپ تۇرغان دېھقان ئوغلىغا توغرا باھا بەردى. ياسىداق، تولۇق سەرەمجانلاشقان مۇنداق ئازادە سارايىنى پەقەت چۈشىدىلا كۆرەلەيدىغان بىر ئائىلە كىشىلىرىگە باھا بەردى.

«غەلىتە ئىش!»

60 - يىللارنىڭ بوران چاپقۇنى، ئۇلارنى ئىسسىق ماكانىدىن ئايرىدى. ئۇلار - بەئەينى رىۋايەتلەردىكىدەك، تۈن بالىسىغا، يېتىم - يېسىرغا ئايلىنىپ قالدى. پۈتكۈل ئائىلە، ئۇرۇش خۇمار تەلۋىلەر تەرىپىدىن ۋەيران قىلىۋېتىلدى. ئۇلار ئەسلى يەتتە جان ئادەم بەش ئېغىزلىق ئۆيدە ئولتۇراتتى. تام - تورۇسلىرى كونىراپ، ئىستىن قارىداپ كەتكەن، تۈۋرۈكلىرى قىيسىيىپ، پاكارلىشىپ قالغان كونا پاسوندىكى يىزا ئۆيلىرى بولسىمۇ، ئۆز ئۆيۈڭ، كىندىك قېنىڭ تۆكۈلگەن ماكانغا نىمە يېتەدۇ! جۇمە نىياز سەركەردىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن، ئاۋۋال ئۇلارنىڭ ئەككى ئېغىز ئۆيى مۇسادىرە قىلىنىپ، بۇزۇپ تاشلاندى. كۆپ ئۆتمەي قالغان ئۈچ ئېغىز ئۆيىمۇ پاچاقلىنىپ، يوقاقۇن ئۇرۇشىدا شېھىت بولغان ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ مەقبەرىسىنى ياساشقا ئىشلىتىلدى. ئۇلار چۆچۈردەك بەش بالا، سوغۇق، زەيكەش گەمىدە ياشاپ، تۈن بالىسىدەك يىغلاپ ئۆتتى. كېيىن، گەمىدىنمۇ قوغلىنىپ قۇمقايغان دالاسىدا پاناھلاندى.

مانا بۈگۈن، ئۇنىڭ توققۇزى تەل بولدى. زەيكەش گەمىدىن ئوخشاشمايدىغان باشقا بىر خىل ھاياتقا، بەخـ

تىيار ئائىلىۋى مۇھىتقا ئىگە بولدى. سۇزۇك سۇلار شىل-دىرلاپ، ئويناپ تۇرغان تال-باراڭلىق ھويلا، ئازادە، نەقىشلىك ئايۋان، رەڭلىك تېلېۋىزور، ئۈنئالغۇ، گىلەم، كىرىسلو بىلەن زىننەتلەنگەن ئازادە مېھمانخانا، ئۈنىڭغا ئەينى چاغدا نامرات كەپىدىن پاناھلىق ئالغان نامرات دېھقانغا مەنسۇپ بولدى. ئالدى رەت قورۇ بىلەن ئارقا-رەت قورۇ بىر-بىرى بىلەن بوي تالاشقاندەك ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈردى. ئالدى رەت قورۇنىڭ ئايۋىنى مېھراب، كەلكۈن نۇسخىلىق ئويمىلار، چىنە پارقىراتمىلار بىلەن زىننەتلەنگەن بولسا، ئارقا رەتتىكى ئون نەچچە ئېغىز ئۆينىڭ ئاستى يول، تۆت تېمى ياغاچ تاختاي بىلەن قاپلىنىپ، زامانىۋى ھاۋا تەڭشىگۈچ، زامانىۋى گۈل نەقىشلىرى بىلەن بېزەلدى. ئىككى قورۇ ئوتتۇرىسىدىكى گۈللۈكتە، رەڭمۇ رەڭ گۈللەر ئېچىلدى. ئۆيدىن چىقسىلا ئولتۇرغىلى جىپ ماشىنىسى، مىنگىلى «سۇزۇكى» ماركىلىق موتسىكلىتى تەق بولۇپ تۇراتتى. تۇرمۇش باياشات، مۇھىت گۈزەل، كۆركەم يېزا مەنزىرىسى ئىچىدە ياشايتتى. يولدىشى ئامىنەخان ئىشچان ۋە ئەخلاقلىق، باللىرى ساغلام، ئائىلىسى كۆڭۈللۈك ۋە ئىناق ئۆتمەكتە ئىدى. ئۇ كىشىلىك ھاياتتىكى ئائىلە لەززىتىنى قاتتىق سۈر-مەكتە ئىدى.

بۇلار كىشىنىڭ ھەۋىسىنى كەلتۈرەتتى. ئەمما ئۇ، بۇ باياشات تۇرمۇشتىن مەستخۇش بولۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، بەلكى، دائىم نامەلۇم بىر خىل خىجىللىق تەرىپىدىن ئازابلىنىپ، يېگىنى ئېغىزىغا تېتىمايدىغان، كېچىلىرى خىيال بىلەن كىرپىك قاقمايدىغان بولۇپ قالدى.

ئۇ يات ئادەمگىلا ئايلىنىپ قالغانىدى. ئۇ ئايۋاندا پەيدا بولسىلا، باللار خۇددى قىزىق قازانغا سۇ قۇي-

غاندەك جىم بولاتتى. سەبىي كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىكىپ، يىراقتىن قارىشاتتى. نەچچە يۈزلىگەن شېرىن كېچىنى بىر ياستۇققا باش قويۇپ، تۇرمۇشنىڭ لەززىتىنى تەڭ تېتىپ ئۆتكەن ئامىنەخان ئۇنىڭ كۆزلىرىگە شۈبھە بىلەن تىكىلەتتى.

ئامراق ئوغلى ئالىمجانچۇ؟ ئۇمۇ 180 گرادۇس بۇرۇلۇش ياسىدى. ئىلگىرىكى چاغلاردا ئۇ سەپەردىن، بازاردىن قايتىپ، دالان ئۆيگە كىرىشى بىلەن مەيلى ئويناۋاتقان، تاماق يەۋاتقان ھەتتا تىمتاس ئۇخلاۋاتقان بولسىمۇ، شىردەك ئېتىلىپ كېلىپ، دادىسىنىڭ بوينىغا گىرە سېلىپ، قۇچىقىغا چىقىۋالاتتى. ئاندىن چۈچۈك تىلى بىلەن ئاللىنېمىلەرنى ۋىچىرلاپ كېتەتتى. ئۇنىڭ يۈزىگە يۇمران مەڭزىنى يېقىپ، ئەركىلەيتتى. ھازىرچۇ ھازىر ئۇ ئامراق ئوغلىنىڭ نەزەرىدە ياقا يۇچاقتىن كەلگەن مىسكىن يولۇچىغا ئايلىنىپ قېلىۋاتاتتى. خۇددى ئۇنىڭ ئالىقىنىدىن، بەدەنلىرىدىن ئوغرى تىكەن ئۈنۈپ چىققاندەك تېگىپ كەتسىلا، پۈتمەس-تۈگىمەس ھەسرەت، پۇشايمان، قايغۇ-ئەلەمگە قالىدىغاندەك يىراق قاچاتتى.

ھەتتا، توختى لاغاي جېنىدا ئۇنىڭدىن گەپ سورىمايتتى. سورىغان سوئالىغا جاۋاب بەرمەيتتى. لەق ئاش ئۇسۇلغان ئاياقنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ يېنىدىن كېتەتتى-دە، ئۇدۇلدىكى سۇپىغا بېرىپ ئېشىنى ئىچەتتى، پەقەت ئىمىن ئاكىلا ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتقاندەك، كۆيۈنگەندەك قىلاتتى. لېكىن ئۇنىڭ قىلغان سۆزلىرىچۇ؟

— خېلى دىتى بار بالا بولدى دەپ يۈرسەم، ئۆتۈپ كەتكەن خامقا يىماق ئىكەنسەن. شۇمۇ ئىشمۇ، شۇمۇ خىيالمۇ، ئۇزۇنلۇقى يەتتە مېتىر كېلىدىغان كۆلانى كېيدۇ-

رۇپ، كوچىمۇ كوچا سازايى قىلغاندا، ئاق تەڭگىسىدەك ئىككى قوناق كۆمىچىنى بېرىپ، قومقايغانىنىڭ قاقشال-لىقلىرىدا ئادەمخور پاشىلارغا تاشلاپ بەرگەندە كىم بىرگە ئىچ ئاغرىتتى. قېنى كىم بېشىمىزنى سىيلاپ، بىر پىيالە ئىسسىق چاي تۇتتى... كۆرگۈلۈكنى بىز كۆردۇق، ھەممە ئۇۋالچىلىقنى بىزلا تارتتۇق. ماڭا قارا، ئەگەر ھەقىقىي ساۋابلىق تاپاي دېسەڭ، ئۇنداق قاغا پۈتى ئىشلار بىلەن تولا ھەپىلەشمە، ھۆكۈمەت ئىشىغا چات كىرىپ نېمە قىلىسەن؟ قىلاي دېسەڭ ئىش كۆپ. مەسچىت سال، مەھەللىدىكى خانىقانى يېڭىلاپ بەر، ھەرەمگە بېرىپ ئۆمۈرلۈك ساۋابلىق تاپ، ھېچ بولمىسا كۆۋرۈك سال، يول ياسا، يېتىم-يېسىر، ئاجىز-مىسكىنلەرنىڭ كۆڭلىنى ئىزدە... مانا بۇ دۇرۇس ئىش. ئاتىلىق بۇرچۇم بىلەن دەپ قوياي، ھۆكۈمەت ئىشىغا ئارىلاشقان ئادەم-نىڭ ئېغىز-بۇرنى قان بولىدۇ... ھەممە نېمىسىدىن، ھەتتا خوتۇن-بالىلىرىدىنمۇ قۇرۇق قالىدۇ...

ئىككى ئاي ئىلگىرىكى بىر ئەتىگىنى ناشتىدىن كې-يىن ئۇ ئالدىراشلىق بىلەن سىرتقا مېڭىۋىدى، ئايالى ئۇنىڭ يولىنى توسىدى:

— نېمىگە شۇنچە ئالدىرايلا؟

— مېنى تۇرسماڭلا خوتۇن، ئۇبدان بىر ئىشقا كېتى-ۋاتىمەن. بىرقانچە كۈنىنىڭ ئالدىدا يېزىدىكى تونۇش-لىرىم مەن بىلەن بىرلىكتە بىر ياغ زاۋۇتى قۇرماقچى بولغان. بۈگۈن ئۇلار بىلەن بىللە زاۋۇت سالىدىغان جاينى كۆرمەكچى بولغانىدۇق. مەن كېلىشىپ قويغان ۋاقىت ئۆتۈپ كېتەرمىكىن دەپ ئەنسىرەپ... — ئۇ سۆزلە-گەچ سائەتكە قارىدى.

— سىلىمزە، سىلى ئەتىگەندىن كەچكىچە ئالدىراپلا يۈرىدىلا، بىلەملا، بالىمىز ئالىمجاننىڭ مەكتەپكە كىرىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالدى. بۈگۈن ئىشنى تۈگەتكەندىن كېيىن يېقىنراق بىر مەكتەپنى ئۇقۇشقاچ كەلسىلە. بالىنى مەكتەپكە بېرەيلى، ئۇنتۇپ قالمىسىلا ـ ھە!...

— ئۇنتۇمىدىغان، — دەپلا ئىشىكتىن ئۇچقاندەك چىقىپ كەتتى ئۇ. ئۇ كېلىشىپ قويغان ھەمراھلىرى بىلەن يولدا، دەل ۋاقتىدا ئۇچراشتى ۋە تاشلىۋېتىلگەن كونا جۇۋازخانىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇ بۇ جۇۋازخانىنى بىلەتتى، ئۇنىڭ ياشلىق، بالىلىق خاتىرىلىرى مۇشۇ جۇۋازخانىدىن باشلانغانىدى. ئۇلار ئەسلىدە بۇ كونا جۇۋازخانىنى بۇزۇپ تاشلاپ، ماشىنىلاشقان بىر يېڭى ياغ زاۋۇتى قۇرماقچى بولۇشقانىدى.

كېرەم ئىمىن ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى جۇۋازخانىغا كىرىپ ھەيران قالدى. بۇ يەردە ئوقۇش يېشىدىكى بىرقانچە بالا قوغلىشىپ، مۆكۈ ـ مۆكۈلەك ئوينىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ئۇستىبېشىنى چاڭ ـ توزان، يۈز ـ كۆزلىرىنى قاسماق بېسىپ كەتكەن بولۇپ، بەئەينى ئافرىقا چۆللىرىدىكى سەرگەردان بالىلارغا ئوخشىشىپ قالغانىدى.

ئۇ خىيالغا پاتتى. ئۇنىڭ قەلب دولقۇنى ئۆركەشلەپ، ئۆزىنىڭ بالىلىق چاغلىرىنى ئېسىگە ئالدى، ئۇ چاغدا، مەكتەپلەر ئىنقىلاب ئوچىقىغا ئايلىنىپ، ئۇنىڭ ئوقۇش ئارزۇسى كۆپۈككە ئايلانغانىدى. بۈگۈنكى كۈندە مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. يوقاقۇن كەنتىدىكى دېھقانلارنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى بارغانسېرى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ھالبۇكى مەنىۋى تۇرمۇشنىڭ بىر قىسمى بولغان مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشلىرى ئارقىدا قېلىپ،

تېخىچە بىرەر باشلانغۇچ مەكتەپ بەرپا قىلىنمىدى. مانا مۇشۇنداق گۆدەك، سەبىي باللار ئوقۇشسىز قېلىۋاتىدۇ.

ئۇ، باللاردىن سورىدى:

— سىلەر مەكتەپتە ئوقۇغانمۇ؟

— ئوقۇمىغان.

— نېمىشقا ئوقۇمايسىلەر، مەكتەپتە ئوقۇغۇڭلار يوقمۇ؟

— ئوقۇغىمىزغۇ بار ئىدى. نەگە بېرىپ ئوقۇيمىز، كەنتىمىزدە مەكتەپ بولمىسا!

باللارنىڭ بىر قانچىسى شەيتانلىق قىلىپ، ئۇنىڭدىن سوئال سوراشقا باشلىدى:

— كەنتىمىزدە نېمىشقا مەكتەپ يوق؟ ئاڭلىشىمىزچە باشقا كەنتلەرنىڭ ھەممىسىدە مەكتەپ بار ئىكەن. ئوقۇشنى بەك قىزىقارلىق دېيىشىدۇ. راستمۇ؟ كەنتىمىزدە قاچانمۇ بىرەر مەكتەپ بولار؟

بۇ سوئاللار كېرەم ئىمىنگە زادى ئارام بەرمىدى. خۇددى بىر قارماقتەك، ئۇنىڭ يۈرىكىگە قادىلىپ، سەزگۈسىنى مۇجۇشقا باشلىدى. راست، كەنتىمىزدە نېمىشقا مەكتەپ يوق، كەنتىمىزدە مەكتەپ بولۇشى، بولغاندىمۇ ناھايىتى تېز بولۇشى كېرەك، دەپ ئويلىدى ئۇ.

— كەنتىمىزدە پات يېقىندا مەكتەپ قۇرىمىز، شۇ چاغدا ھەممىڭلار مەكتەپتە ئوقۇڭلار، بولامدۇ؟

— ھەممىمىز مەكتەپكە بېرىپ ئوقۇيدىغان بولدۇق. كەنتىمىزدە مەكتەپ بولىدىغان بولدى! — باللار توۋلىغان پېتى يۈگۈرۈپ كېتىشتى.

كېرەم ئىمىن باللارغا ئۇلارنىڭ قارىسى يوقالغۇچە قاراپ قالدى. ئاندىن ھەمراھلىرىغا قاراپ:

— زاۋۇت سالىدىغان ئىشنى كېيىنچە بىر نەرسە دېيىشەيلى، — دېدى.

— نېمىشقا؟ — ھەمراھلار ئەندىكىپ كەتكەندەك تەڭلا سوراشتى.

— ھەممىڭلار كۆردۈڭلارغۇ، ئوقۇيدىغان مەكتەپ بولمىغاچقا، بۇ يەردىكى بالىلار مۇشۇ كونا جۇۋازخانىدا ئويناۋېتىپتۇ. مۇشۇنداق كېتىۋەرسە يوقاقۇن كەنتىمىزدىكى ئەۋلادلار يەنىلا ساۋاتسىز قالىدۇ. بۇنىڭغا قانداقمۇ يول قويغىلى بولىدۇ؟! مەن كەنتىمىزگە مەكتەپ سېلىپ، پۈتۈن بالىلارنى ئوقۇپ بىلىم ئېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىمەن... ياغ زاۋۇتىمۇ قۇرىمىز. لېكىن ئۇنى كېيىنكە سۈرەيلى. بولامدۇ. يۇرتداشلار؟

— سىلىزە، — دېدى ھەمراھلار ئاچچىقلىنىپ، — مەكتەپ سېلىش مائارىپ ئىدارىسىنىڭ ئىشى تۇرسا، سىلىنىڭ نېمە كارىلىرى!

— قوللىرى ئازراق پۇل كۆرۈۋىدى، بۇ پۇل سىلىنى ھەر كويلارغا سالغىلى تۇرۇپتۇ-دە!

ئوتتۇرا يولدا گېپىدىن يېنىۋېلىپ ھەمكارلىشىشتىن يالتايغان بۇ كىشىنى، ھەمراھلىرى راسا مەسخىرە قىلىشتى. كېرەم ئىمىن ئۇلارغا:

— نېمە دېگۈڭلار كەلسە دەۋېرىڭلار، مەن بىر قارارغا كېلىپ بولدۇم، — دېدى.

ھەمراھلىرى ئۇنىڭ قەتئىي نىيەتكە كەلگەنلىكىگە جەزم قىلىشتى-دە، ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتۇپ ئاستا قايتىشتى.

ئۇ چۈشتىن كېيىن ئۆيىگە قايتىپ كەلدى. ئىشىكتىن كىرىشىگىلا يولدىشى ئامىنەخان ئۇنىڭدىن سورىدى:

— بالىمىزنىڭ مەكتەپكە بارىدىغان ئىشىنى ئۇ قۇشقاچ كەلدىلىمۇ؟

— ئوقۇشمىساقمۇ بولىدىغان بولدى. ئۇ ئۆز كەنتىمىزدە ئوقۇسۇن!

— نەدىكى چاقچاقنى قىلىپ يۈرىدىلا، كەنتىمىزدە مەكتەپ بولمىسا؟

— بىز مەكتەپ سالساق، ئالىمجان كەنتىمىزدىكى بالىلار بىلەن بىللە ئوقۇسا بولمامدۇ؟

— نېمە، نېمە دەۋاتىدىلا، بىز مەكتەپ سالىمىزما؟

— توغرا، بىز سالىمىز.

كېرەم ئىمىن چۈشتىن بۇرۇن كونا جۇۋازخانىدا كۆرگەنلىرىنى ۋە مەكتەپ سالماقچى بولغانلىقىنى ئامىنەخانغا بىر-بىرلەپ سۆزلەپ بەردى. كىم بىلسۇن، بۇ ئىش ئامىنەخاننىڭ ئىدىيىسىدىن ئۆتمىدى.

— مەن قوشۇلمايمەن. ئالىمجاننى يېزىلىق مەكتەپكە ئاپىرىپ بەرسەك بولدى ئەمەسمۇ، ئۆزىمىز مەكتەپ سالمىساق بولمامدىكەن!

— ئۆزىمىزنىڭ بالىسى ئوقۇيدىغان مەكتەپ بولسىلا كۆڭلىمىز خاتىرجەم بولامدۇ؟

— سىلى بايا تېخى دېدىلىغۇ، بىر مەكتەپ سېلىش ئۈچۈن كەم دېگەندە نەچچە ئون مىڭ كوي كېتىدۇ. نەچچە ئون مىڭ كوي! قېنى دەپ باقسىلا، ئۆيىمىزدىكى پۇلنى چۆل-جەزىرىدىن تېپىۋالغانمۇ ياكى بىرەرى بىكاردىن-بىكارغا بېرىۋەتكەنمۇ، سىلىنىڭ ئىچلىرى سىيرىلمىسا، مېنىڭ ئىچىم سىيرىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەكتەپ سېلىش دۆلەتنىڭ ئىشىغۇ؟

كېرەم ئىمىن ئايالىنى ياخشى كۆرەتتى. بۇ ياخشى كۆرۈش ئائىلە ئىگىلىكىنى تىكلەش داۋامىدىكى ئىدىيە، پىكىر بىرلىكى بىلەن تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىپ بارغانىدى.

ئۇلارنىڭ قەلبىدىكى ساپ-سەمىمىي مۇھەببەت، ئۇيۇلتاشتەك مۇستەھكەم بىرلىكنى، بەختىيار ئائىلىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەنىدى. تۇرمۇشتا بىر-بىرىگە قول-قانات بولۇپ، پەرزەنتلىرىنى كۆز قارىچۇقىدەك ئاسراپ كەلدى. ئۈچ ۋاخ قورساق يارىمىسى، زاغرا يېسىمۇ، كىيىملىرىگە قات-قات ياماق چۈشسىمۇ، بىر چىمدىم ئاق ئۇنغا، بىر بۇردا گۆشكە زار بولۇپ ئۆتسىمۇ، ئائىلىگە بولغان قىزغىنلىق بارغانسېرى چوڭقۇرلاشتى. قىيىنچىلىقتا، ھالاۋەتتە بىللە بولۇش — ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىغا سىڭىپ كەتتى. كېپەنلىك رەختنىمۇ نورمىلىق قىلىۋالغان شۇ كۈنلەردە پۇلۇڭ بولغان بىلەن نەرسە-كېرەك سېتىۋالغىلى بولمايتتى. ئىككى مېتىر چىت، ئالاھىدە بولغاندا بىر كىيىملىك چەبەرقۇت، ئاددىي بۆز ياغلىق بىلەن خۇشال ئائىلە قۇرغىلى بولاتتى. بۈگۈنكى كۈندە، پۇللا بولسا ئاسماندىكى ئاينىمۇ سېتىۋالغىلى بولىدۇ. تاۋار ئىگىلىكى قالتىس جانلىنىپ، رەختلەرنىڭ، زىبۇزىننەتلەرنىڭ، ئۆي سەرەمجانلىرىنىڭ تۈرلىرى كۆپىيىپ كەتتى، شۇنىڭغا ئەگىشىپ، ئادەت كۈچىدىن تۇغۇلغان ھەشەمەتچىلىك، ئىسراپخورلۇق، مەنمەنچىلىك ئېغىرلىشىپ، بىر-بىرىنى قەستەن چەقىمدار قىلىشتەك يامان ئاقىۋەتلەر كۆپەيدى. ئەمەلىيەتتە، ھەشەمەتكە تولغان مۇشۇ دۇنيادا ھەممە ئائىلىنى، ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدەك ئىناق، مۇستەھكەم دېگىلى بولامدۇ؟

كېرەم ئىمىننىڭ تورۇسقا قاراپ يېتىشى دەل مۇشۇ سەۋەبتىن ئىدى. بىر ياندا، ئامىنەخاننىڭ گۇمانسىراشلىرى، بىر ياندا ئىمىن ئاكىنىڭ تاپ بېسىپ كېلىشى، نېمىنىگىدۇر چىچىلىشى... كىشىلەرنىڭ، پۇللۇق، نامى بار

سودىگەرلەرنىڭ ئۇنىڭغا ئاڭلىتىپ تۇرۇپ قىلغان تەنىلىرى:

— خوتەندە بىر ئەخمەق چىقتى. بۇ ئەخمەق شۇنداق كالتە پەمكى، مىڭ بالادا تاپقان پۇلىنى شامالغا سورۇماقچى. ئۇنىڭدىن كۆرە، ئىككى سەر گۆش ئېلىپ چايناپ پۇركۇۋەتسىچۇ؟

— بانكىدا قويسىچۇ؟

— ھەرەمگە بارسىچۇ؟

ئۇنىڭ ئىچى سىقىلىپ كەتتى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا بورا ئىچى دەرياسىنىڭ قەھرىتان سوغۇقلىرىدا، كېچە-كېچىلەپ مۇز يۇدۇگەن، جۇمە سىلىگىنىڭ ئومۇرتقىسىنى مۇجۇشقا مەجبۇرى بولغانىدىمۇ، مۇنداق تىت-تىت بولمىغانىدى. مۇنداق ئېزىلمىگەن، بۇرۇقتۇرمىلىق ئىچىدە قالمىغانىدى. ماھىيەتتە، بۇرۇنقىغا ئەسلا ئوخشاشمايدىغان بىر خىل تۇيغۇ، ئوخشاشمىغان بىر خىل سادا، ۋەھىمە، خۇشاللىق، قايغۇ ئۇنى چىرمىۋالدى.

— مەكتەپ سېلىش، دۆلەت سىزنى يۆلەيدۇ. سىزگە چوقۇم ئارقا تىرەك بولىدۇ. خەلق سىزنى قوللايدۇ، سىزنى بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرىدۇ.

ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى مەھەممەت تۇختىننىڭ بۇ رىغبىتى ئۇنىڭغا كۈچ-جاسارەت ئاتا قىلدى. ئۇ، قايتا-قايتا ئويلىنىشتىن كېيىن، ئاۋۋال ئۆز ئائىلىسى، دادىسى بىلەن ئۇچۇقلاشماقچى، ئۇلارنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولدى:

— سىلەرگە نېمە بالا يەتتى؟

ئۇنىڭ ئاۋازى ئايۋاننى تىترەتتى. بالىلار يۈگۈرۈشۈپ بېرىپ، ئامىنەخانغا چاپلاشتى. پەقەت چوڭ ئوغلىلا قورقۇپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى:

— دادا، سەندىن قورقۇپ كەتتۇق.

— راست دەيدۇ، — ئامىنەخان پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ قوشۇپ قويدى، — قاراپ باقسىلا، ئۆزلىرى ئۆزلىرىگە ئوخشاشمايلا قالدىلا. مۇشۇ بىرنەچچە كۈندىن بېرى قوشۇمىلىرى ئېچىلمايلا كەتتى.

كېرەم ئىمىن چۆچۈپ كەتتى. ئۇنىڭ نېمىگە چۆچۈگەنلىكى ئۆزىگە ئايان ئىدى. يالىڭاياغ، مايكىچان، كالتە ئىشتان بىلەن گۈگۈسلىدەپ مېڭىشلىرى، ھەدېسىلا بورانچى دەرياسى بويىغا بېرىۋېلىپ، ئېگەكنى تىزىنىغىچە، ئۇزاقتىن-ئۇزاق ئولتۇرۇپ كېتىشلىرى، ئۆيدىكىلەر، يول، ئېتىزدىكىلەر بىلەن ئۈن-تىنسىزلا سالاملىشىشلىرى، تۈن تەڭ بولغاندىمۇ ئايۋاندا ئۇياقتىن-بۇياققا مېڭىپ يۈرۈشلىرى، تۇساتتىن ئورنىدىن، ياتقان يېرىدىن چاچراپ تۇرۇپ كېتىشلىرى، ئاسمانغا تىكىلىپ سائەتلەپ خىيالغا پېتىشلىرى... كىشىدە شۈبھە تۇغدۇراتتى. يوقاقۇنلۇقلار خۇددى قىممەتلىك ئەڭگۈشتەرنى يىتتۈرۈپ قويغاندەك سۆز-چۆچەك قىلىشقاندىمۇ، ئۇ پەسەنتىگە ئالمىدى:

— توۋا، شۇۋە قەدىرىگە يولۇقۇپتۇ...

— ساراڭ بوپتۇ.

— قىرىق كوكۇلىلىق بىر پەرىزات ئېزىقتۇرۇپتۇ.

كېرەم ئىمىن ئۆز كۆڭلىدىكى تۈگۈننى ئۆزى يەشتى:

— راست، ئۇزۇندىن بۇيان نەپەس يولۇمدا بىر تۈگۈنچەك باردەك قىلاتتى. ئۆزۈمنىمۇ سېزدۇۋا-

تىمەن، بىر قىسىملا بولۇپ كەتتىم. ساۋاتسىزلىق — شۇ قەدىر دىنمۇ يامان ئىكەن. ئادەم ئەسلى سارالڭ بولماسلىقى ئۈچۈنلا بىلىم ئېلىش كېرەك ئىكەن، ئىچىمگە ئوت كىرىۋالدى. خۇددى... پەرىزاتىنىڭ ئوتىدەك!

— بولدى، تالاشمايلى، مەكتەپ سالىمەن دېسىلە، سىلىۋەرسىلە، بۇمۇ ساۋاب تاپىدىغان ئىش!

ئۇنىڭ كۆڭلى پاللىدە يورۇدى. مېھرىبان ئايالى ئۇنىڭغا ئىسسىق قولىنى سۇنۇۋاتاتتى. ئۇنىڭ دىلىغوللۇقى، كۆڭۈل غەشلىكىنى يۇيۇپ تاشلىغانىدى. مېھرىبان، ئىسسىق، ئوتلۇق، ھارارەتلىك كۆزلەر، ئۇنىڭغا ئاقيول تىلەۋاتاتتى. «شۇنداق قىل، يۇرتنى ئاۋاتلاشتۇر» دەپ خىتاب قىلىۋاتاتتى.

ئالەمچە كۆچ - قۇۋۋەت ئۇنىڭ جىسمىغا يىغىلغاندەك بولدى. ئۇ قەلبىدە كۆۋەجەپ تۇرغان ھاياجانلىق سۆزلىرىنى ئايالىغا، بالىلىرىغا، بىر ياندا گاڭگىراپ ئولتۇرغان تۇختاخۇنغا، جىمجىت، سوكۇنات ئىچىدە ياتقان يوقاقۇنغا جاكارلىدى:

«مەكتەپ، مەكتەپ سالغىنىم سالغان!»

پۈتكۈل يوقاقۇن ئويغاندى. دەرەخلەر سىلكىندى. قۇشلار ئەركىن ئۇچۇشتى. يىراقتىن شارقىراپ تۇرغان بورانچى دەرياسى، زۇمرەتتەك ئاسمان، تەبىئىي ھاياتلىق، تەبىئەتتىكى ھەممە نەرسە، يوقاقۇندا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان، يېپيېڭى بىر ئىمارەتنى، قاينام - تاشقىنلىققا چۆمگەن مەكتەپ ھاياتىنى كۆرگەندەك، جانلىنىپ كەتتى.

قۇياش، زېمىن، ئادەم، ئۈچى بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ، يوقاقۇن زېمىنىدا، مەرىپەت مەشئىلىنى يېقىشقا تەييارلاندى.

# كونا مەنتىقە، ساخاۋەتلىك ئىمىش

جەنۇب — كىشىلەرنىڭ قەلبىنى ئىنتىلدۈرىدىغان بۇ نامرات جاي، شىمالغا ئوخشىمايدۇ. جەنۇب ئاسمىنىدا ئاقۇچ بۇلۇتلار ھەمىشە ئويناقلاپ يۈرسىمۇ، قۇرغاق ئېقىم ئۆكسۈمەيدۇ. تاغلىرى ھەددى - ھېسابسىز مەدەنلەرنىڭ كانى بولسىمۇ، ئۈستىبېشى گىياھ ئۈنمەس تاپتاقىر گرانىت تاشلار، قات - قات مۇز قاتلاملىرى بىلەن تولغان. كۆكۈچ ئېدىرلىقلاردا شىمالنىڭ تاغلىرىدەك پايانسىز قارىغايزارلىقلارنى كۆرگىلى بولمايدۇ. دۇنياغا مەشھۇر تەكلىماكان قۇملۇقىدا سان - ساناقسىز بۇرغىلاش ۋىشكىلىرى كۆزگە چېلىقسىمۇ، ئۇنىڭ ئىنسانلارغا بەختسىزلىك كەلتۈرۈپ تۇرىدىغان دەھشەتلىك بورانلىرى بار.

جەنۇب يېزىلىرى — دەل ئاشۇ بۇلۇتلۇق ئاسمانغا، كۇئېنلۇن تاغلىرىدىكى مۇز قاتلاملىرىغا، تەكلىماكان قۇملۇقىغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ. خۇشاللىق بىلەن قايغۇ، بايلىق بىلەن نامراتلىق قوش رېلىسلىق پاراۋوزغا ئوخشاش بىرىكىپ كەتكەن. ئېتىراپ قىلىشقا بولىدىغان چوڭ ئومۇمىيلىق شۇكى، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان 14 يىل، جەنۇب يېزىلىرىغا غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى ئەكەلدى. خارابىلاشقان ئۆي - ماكانلار يېڭىدىن قۇرۇلۇپ، رەتلىك، يېپيېڭى قورۇ - جايلار ۋۇجۇدقا كەلدى. چاپقۇن، ئوي - دوڭغۇل يەرلەر تۈزلىنىپ، بىپا-

يان سالا ئېتىزلار، ئاشلىق كانلىرى بارلىققا كەلدى. ئېرىق-ئۆستەڭ قۇرۇلۇشى مۇكەممەللەشتى. مۇداپىئە ئورمانلىرى، ئىقتىسادىي ئورمان، مېۋىلىك باغ قۇرۇلۇشى سىستېمىلاشتۇرۇلۇپ، 60- يىللاردىكى چۆچەك رېئاللىققا ئايلاندى.

دېھقانلارنىڭ قورسىقى توق، كىيىمى پۈتۈن بولۇش ھالىتى شەكىللەندى. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تاكامۇللىشىشى، يېزا پەن-تېخنىكىسىنىڭ ئومۇملىشىشى، قوشۇمچە كەسىپ ۋە تاۋار ئىگىلىكىنىڭ جانلىنىشى، جەنۇب دېھقانلىرىدا يېڭىچە ئاڭ، يېڭىچە چۈشەنچە، يېڭىچە ئىدىيە — بېيىش ئېڭى، بېيىش چۈشەنچىسى ۋە بېيىش ئىدىيىسىنى شەكىللەندۈردى... نەچچە مىليون دېھقان، مەخسۇس تىرىقچىلىق قىلىش رامكىسىنى بۇزۇپ تاشلاپ، بازار رىقابىتىگە ئايلاندى.

ۋەھالەنكى، جەنۇب دېھقانلىرىنى پۈتۈنلەي «ئازاد بولدى» دەپ قارىغىلى بولمايدۇ. ئۇلاردا ئەركىن ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىش، پۇل، تاۋار، ئىستېمال، قىممەت قارىشى تىكلىنىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشنىڭ مەنىۋى ئاساسى تىكلەنگەن بولسىمۇ، پەن-تېخنىكىنىڭ كۈچىگە گۇمان بىلەن قاراشتەك روھىي بېسىم ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىنى خىرەلەشتۈرمەكتە. ھاللىق سەۋىيىگە يېتىش مەنزىلىنى يىراقلاشتۇرماقتا. تەپەككۇرنى قالايمىقانلاشتۇرماقتا. دەل مۇشۇنداق بولغاچقا، كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتكىلا بېرىلىپ، كەلگۈسىنى كۆرەلمەسلىك كېسىلى ئومۇملىشىپ قالدى.

ئەلۋەتتە، دېھقانلار ياۋاش ھەم ساددا بولغانلىقتىن، «تەقدىرچىلىك» ئىدىيىسىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك چىرمىشى، قايمۇقتۇرۇشىغا ئۇچراپ كەلگەن. شۈكرى-

قانائەت بۆشۈكىدە تەۋرىنىپ كەلگەن. بىراق، ئۇلارنىڭ يۈرىكىدە تۇرمۇشتا بولغان تەلپۈنۈش دائىم ئۇخچۇپ تۇرىدۇ. ئۇلار ئۆز يېزىسىنى ئۆز ئائىلىسىدەك، ئۆز ئائىلىسىنى جەننەتتەك ئىسسىق كۆرىدۇ. كەنت كادىرلىرىنى خىزىردەك ھۆرمەتلەيدۇ. يەر، زېمىن، سۇ تەقسىم قىلىپ بەرگۈچىلەر ئۇلارنىڭ ئەڭ يېقىن كىشىلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ پەرمانى خانىنىڭ يارلىقى بىلەن باراۋەر قارىلىدۇ. دېھقانلارنىڭ بىۋاسىتە مەنپەئەتى، بايلىقى ئەنە شۇ كادىرلارنىڭ شاپائىتى بىلەن كۆكلەيدۇ. ئۇلار قائىدە-يوسۇندا مەسچىت ئىماملىرىغا، دىنىي ئۆلىمالارغا قول باغلايدۇ. ئۇلار ئۇچرىغان «ئۇرۇن-كۆرپە» راسلايدىغان، ئاخىرەتلىك دەسمايە توپلايدىغان ئاشۇ مويسىپىتلەرنى بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەربىر جۈملە سۆزى ھەقىقەت، تۇتقان يولى ئادالەت دەپ قارىلىدۇ.

ئۇلار يەنە دوختۇرلارنى دائىم سېغىنىدۇ، ئەسلەيدۇ. چۈنكى ئۇلار، ئىللىق ئالقانلىرى، شىپالىق مەلھەملىرى بىلەن ئۇلارنىڭ جاراھىتىنى تېڭىپ قويغان، ئۆلۈم ئالدىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغان. ئۇلار يەنە يەرنى، ئاشلىقنى، سۇنى ئۇلۇغلايدۇ، ئۇنىڭغا مەڭگۈ باغلىنىپ ياشايدۇ. بۇنى پەقەت ئەۋلادلىرى ئۈچۈن دەپ قارايدۇ. ئۇلار، ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ بىر ئۆمۈر قايغۇ-ئازاب، بەختسىزلىك ئىچىدە قېلىشىنى مەڭگۈ خالىمايدۇ. بىراق ئۇلار ئوقۇتقۇچىنى — بالىلارغا خۇددى ئاتا-ئانىلاردەك كۆيۈپ-پىشقۇچىنى ياقتۇرامدۇ؟

مەسىلە مانا مۇشۇ.

تارىخنىڭ ھۆكۈمى بويىچە ئالغاندا، ھەر بىر جەمئىيەت ئەزاسى، مەيلى ئۇ باي ياكى نامرات بولسۇن ئوقۇتقۇچىنى ھۆرمەتلىشى، ئۇلارغا ئېھتىرام بىلەن قارىشى

شەرت. ئەمما، جەنۇب يېزىلىرىدا، بۇنىڭ ئەكسىچە ئىش-لارمۇ بولۇپ تۇرىدۇ. «كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەت» كې-سەلى، ئۇقۇتقۇچىنىڭ ئەجرىگە تەن بەرمەيدۇ. شۇ سە-ۋەبلىك، بەزىبىر ئاتا-ئانىلار ئوقۇتقۇچىنى يامان كۆ-رۈۋاتىدۇ. خۇددى ئۆتمۈش قارا كۈنلەردە، ئۆزلىرىنى ھاشارغا ھەيدەۋاتقان يۇرت بېگىنى كۆرگەندەك زار-لىنىۋاتىدۇ. مانا بۇ كونا مەنتىقە!

× ×

«غىچ» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ بىر ماشىنەڭ جىپ كېرەم ئىمىنىنىڭ ھويلىسى ئالدىدا توختىدى:

— ئوھۇي، مەتنۇرى كېرەم ھاكىم كېلىپتۇ.

بالىلار چۇرقىراشقىنىچە ماشىنىنىڭ ئەتراپىغا ئو-لاشتى. ھاكىم، بېشىغا چىمەن دوپپا، ئۇچىسىغا جىگەررەڭ كاستيۇم-بۇرۇلكا كىيگەن، 47 — 48 ياشلاردىكى ئادەم بولۇپ، كۆزلىرىدىن ئۆتكۈر نۇر چاقنىتىپ، كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. يېزىلىق پارتكوم سېكرېتارى ئېزىز قۇربان، ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئابلەت قاسىم قاتارلىقلار ھاكىمغا ئەگىشىپ بىللە كىردى.

ھاكىم مېھمانخانىغا كىرگەندىن كېيىن، كۈلۈمسى-رىگەن ھالدا، كېرەم ئىمىنغا:

— بىرقانچە كۈندىن بېرى يېزىلاردا يۈرۈپ، تۈ-نۈگۈن كەچتە قايتىپ كەلگەنىدىم. بۈگۈن ئەتىگەن ئىش-خانىغا كىرسەم، سىز قالدۇرۇپ كەتكەن خەتنى كاتىپ ماڭا بەردى. خېتىڭىزنى كۆرۈپ بەكمۇ خۇشال بولدۇم.

پۇل ئىئانە قىلىپ، مائارىپنى قوللاش پىلانىڭىز بەكمۇ قالتىس پىلان بوپتۇ. بىز سىزنىڭ مەكتەپنى ياخشى ئېچىشىڭىزغا ئىلھام بېرىش ئۈچۈن ئىش بېجىرگىلى ئۆيىڭىزگە كەلدۇق. يولدىشىڭىز سىزنىڭ پۇل ئىئانە قىلىپ، مەكتەپ ئېچىشىڭىزنى قوللامدۇ قانداق؟ — دېدى

كېرەم ئىمىن ھاكىمغا ئەمدىلا جاۋاب بېرەي دەپ تۇرۇشىغا، چەينەك كۆتۈرۈپ ئۆيگە كىرىپ كەلگەن ئامىنەخان تالىشىپ جاۋاب بەردى:

— ھاكىم، بۇ نېمە دېگەنلىرى، مەن ئەلۋەتتە قوللايمەن. يۈزدە يۈز قوللايمەن، سىلى خاتىرجەم بولسىلا، — ئۇ سۆزلىگەچ ھاكىم ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىغا چاي تۇتتى، — بۈگۈن چۈشلۈك تاماقنى مۇشۇ يەردە يەپ، مەن ئەتكەن لەڭمەنگە ئېغىز تېگىپ بېقىشسىلا.

كېرەم ئىمىن، ناھىيە ھاكىمىنىڭ ئۆزى قىلماقچى بولغان بۇ ئىشقا شۇنچىۋالا ئەھمىيەت بېرىپ، ئاتايىن ئىش بېجىرگىلى بۇ يەرگە كېلىدىغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇنىڭ قەلبىدە دېلىغۇللۇقمۇ، قىزغىنلىقمۇ، رازىمەنلىكمۇ، تېڭىرقاش تۇيغۇسىمۇ بار ئىدى. پۇل، مەبلەغ بولغىنى بىلەن، ئۆزىنىڭ بۇ ئىشتا غەلىبە قىلالىشىنى جەزملەشتۈرۈش قىيىن ئىدى. بۇ ئىشنى — يەنە كېلىپ ھېچقانداق بىر دېھقان قىلىپ باقمىغان بىر ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقىش ئۇنىڭغا قاراڭغۇلۇق ئىدى. مانا ئەمدى ئۇنىڭ كۆڭۈل ئاسمىنى پاللىدە يورۇپ، تېڭىرقاش، دېلىغۇللۇق تۇمانلىرى ئاللىقاياقلارغا يوقالغاندەك بولدى.

— قېنى، مېھمانلار، غىزاغا باقىلى!

ئامىنەخان كۈلۈمسىرىگەن ھالدا، يوغان گۈللۈك پەتنۇستا تۆت تەخسە لەڭمەننى ئاچىقتى. ھاكىم

ئاشنى قولىغا ئېلىپ، ئۆينىڭ ھەممە يېرىگە سەپ-
سالدى. ئون يىللار بۇرۇن جىگدە سالغان ئوماچ ئىچىپ،
ياماق سېلىنغان كىيىم كىيىپ، يالىڭاياغ يۈرۈپ ئىشلى-
گەن، يىللاپ گەمىدە كۈن كەچۈرگەن، قۇمقايغانىنىڭ
ئادەمخور پاشىلىقلىرىدا ھايات بىلەن تىركەشكەن نامرات
كىرەم ئىمىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. رېئاللىقتا، ئۇنىڭ
كۆز ئالدىدا يېپيېڭى قىياپەت بىلەن ئوتتۇرىغا چىق-
قان كىرەمباي زاھىر بولدى.

ئىسلاھات — 14 يىللىق يېزا ئىسلاھاتى ئۇنى
ئۆزگەرتتى، يوقاقۇننى، نامرات دېھقانلارنى ئۆزگەرتتى...
ئۇ قىسقىغىنا يەتتە - سەككىز يىلدا، يوقاقۇن بويىچە ئاۋ-
ۋال بېيىغان ھاللىق دېھقان بولۇپ قالدى. ئەڭ قەدىر-
لەشكە ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ئۇ ئۆزى بېيىغاندا نامرات
يۇرتداشلارنى، نامرات دېھقانلارنى، يوقاقۇننى ئەستىن
چىقارمىدى. مانا بۈگۈن تېخىمۇ مەردلىك كۆرسىتىپ،
مەكتەپ سالماقچى بولۇۋاتىدۇ. بۇ ھەقىقەتەنمۇ بىر ئەۋ-
لاد يېڭى دېھقانلارنىڭ تىپى!

داستىخان يىغىلغاندىن كېيىن، نەق مەيداندا ئىش
بېجىرىش باشلاندى:

— كىرەم ئىمىن بېيىغاندىن كېيىن يوقاقۇن كەن-
تىنىڭ كەلگۈسىگە كۆڭۈل بۆلۈپ، كۆپلەپ ئىختىساس
ئىگىلىرى، پەن - تېخنىكا تايانچلىرىنى يېتىشتۈرۈش ئۈ-
چۈن مەكتەپ ئاچماقچى بولۇۋاتىدۇ. يېقىندا، مەركەز
ئېلان قىلغان «مائارىپ ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى قارار»
دىمۇ، ئۇنىڭ بۇ ئالىيجاناب ھەرىكىتىگە ئىلھام بېرىل-
گەن. بىزنىڭ بۇ قېتىم نەق مەيداندا ئىش بېجىرىشى-
مىزمۇ، ئۇنىڭ بۇ مەكتەپنى ياخشى ئېچىشىغا كاپالەتلىك
قىلىش ۋە ھەر جەھەتتىن قوللاشنى مەقسەت قىلىدۇ.

ھاكىم سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن، يېزىلىق پارتكوم سېكرېتارى، ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ۋە كەنت مۇدىرى ئارقا ـ ئارقىدىن ئىپادە بىلدۈرۈپ، كېرەم ئىمىننىڭ دۆلەتنى، يۇرتىنى ۋە خەلقنى سۆيۈشتەك ئېسىل پەزىلىتىنى ماختاشتى، ئۇنىڭغا ئاقىۋول تىلەشتى. جۇۋازخانا — كېرەم ئىمىننىڭ ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىغا شاھىت بولغان بۇ «كونا تەلئە» ئەتراپىدىن 20 مو يەر ئاجرىتىپ بېرىش قارار قىلىندى. بۇ يەرنى ئاجرىتىپ بېرىشكە يېزا ۋە كەنت مەسئۇل بولىدىغانلىقى، ئوقۇتقۇچى تەكلىپ قىلىش، ئوقۇتۇش ئۈسكۈنىلىرى ۋە تەلىم ـ تەربىيە ئەسلىھەلىرىنى سېتىۋېلىش، مەكتەپنىڭ قېلىپلاشقان لايىھىسىنى تۈزۈش — ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ ياردىمىدە بولىدىغانلىقى بېكىتىلدى. مەكتەپنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا كېرەم ئىمىن مەسئۇل بولدى.

— ھەشقاللا، — دېدى ئۇ خۇشال ھالدا، — مېنىڭ مەكتەپ قۇرۇش پىلانىم مانا ئەمدى ئىشقا ئاشىدىغان بولدى!

— ياق، — دېدى ھاكىم كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ، — رەھمەتنى سىز بىزگە ئەمەس، بىز سىزگە ئېيتىشىمىز كېرەك. سىزگە ئوخشاش ئېگىزدە تۇرۇپ يىراقنى كۆرۈپ، ئۆز يۇرتىنى گۈللەندۈرۈشنى كۆڭلىگە پۈككەن ساخاۋەتلىك دېھقان بولغانىكەن، يوقاقۇن كەنتىنىڭ ئىستىقبالى پارلاق، جۇڭگونىڭ ئىستىقبالىمۇ پارلاق. بۇ ھەم ناھىيىمىزنىڭمۇ شان ـ شەرىپى!

مېڭىش ئالدىدا، ھاكىم كېرەم ئىمىننىڭ قولىنى چىڭ قىسىپ تۇرۇپ، ھاياجان بىلەن مۇنداق دېدى:

— مەكتەپنى مۇۋەپپەقىيەتلىك قۇرۇپ چىقىشىڭىزغا تىلەكداشمەن.

خۇش خەۋەر تېز تارقىلىدۇ. كېرەم ئىمىننىڭ مەكتەپ ئاچماقچى بولغانلىقى توغرىسىدىكى قۇتلۇق خەۋەر ئاۋۋال يوقاقۇننى زىلزىلىگە كەلتۈردى. ئاندىن يېزا ـ ناھىيىگە، ۋىلايەتكە پۈركەتتى:

— خۇش خەۋەر!!! خۇش خەۋەر!!! بۈگۈندىن كېيىن بالىلىرىمىز مەكتەپتە ئوقۇيالايدىغان بولدى.

— كېرەم ئىمىن ھەقىقەتەن قالتىس ئىكەن. بىر دېھقاننىڭ مەكتەپ ئېچىشى، ئەلمىساقتىن بۇيان كۆرۈلۈپ باقمىغان ئىش.

— كېرەم ئىمىن، يوقاقۇننىڭ قەھرىمانى!

كېرەم ئىمىن ئۆزىچۇ؟ شۇ تاپ قانداق تەسىراتقا كەلدىكىن!

ئۇ ھېلىقى جۇۋازخانىدا يەنە پەيدا بولۇپ قالدى. قولىنى گىرەلەشتۈرگىنىچە، ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىپ يۈرەتتى، قاياقتىندۇر كونا جۇۋازنىڭ غىچىرلىغان مۇڭلۇق سادىسىنى ئاڭلىغاندەك بولاتتى... قاياقتىندۇر، ئۇنىڭ تۇرمۇشىنى داۋالغۇتۇۋەتكەن ھېلىقى چىپار ھەرىنىڭ گۈڭۈلداشلىرى، تاغىل ئۆكۈزنىڭ بىر خىل رىتىمدا پۈشۈلداپ مېڭىشلىرى، قاياقتىندۇر توختاخۇننىڭ ئىششىق كۆزلىرى، تىترەپ تۇرغان ئالىقانلىرى كۆز ئالدىغا كېلەتتى. قاياقتىندۇر بىر توپ بالا ـ كۆزلىرىدىن سەبىيلىك، خىرامانلىق، نامراتلىق تۆكۈلۈپ تۇرغان «ساۋاتسىز» بالىلار ئۇنىڭغا تەلمۈرۈپ قارايتتى. ئۇ بۇ خىل مەنزىرە، تېخى ئۆتمۈش بولۇپ كەتمىگەن غايىبانە ئىشلار ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ ئايلىناتتى. قەدەملىرى ئېغىر، كەيپىياتى سالماق بولسىمۇ، قەلب دولقۇنى تىنماي ئۆركەش ياسىماقتا ئىدى. گويا قىزىل شەپەق ئاستىغا كۆمۈلگەن بورانچى قىرغاقلىرىدا، قوشمۈڭگۈز ئارىسىدا،

يايلاق دالاسىدا كېتىۋاتقاندەك، ئوتلۇق ھاياجانغا چۆمۈلگەنىدى. ھالبۇكى، بۈگۈنكىسى ھەرقانداق شادلىقتىن ئۆزگىچە بولغان بىر خىل يۈكسەكلىك، بىر خىل شىجائەت بىلەن يۇغۇرۇلغان خۇشاللىق ئىدى. جۇۋازخانا، جۇۋاز ئوقى، تۇرمۇش تەكرارلىقىدىن باشقىچە بولغان بىر خىل تۇرمۇش مەنزىرىسى، ھايات كېلەچىكى زاھىر بولماقتا ئىدى.

ئۇ مانا شۇ يېڭى، قۇتلۇق مەنزىرە ئۈچۈن ھاياجانلانغانىدى. ئەنە شۇ ھاياجان بىلەن، كۈندۈزلىرى قۇرۇلۇشقا يېتەكچىلىك قىلسا، ئاخشىمى ناھىيىدىكى مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر بىلەن بىللە، كەلگۈسى مەكتەپنىڭ لايىھىسىنى تۈزدى. قانچىلىگەن كېچىنى، قۇتلۇق مىنۇتلىرىنى مۇشۇ ئىش بىلەن ئالدىراش ئۆتكۈزۈۋەتتى.

قىش كېتىپ، باھار كەلدى. ھاۋا ئىللىپ، يېڭى بىر ھاياتلىق جىلۋىلەندى. يوقاقۇننىڭ پەسىل قۇشلىرى قايتىپ كېلىپ، بۇ يەردىكى ئۆزگىرىشتىن ھەيران قېلىشتى. بورانچى دەرياسىنىڭ يېشىللىقى تېخىمۇ گۈزەل تۈسكە كىردى.

يۇرت — يېڭى باھارغا ئېرىشتى.

جىددىي ئىشلەش نەتىجىسىدە 310 كۋادرات مېتىر كۆلەمگە ئىگە مەكتەپ، يورۇق، ئازادە دەرسخانا، قىرائەتخانا، تىكتاك توپ مەيدانى پۈتۈپ، مۇنتىزىملاشقان باشلانغۇچ مەكتەپ بىناسى قەد كۆتۈردى.

بورانچى دەرياسى بويىدىكى جىمجىتلىق بىردىنلا بۇزۇلدى. دەريا شاۋقۇنى بىلەن مەكتەپ ھاياتىنىڭ جۇشقۇن لىرىكىسى بىرلىشىپ، يېڭى ھايات سىمفونىيىسىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى. بۇ خوتەن ۋىلايىتى بويىچە، ياق، پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە، بىر دېھقان ئۆزى پۇل چىقىرىپ، بىنا قىلغان تۇنجى مەكتەپ بولۇپ، شىنجاڭنىڭ مائارىپ تارىخىدا كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان يەنە بىر سەھىپە ئاچتى.

# مۇقەددەس ئىشلار

خوتەن — مۇقەددەس يۇرت. ئۆتمۈشتىكى خوتەندە مۇقەددەس ئىشلار، مۇقەددەس ئادەملەر، مۇقەددەس يوسۇنلار، مۇقەددەس نامى قالغان ئالتۇن بېزەكلەر، خارابىلەر، تاۋاپگاھلار ئىزەلدىن كۆپ ئىدى.

قايسىبىر خان يۇرت ئىچىدە چوڭراق بىرەر مەسچىت بىنا قىلدۇرسا ئۇنىڭ مۇقەددەس نامى قالاتتى. قايسىبىر ھۆكۈمران شەھەر سىرتىغا سېپىل سوقتۇرسا، كۆل، قۇدۇق، ئۆستەڭ قازدۇرسا، ئۇنىڭمۇ مۇقەددەس نامى قالاتتى. قايسىبىر پۇقرا ھەججگە ئاتلانسا. جاننى ئالىقانغا ئېلىپ، ھىندىقۇش، پامىر تاغلىرىنىڭ خەتەرلىك ھاڭلىرى، كەشمىر داۋانلىرىنىڭ جۇدۇن-چاپقۇنلىرىنى باشتىن كەچۈرسە، مۇقەددەس قىبلىگاھ — بەيتۇللاغا يېتىپ بارالىسا، ئۇنىڭ مۇقەددەس نامى ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا قالاتتى.

بۇ — ھەربىر كىشى قوغلىشىدىغان مۇقەددەس ئىشلارنىڭ بىرىنى 1863-يىلى خوتەن ھۆكۈمرانى نىياز ھېكىم بەگ ئورۇندىدى. ئۇ خەلققە ھاشار قىيۇپ، كۆلىمى نەچچە يۈز كۋادرات مېتىر كېلىدىغان «خوتەن جامەسى»نى قۇردى. بىنانىڭ ياغاچلىرى، خوتەن شەھىرىدىن نەچچە يۈز چاقىرىم يىراقلىقتىكى جاڭگاللىقتىن يۆتكەپ كېلىنىدى.

بۈگۈنكى كۈندە ئىسمى-جىسمىغا لايىق مۇقەددەس ئىشلار يەنە كۆپەيدى. كېرەم ئىمىن، قاسىم ئىمىن... قاتارلىق دېھقان بايلىرى ئۆز يېنىدىن پۇل چىقىرىپ مەكتەپ سالدى. مىللەتنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن،

ئۆز بايلىقىنى بەخش ئەتتى، ئۇلارغا ئەگىشىپ تالاي شەخسلەر، تالاي ئورۇنلار بەس-بەس بىلەن مەكتەپ سالدى، ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرى، ئوقۇتۇش ئۆيلىرىنى رېمونت قىلىپ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ شانلىق ئۆلگىسىنى ياراتتى.

1991 - يىللىق ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، خوتەن ۋىلايىتىدە ئۆز پۇلى بىلەن سالغان، رېمونت قىلغان كۆۋرۈك، يول ياسىغان شەخس ۋە ئورۇنلارنىڭ سانى 50 تىن ئاشمايدىكەن. ئەمما، ئۆز پۇلىغا، بايلىقىغا تايىنىپ ھەج قىلغانلار سانى 400 گە، سەپەر داۋامىدا خەجلىگەن سوممىسى تەخمىنەن 3 مىليون 200 مىڭ يۈەندىن ئېشىپ كەتكەن.

3 مىليون 200 مىڭ يۈەن!

بۇ پۇلغا ئوقۇتۇش ئۈسكۈنىلىرى يۈرۈشلەشكەن يېزا باشلانغۇچ مەكتىپىدىن 34 نى، قىممىتى 100 مىڭ يۈەن توختايدىغان بېتون كۆۋرۈكتىن 32 نى سالغىلى، 40 كىلومېتر تاشيولغا قاراماي ياتقۇزغىلى بولىدۇ. بۇ پۇل بىلەن يەنە يىللىق ساپ كىرىمى 70 — 80 مىڭ يۈەن ئالىدىغان تىجارەت مەركىزى قۇرغىلى بولىدۇ:

بۇنىڭدىن باشقا، بىزدىكى مۇقەددەس ئىشلار ئۆزلۈكسىز يېڭىلاندى. دۇنيا مەدەنىيىتى، ئىسلام مەدەنىيىتى، ئۇچۇر دەۋرى كۆتۈرۈلۈۋاتقان 90 - يىللاردا، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ھەممە بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرى، يېزا-مەھەللىلەردە، چوڭ-كىچىك جامەلەر، تاۋاپگاھلار ھەسسىلەپ كۆپىيىپ، تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلدى.

خوتەن ۋىلايىتىدە، مەسچىت سېلىش، مەقبەرە تاۋاپ قىلىشقا ئوخشاشلار مۇقەددەس ئىش بولۇپ قالدى. كىشىلەر بەس-بەس بىلەن پۇل، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنى توپلاپ، مەسچىت قۇرۇش دولقۇنىنى قوزغىۋەتتى. بۇ خىل

دۆلقۇننى ئېتىقاد، سەمىمىيەت نۇقتىسىدىن چۈشىنىشكە توغرا كېلەتتى. ھېچكىم ئەينى چاغلاردىكى گىرەسىمان دۆلقۇنلاردەك ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتكە قېلىشنى ئويلىمايتتى.

قىسقىغىنا بىرنەچچە يىل ئىچىدە، خوتەن زېمىنىدا، شەھەر- يېزىلاردا 4376 دىن كۆپرەك مەسچىت قۇرۇلۇپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن، بىر مەسچىتكە 122 نەپەر ئىخلاسمەن توغرا كەلدى (ئەلۋەتتە چەت، نامرات قىشلاقلاردا 10 — 20 كىشى توغرا كېلىدۇ). بۇ نەقەدەر زور قۇرۇلۇش - ھە!

ئالاقىدار تارماقلارنىڭ ستاتىستىكا قىلىشىچە، خوتەن ۋىلايىتىدە 1010 ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ بولۇپ، پەقەت ئوقۇش يېشىدىن يۇقىرىلارغا نىسبەتلەشتۈرگەندە، ھەر بىر مەكتەپكە 627 نەپەر ئادەم توغرا كەلگەن. دېمەك، مەسچىت، مەكتەپ كۆلىمىنىڭ 4.3 ھەسسىسىگە باراۋەر كەلگەن. بۇ — كىشىنى ئىختىيارسىز ھالدا ئويغا سالىدىغان تىپىك ھەقىقەت!

ئومۇمىي مەسچىت سانىنىڭ پەقەت 30 پىرسەنتىنى ھۆكۈمەت، دىنىي ئىشلار تارماقلىرى مەسئۇل بولۇپ سالدۇرغانىدىن سىرت 70 پىرسەنتىنى شەخسلەر ئۆزلۈكىدىن مەبلەغ توپلاپ سالغان. ھازىرقى خوتەن يېزىلىرىدا، مەلۇم بىر مەھەللە كومىتېتتا بىرەر مەكتەپنى ئۇچرىتىشقا مۇمكىن بولىدۇ، ۋەھالەنكى ھەربىر مەھەللە، يول - رەستىلەردە بىرنەچچە، ھەتتا ئونلىغىنمۇ كۆپ قۇببىلەرنىڭ قەد كۆتۈرۈپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈش تەبىئىي ھال بولۇپ قالغان. ھەۋرگە خاس مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى بىلەن ئېيتقاندا، ئۆتكەن كۈنلەر ۋە كېلەچەك ئۈچۈن بىنا قىلىنغان بۇ مۇقەددەس قۇرۇلۇشلارنىڭ ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 2 مىليون 350 مىڭ 759 كۋادرات مېتىر بولۇپ، ۋىلايەت ئومۇمىي

تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ 0.15 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن (مەك-
تەپ كۆلىمىنى ئىگىزغا ئېلىش قىيىن بولسا كېرەك).

80 - يىللار كىردىشى بىلەن، ئىسلاھاتنىڭ باھار شا-
مىلى ئۇزۇن يىللار تاقىلىپ قالغان چېگرا يولىنى داغدام
ئېچىۋەتتى. قەشقەردە، خوتەندە، پۈتۈن شىنجاڭدا ھەججگە
بېرىش دولقۇنى قوزغالدى. ئۇزۇن يىل كۆمۈلۈپ قالغان
بۇ بۇلاقنىڭ ئېچىلىشى، مىڭلىغان، ئونمىڭلىغان ئۇيغۇر
مۇسۇلمانلىرىنىڭ دىلىنى ياشارتتى. ئاپتوبۇس بېكەتلىرى
خۇشاللىق يىغىسى بىلەن تەۋرەپ كەتتى. تاموژنا خادىم-
لىرى ئىككى قولىنى تۇت قىلىپ، چېگرا رەسمىيەتلىرىنى
بېجىرىدى.

ئۇنىڭ ئىسمى ××××. بۇرۇن پۇللۇق ئۈچ ئائىلى-
نىڭ قىزىغا ئۆيلىنىپ، «قوۋۇرغىسىنى سەمرىتىۋالغان».
نۇرغۇن ئالتۇن - كۈمۈش يىغىپ چەتئەلدىن دورا يۆتكەپ
ساتقان. ھەج قىلىش باھانىسى بىلەن ئۈچ قېتىم چېگرا-
دىن ئۆتۈپ، پاكىستان بىلەن خوتەن يولىدا تىجارەت
قىلغان. بىر يۈەنلىك دورىنى يەتتە يۈەن قىممەتتە
ساتقان، تىجارىتى تازا روناق تېپىپ، مەبلىغى 5 مىل-
يون يۈەنگە يەتكەندە، راك كېسىلى بىلەن قازا تاپقان.
ھاياتىدا، ناھىيىلىك شىپاخانا خادىمى ××××
پايدىنى ئازراق ئېلىپ، خەلققە ياخشى ئىش قىلىپ
بېرىش توغرىسىدا مەسلىھەت بەرگەندە، ئادەم تۇپلاپ،
مەزكۇرنى ئۇرۇپ چىشلىرىنى تامام تۆكۈۋەتكەن، كۆزىنى
زەخىملەندۈرگەن. مۇسۇلمانلارنىڭ تاۋاپگاھى — بەيتۇللاغا
ئۈچ قېتىم بارغان بۇ «ئۆلىما» — مۇسۇلمانچىلىقنىڭ «يۈك-
سەك پەللىسى»نى ئەنە شۇنداق ياراتقان. قولىدا 5 مىل-
يون يۈەن بايلىق تۇرۇقلۇق يەنە كىشىلەرنى قاقتى -
سوقتى قىلىپ، 3000 يۈەن پۇلنى ئېلىۋالغان.

مەسچىت سېلىش، مەكتەپكە ئىئانە بېرىش، كۆۋرۈك ياساش، ئۈچ قېتىم پاكلانغان بۇ «ئەھلى جەننەتى» نىڭ خىيالىغا سىغمىغان.

ئۇنىڭ ئىسمى مەتتۇرسۇن، چۆچۈرىدەك ئالتە بالىسى بار. دېھقان كۆكتاتچىلىق تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ 3500 يۈەن پۇل يىغقان. دەريادا ئېقىن سۇ بىلەن بۇلاق سۈيى بىرلىشىپ ئاقىدىغان بىر قاينام بولۇپ، بۇيەردىن ئۆتكىلى بولمايتتى. باشتا ئۇ كۆۋرۈك سېلىشنى ئويلىغان، لېكىن قاينام يۈزى، ئىككى قىرغاق ئارىلىقى ئۇزۇن بولغانلىقتىن، مەبلەغ يېتىشمىگەن. شۇڭا ئۆز ئائىلىسىدە ئىككى ئېغىزلىق ئوقۇتۇش ئۆيى سېلىپ، بالا قوبۇل قىلغان. ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىر ۋاخ تامىقى، دەپتەر ـ قەلىمىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغاندىن سىرت، ئوقۇتقۇچىنىڭ مائاشىنى، پۈتكۈل ئوقۇتۇش راسخوتىنى ئۆزى چىقارغان.

ئۆز ئۆمرىنى نامراتلىق ئىچىدە ئۆتكۈزگەن بۇ يىگىت، مۆلدۈرلەپ تۇرغان ئالتە جۈپ كۆز ئالدىدا، ئۆز بايلىقىنى خەلقىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا بەخش ئەتكەن. ئۈچ قېتىم رەسۇلۇللانىڭ مەقبەرىسىنى تاۋاپ قىلغان، 5 مىليون يۈەن بايلىقنىڭ خوجىسى بولغان بىر ئىنسان قىلالمىغان ئىشنى — ئاددىي بىر كۆكتاتچى ۋۇجۇدقا چىقارالىغان، پۈتكۈل ئاسىيادىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ئەرەب يېرىم ئارىلىنى سەيلە ـ ساياھەت قىلغان «جەسۇر مۇسۇلمان» كۆرەلمىگەن، ھېس قىلالمىغان: مۇقەددەس بىر ئىشنى — يېڭى دەۋرنى، مىللەتنى، مىللەتنىڭ كەلگۈسىنى... تەكلىماكاننىڭ جەنۇبىدىكى خىلۋەت ناھىيىسىدە ئۆسۈپ ـ يېتىلگەن ئاددىي بىر پۇقرا كۆرەلىگەن.

بۇ نەقەدەر زور پەرق ـ ھە؟! خوتەن مائارىپىنىڭ چىۋەر باغۋىنى، تالانتلىق ئۇستاز ئەمەت ھاجىنى 27 يېشىدا

ھەج سەپىرىگە ئاتلانغان. بۇ قېتىمقى ھەج سەپىرى، «تالقان يەپ، چۆللەر كېزىش»تىن، خېيىم-خەتەردىن خالىي بولالمىسىمۇ، ياش ماﺋارىپچىنىڭ قەلبىدە ئۆچمەس تەسىراتلارنى قالدۇرغان. ئۇمۇ مەككىگە بېرىپ، ھەج رەسمىيەتلىرىنى ئۆتىگەن، مەككىگە بېرىش-كېلىش سەپىرىدە بەزى دۆلەتلەرنى زىيارەت قىلغان، خارلانغان، نابۇت بولۇۋاتقان بىر مىللەتنىڭ بىلىمگە، ئەقىل-پاراسەتكە تولىمۇ موھتاج ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەن.

ئۇ ئاددىي ئەمما جۈرئەتلىك زىيالىي بولۇش سالاھىيىتى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۆزىگە ۋە پۈتكۈل دەۋرداشلىرىغا سوئال قويغان:

— چەتئەللىكلەر نېمىشقا شۇنچە كۆپ تەرەققىياتلارغا ئېرىشىدۇ، بىز نېمىشقا ئارقىدا قالىمىز؟

ئۇ بۇ سوئالغا ئۆزى جاۋاب بەرگەن. كۆڭلىگە ئۇلۇغۋار پىلانلارنى پۈكۈپ، ئەسلىدىكى تاللىۋالغان تىجارىتىدىن ۋاز كەچكەن. تەشەببۇسكارلىق بىلەن خوتەن ماﺋارىپىنى يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن بەل باغلىغان. ئەينى چاغدىكى زىيالىيلاردىن نىزامىدىن ئەپەندى قاتارلىقلارنىڭ قوللىشى ۋە ئىقتىسادىي ياردەم بېرىشى ئارقىسىدا خوتەن شەھىرىدە تۇنجى پەننىي مەكتەپ «خوجا مكۆل مەكتىپى»نى قۇرۇپ چىققان. 1930-يىللىرى ئەتراپىدا قۇرۇلغان بۇ مەكتەپ خوتەننىڭ ئۇيغۇر يېقىنقى زامان تارىخىدا پەۋقۇلئاددە ئورۇن تۇتقان.

تۆھپە — تارىخ دېمەكتۇر، كېرەم ئىمىن، قاسىم ئىمىن، مەتتۇرسۇن... قاتارلىقلار تارىخنىڭ ھەقىقىي خوجايىنلىرى. ئۇلاردا ئىمتىياز، بايلىقتىن، «5 مىليون» مەبلەغتىن ئۈستۈن تۇرىدىغان قىممەت قارىشى — يۈكسەك دەرىجىدىكى مەرىپەتپەرۋەرلىك تۇيغۇسى بار. بۇ تۇيغۇ

ئۇلارنىڭ كەلگۈسى، بۇ تۈيغۇ ئۇلارنىڭ ھەقىقىي مەقبەرىسى، شانلىق ھەيكىلى. مىللەت، دەۋر بۇ مەقبەرە، بۇ ھەيكەلنى، مىللەت ئۈچۈن تىكلەنگەن پارلاق ئابىدىنى ئەبەدىلئەبەد ساقلايدۇ.

## قۇتلۇق مۇراسىم، يېڭى ئىزلار

**گېزىت خەۋىرى:**

«...كېرەم ئىمىن ئۆزى بېيىغاندا باشقىلارنى ئۇنۇتماي، 40 مىڭ يۈەن پۇل سەرپ قىلىپ، كەنتتىكىلەرگە بىر باشلانغۇچ مەكتەپ سېلىپ بەردى.

كېرەم ئىمىننىڭ ئەۋلادلار ئۈچۈن ياخشى ئىش قىلىشتەك پەزىلىتىنى تەقدىرلەش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى يېقىندا، ئۇنىڭغا «مائارىپ ئىشلىرىنى قوللاش نەمۇنىچىسى» دەپ شەرەپلىك نام بېرىشنى ھەمدە «مائارىپ ئىشلىرىنى قوللاش نەمۇنىچىسى» لەۋھەسى تەقدىم قىلىشنى قارار قىلدى.»

جىمجىت، سۈت ئۇيقۇدا ياتقان خىلۋەت يېزا سىلكىنىپ ئويغاندى. كىشىلەر ھاياجان بىلەن ئۆيلىرىدىن ئوخچۇپ چىقىشتى. بالىلار چۇرقىرىشىپ، يوقاقۇن ئاسمىنىنى زىلزىلىگە سېلىۋەتتى. يوللار — ناگان - ناگاندا ئاياغ تەۋشى ئاڭلىنىپ قالىدىغان تۈپىلىق يوللار، يېشىل سېپىلدەك سۆر كۆرسىتىپ تۇرغان بوككىدە ياڭاق دەرەخلىرى، ھالسىز، قىيسايغان پاكار ئۆيلەر، ئادەملەر شاۋقۇندىن دەس تۇردى.

سۇناي بىلەن ناغرىنىڭ شادىيانە ساداسى ئىچىدە يوقاقۇنىنىڭ پۈتكۈل گەۋدىسى يېپيېڭى تۈس ئالدى. توي ساداسى، بايرام، خۇشاللىق تەنتەنىسى — ئويغانغان، نامراتلىقتىن، يوقسۇللۇقتىن قۇتۇلۇشقا قاراپ يۈزلەنگەن ئانا سەھرانىڭ ھاياتىي كۈچىنى نامايىش قىلاتتى.

شۇنداق، بۇ يەردە تويمۇ، بايراممۇ بولۇۋاتقاندەك، يوللار، ئادەملەرنى كۆتۈرەلمەي قېلىۋاتقاندەك، غايىمۇ، رېئاللىقمۇ، ئۆتمۈشمۇ ۋە كېلەچەكمۇ ئارىلىشىپ كەتكەندەك قايىنام-تاشقىنلىق بولۇۋاتاتتى. مىللىي ئۇسلۇبتا ياسالغان كۆركەم ئىمارەتنىڭ ئۆگزىسىدە ياڭراۋاتقان ناغرا-سۇناي، جەۋلان قىلىۋاتقان رەڭدار تۇغلار، ئۇيغۇر نەققاشچىلىق سەنئىتى گەۋدىلەندۈرۈلگەن ئاپئاق تاملاردىكى پىلاكاتلارغا قاراپ بايرام بولغانلىقىنى، قۇياش ئاپتىپىغا چۆمگەن كەڭرى سەينادىكى ئادەملەر توپىغا، يول بويىغا قاراپ ئېچىلغان تۆمۈر دەرۋازا، پولات رېشاتكىلارنى بويلاپ تۈرۈپ كەتكەن پىكاپلارغا قاراپ توي بولۇۋاتقانلىقىنى جەزم قىلىشقا بولاتتى. ئەلۋەتتە، توي، بايرام — ھەر ئىككىلىسى خۇشاللىقنىڭ، بەختنىڭ بېشارىتى، رېئاللىقتا ئەكس ئېتىشى ئىدى. ئەمما يوقاقۇندا ئەزەلدىن مۇنداق توي بولۇپ باقمىغان، بەخت تۇيغۇسى — سىنىپىيلىك «سالاھىيىتى»گە ئېرىشكەندىن بۇيان، مۇنداق كاتتا، ھەقىقىي توي، دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان سەلتەنەتلىك مەرىكە بولۇپ باقمىغانىدى.

كىشىلەرنىڭ چۈشەنچىسى بويىچە ئالغاندا، بۇ يەردىمۇ ئەلمىساقتىن بېرى توي-تۆكۈن ئىشلىرى يۈرۈشۈپ تۇرغان، يىگىتلەر ئۆيلىنىش، قىزلار تاللىق بولۇش زامان-زامانلاردىن بېرى داۋام قىلىپ كەلگەن. بىراق ئۆتمۈشتىكى تويلار ئاسمان-زېمىن پەرقلىق بولغاندەك،

بەر ـ بەرىگە ئوخشىمايتتى، بايلار، پولدارلار، يەر ئىگە-
لىرى، يۇرت ئاقساقاللىرى «ھەشەمەتلىك سارايلاردا
كاتتا توي ـ بەزمە» قۇرالايتتى. تويىنىڭ يېرىمى كۆلكە،
يېرىمى يىغا ـ زار بىلەن ئۆتەتتى، چۈنكى بۇ خىل توي-
لار، پۇل، مال ـ دۇنيا ئۈستىدىگە قۇرۇلغان قەغەز راۋاققا
ئوخشىشىپ كېتەتتى. ئاتلارنىڭ غەزەپلىك كىشنەشلىرى، قىز-
چوكانلارنىڭ يۈرەكنى ئېزىدىغان كۆڭۈل ئازابى، بىقۇۋۇل،
يوقسۇل ئانىلارنىڭ ئۈنسىز ياش تۆكۈشى، زالىم، ۋەھ-
شى بايلارنىڭ چاچ ـ ساقىلى ئوچتەك ئاقارغان روھانىي-
لارنىڭ «40 كوكۇلا»لىق نارەسىدىگە بولغان «ئىشقى-
مۇھەببىتى»ـ رەھىمسىز پاجىئەلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىراتتى.
مۇنداق «ھالاكەت كۆلكىسى»نى قانداقمۇ توي دېگىلى بولسۇن!

مانا بۈگۈن ھەقىقىي توي، ھەقىقىي بايرام بولۇۋاتاتتى. 1986 ـ يىلى 6 ـ يانۋار. يوقاقۇن كەنتىدىكى بىلىم باغچىسى تەبىئەتكە، دەۋرگە خاس قۇچاق ئاچقان قۇتلۇق بىر كۈن ئىدى.

دەل شۇ پەيتتە، رادىئو كانىيى يېقىملىق جاراڭلاپ، ئوقۇش باشلاش مۇراسىمى باشلانغانلىقى تەنتەنە بىلەن ئېلان قىلىندى. ھاياجان، شاد ـ خۇراملىق دېڭىزىدا ئۈزۈۋاتقان نەچچە يۈزلىگەن ئامما، نۇرلۇق كۆزلىرىنى ئىشخانا بىناسى ئالدىدىكى مۇراسىم مۇنبىرىگە تاشلىدى. ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى يولداش مۇھەممەت توختى ۋىلايەتلىك پارتكوم ھەم مەمۇرىي مەھكىمىگە ۋەكالىتەن كېرەم ئېمىننىڭ ئىلغار ئىش ئىزلىرىنى تونۇشتۇردى ۋە ھەر مىللەت خەلقىنى ئۇنىڭ ئالىيجاناب خىسلىتىدىن ئۆگىنىشكە چاقىردى. مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى نۇر مۇھەممەت خۇدابەردى لېنتا كېسىپ «باغچە» دەرۋازىسىنى ئۇلۇغ ئاچتى.

كۆزلەر — ھايات ناخشىسىنى كۆردى، مىڭلىغان، ئونمىڭلىغان ياش ئەۋلادنىڭ ئىسسىق يېشىغا شاھىت بولدى. كۆزلەر، — ئۇيغۇر ئېكساق مائارىپىنىڭ 100 يىللىقىنى كۆردى. شۇنداق، ئېكساقتا 1886 - يىلى مۇسابايوۋلار مەكتەپ ئاچقان بولسا، ئېلىمىز ئازاد بولغان 40 نەچچە يىلدىن كېيىن، ئاددىي بىر دېھقان مەكتەپ ئاچتى. بۇنىڭغا ئالدى بىلەن يوقاقۇنلۇقلار ھاياجانلىق ھېسلىرىنى يوشۇرالمىدى. مەكتەپ يۈزى كۆرەلمەي ساۋاتسىز قالغان تالاي كۆزلەر، تالاي يۈرەكلەر، شىپالىق دورىغا ئېرىشكەن بىماردەك شادلىقتا، ئۈمىدكە، ھايات تەشنالىقىغا چۆمدى.

— مەكتەپ، ئاھ بىلىم يۇرتى، بىزنىڭ يوقاقۇن ئۆزگەردى، بۇ يەردىمۇ مەكتەپ بار بولدى.

— ياشاپ كەت، كېرەمشاخۇن، يوقاقۇن سېنى مەڭگۈ قۇتلۇقلايدۇ.

— ساڭا ئامەت تىلەيمىز!!!

يوقاقۇنلۇقلار مەكتەپ دەرۋازىسىدىن سەلدەك ئاقتى، گويا بورانچى دەرياسىنىڭ زۇمرەت دولقۇنلىرىدەك چايقىلىپ، مەكتەپ سەيناسىغا يۈگۈرۈشتى. چاۋاك ياڭرىتىپ، ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىدا يېڭى بىر دەۋرنىڭ باشلانغانلىقىنى تەبرىكلەشتى.

يۇرت، مۆجىزىلەر دۇنياسىغا ئايلاندى. ئۆتمۈشتە، داجەي يولى بىلەن ئىلگىرىلەپ «1000 كىلوگرام» لىق سەۋىيىنى قوغلىشىپ، يىلىكى قۇرىغان يوقاقۇن ئەجدادلىرى، مانا ئەمدى ئۆزلىرىنىڭ مەنىۋى دۇنياسىدىكى قاراڭغۇلۇقنى يۇيۇپ - تازىلايدىغان دەستۇرغا، «خانلىق نەسەبنامىسى» غا ئېرىشتى. ئىلگىرىكى چىراغسىز ئۆيدە تېنەپ يۈرگەن نامرات يوقاقۇنلۇق، مانا ئەمدى نۇر ئابىدىسىگە ئىگە بولدى.

مانا بۇگۈن غايە رېئاللىققا ئايلاندى. ئوقۇتۇش ئۇسكۇنىلىرى، تەجرىبە سايمانلىرى تولۇپ تۇرغان تەجرىبىخانا، بىلىم دۇردانىلىرى بىلەن جۇلالىنىپ تۇرغان قىرائەتخانا، ئالتە سىنىپ، ئۈچ كورپۇسلۇق گۈزەل بىلىم باغچىسى — «كېرەم ئىمىن باشلانغۇچ مەكتىپى» بوزرانچى دەرياسى ۋادىسىدا قەد كۆتۈردى.

مۇراسىم قىزغىن داۋام قىلماقتا. يۇرتىنىڭ پارلاق ئىستىقبالى، ئەۋلادلارنىڭ بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ ھالال ئەمگىكىنى، ھالال بايلىقىنى بەخش ئەتكەن ئالىيجاناب كىشى — مەرىپەتسۆيەر كېرەم ئىمىنگە ئولتۇرغانلارنىڭ ھۆرمەت ئالقىشى سەلدەك ئاقتى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى تۆمۈر داۋامەتنىڭ لەۋھەسى، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتىنىڭ تەبرىك خېتى ۋە قېرىنداش ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭ تەبرىك خەتلىرىنىڭ ھەر جۈملىسى — قاشتېشى يۇرتىنىڭ مۇنەۋۋەر پەرزەنتى، مىللەتنىڭ پەخرى، غۇرۇرىغا بولغان ھۆرمەت تۇيغۇسى بىلەن تولغانىدى. ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋە مەمۇرىي مەھكىمە، خوتەن ۋىلايىتىدىكى ھەرقايسى ئالىي، ئوتتۇرا مەكتەپلەر، خوتەن شەھىرى، خوتەن ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى ھەممە باشقا ئىدارە ـ ئورگانلار تەقدىم قىلغان لەۋھە، ئەينەك رامكىلىق تەقدىرنامىلەرنىڭ ھەر جۈملىسىدىن، ئۆز يۇرتى، ئۆز قېرىنداشلىرى ئۈچۈن، مىللەتنىڭ كەلگۈسى ساپاسى، بىلىم سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن جان كۆيدۈرگەن «يېڭى باي»غا چەكسىز تىلەكداشلىق، مىننەتدارلىق تۇيغۇسى سىڭدۈرۈلگەنىدى. مۇراسىمدا سۆزلەنگەن يالقۇنلۇق نۇتۇقلارنىڭ مەزمۇنىدىمۇ ئۇنىڭ ئومۇمنى، ئۆز تەق-

دىرداشلىرىنى ئويلايدىغان ئېسىل پەزىلىتى قىزغىن ئالقىشلاندى.

يوقاقۇن ئوغلى، شەرەپ مۇنبىرىدىن ئورۇن ئالدى. لېكىن، ئىش، لەۋھە تەقدىم قىلىش، تەبرىك خەتلىرىنى ئوقۇپ ئۆتۈش بىلەنلا تۈگىمىدى. ئەمدى ئۇنىڭغا ۋە ئۇ بەرپا قىلغان بىلىم باغچىسىغا مۇكاپات يېغىش پائالىيىتى باشلاندى. خوتەن ۋىلايەتلىك مائارىپ باشقارمىسى، ئۇنىڭغا 5000 يۈەن نەق پۇل، 22 دىيۇملۇق رەڭلىك تېلېۋىزور ۋە كۆپ خىل ئوقۇتۇش تەجرىبە سايمانلىرى تەقدىم قىلدى. خوتەن ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى ئۇنىڭغا 5000 يۈەن نەق پۇل، ئوقۇتۇش ئۈسكۈنىلىرى ۋە بىر قىسىم ئوقۇتۇش لاۋازىمەتلىكلىرىنى تەقدىم قىلدى. خوتەن ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسى ئۇنى مەكتەپنىڭ پەخرى مۇدىرلىقىغا تەيىنلىدى. خانئېرىق يېزىسىنىڭ يېزا باشلىقى، پۈتۈن يېزىدىكى خەلق ئاممىسىغا ۋەكالىتەن ئۇنىڭغا تون كىيدۈرۈپ، گۈل تاقىدى. مەكتەپ قوينىغا تەلپۈنۈپ تۇرغان پىئونېرلار ئۇنىڭغا قىزىل گالستۇك تاقاپ قويدى.

دەسلەپكى ستاتىستىكىغا قارىغاندا، بۇ قېتىمقى ئېچىلىش مۇراسىمىدا، كېرەم ئېمىن ئون دانە لەۋھە، بەش دانە تەقدىرنامە، 10 مىڭ 500 يۈەن نەق پۇل، بىر تۈركۈم پارتا ـ ئورۇندۇق، تەجرىبە سايمانلىرى، كىتاب، تەنتەربىيە سايمانلىرى، سىنىپ، ئىشخانا لازىمەتلىكلىرىدىن بولۇپ، جەمئىي 31 مىڭ 682 يۈەن قىممەتلىكى ماددىي نەرسىلەرنى، بىر نەچچە تېلېگرامما، تەبرىكنامىلەرنى تاپشۇرۇۋالغان. ئۇ «تاپشۇرۇۋېلىنغان بۇ بۇيۇملارنىڭ ھەممىسى مەكتەپكە تەئەللۇق» دەپ نەق مەيداندىلا ئىپادە بىلدۈرگەن.

ئەمما — ئۇنىڭغا پۈتمەس- تۈگىمەس ھاياتىي كۈچ بېغىشلىدى. تەشكىل ۋە رەھبەرلىك ئۇنى ماددىي، مەنىۋى جەھەتتىن قوللاپ- قۇۋۋەتلىدى. ئۇ شۇ تاپ، ئۆزىنىڭ كۈچ- قۇۋۋىتىگە، مەڭگۈ تۈگىمەس بايلىققا ئېرىشكەنلىكىنى بىر- دىنلا ھېس قىلىپ قالدى. بۇ خىل كۈچ، بۇ خىل بايلىق، يوقاقسۇن دېھقانلارنىڭ كۆزلىرى، يۈرەك- قەلبىدىكى ئۈمىدۋارلىق نۇرلىرى، ئۈمىدلىك ھېس- تۇيغۇلىرى ئار- قىلىق نامايان بولۇۋاتاتتى. چېھرىدىن تەبەسسۇم، ئو- زايىدىن شادلىق تېمىپ تۇرغان ئىسسىق يۇرت، يۇرت ئەھلى ئۇنىڭ قۇۋۋەت مەنبەسىگە ئايلىنىۋاتاتتى. ئۇ ھاياجىنىنى باسالمىغان ھالدا، مىكروفون ئالدىغا كەلدى.

— ھۆرمەتلىك رەھبەرلەر، يولداشلار، ھەر قايسىلىرى- نىڭ مېنى قوللىغانلىقلىرىغا كۆپ رەھمەت! مەن ماختاشقا ئەرزىگۇدەك ئۇنچىۋالا قالتىس ئىش قىلالىغىنىم يوق. پەقەت، ئىنسانىي بۇرچۇمنىلا ئادا قىلالىدىم.

مۇراسىم تەنتەنە بىلەن ئاخىرلاشتى. چوڭ يىغىنغا تەكلىپ بىلەن قاتناشقان تېگىشلىكلەر ئەسلىدە 200- 300 لا كىشى بولسىمۇ، 2000 دىن ئارتۇق ئادەم ئۆزلۈكىدىن كېلىپ قاتناشتى. 350 تىن ئارتۇق چوڭ- كىچىك ئاپتوموبىل يول بويىدا قاتار تىزىلىپ تۇردى.

مۇراسىم ئاخىرلاشقان بولسىمۇ، ئادەم قاينىمىغا ئايلانغان مەكتەپ سەيناسى خېلىغىچە سىلىكىنمىدى. كىشى- لەرنىڭ ئاشۇ تۆھپىكارلارغا، بورانچى ئوغلى، يۇرۇڭقاش ۋادىسىنىڭ تۇلپارىغا بولغان مېھىر- مۇھەببىتى، تەشەك- كۈرى تومۇز كەلكۈنىدەك ئۈزۈلمەس مەۋج ئۇرۇپ تۇردى:

— يېڭى ئىزلار مەڭگۈ كۆمۈلمەيدۇ.

— مىللەت ئۈچۈن قالدۇرغان ئىز — مەڭگۈ پارلاقتۇر.

كۆپچىلىك بۇ سۆزنى يۈرىكىگە ئويۇۋېلىشتى.

# ئەگەر جەننەت بولسا

كېرەم ئىمىننىڭ نامى چىققى، ئۇنىڭ مەرىپەت سۆيەر روھ بىلەن سۇغىرىلغان ئالىيجاناب خىسلىتىنى پۈتۈن زېمىن قوللىدى. كۇئىنلۇن باغرىدىكى قەدىمىي يىپەك يولىدىن جۇڭغار ۋادىسىغىچە، تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىن قىزىل مىڭئۆي بېزەكلىكىگىچە ئۇنىڭغا ئېھتىرام بىلدۈردى. ئۇ مىللەتنىڭ غۇرۇرىنى كۆتۈردى، غەيرىتىنى ئاشۇردى.

ئاددىي بىر دېھقاننىڭ ئۆز يېنىدىن پۇل چىقىرىپ، مەكتەپ سېلىشى — بىر مۆجىزە ئىدى.

«ئۇ مىللىتىمىزنىڭ ھەقىقىي ئوغلى ئىكەن.» خەلقنىڭ باھاسى شۇ بولدى. بىر جۈملىگە يىغىنچاقلانغان بۇ باھا پۈتۈن خەلقنىڭ يۈرەك قېتىدىن ئۇرغۇپ چىقىۋاتقان چىن تۇيغۇسى ئىدى. قىلچە مۇبالىغە، كۆپتۈرمىچىلىك خاھىشى مەۋجۇت بولمىغان، ئاددىي ئەمما ئۇلۇغ بىر ھەقىقەتنىڭ ئىسپاتلىنىشى ئىدى.

كېرەم ئىمىن، ئەمدىلا 34 باھارنى ئۆتكۈزگەن بۇ قىران يىگىت تارىخىمىزدىن يورۇق سەھىپىنى ئاچتى، مىللەتنىڭ قان تومۇرىدا ساپلىق، ئىزدىنىش، ئويغىنىش ئېلېمېنتلىرىنىڭ بىخ سۈرۈۋاتقانلىقىنى، بىر دەۋر كىشىلىرىنىڭ روھىيىتىدە مەدەنىيەتكە، كەلگۈسىگە يۈزلىنىش ھەۋىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز كۈچىيىۋاتقانلىقىنى، ئۆز-ئۆزىنى تونۇش، چۈشىنىش ئېڭىنىڭ شەكىللىنىۋاتقانلىقىنى نامايان قىلدى.

ئاددىي بىر دېھقان — مەكتەپ سالدى!

دەۋرىمىز — ئۇچۇر دەۋرى. ئۇچۇر ئىلمى، ئۇچۇر رىقابىتى شەرققە ماڭغان تېز پويىزدەك تەرەققىي قىلىۋاتقان بۈگۈنكى دۇنيادا، بۇ خەۋەر ئۇچۇر دۇنياسىنى زىلزى-

لىگە سالدى. دۇنيادىكى مىڭلىغان - ئونمىڭلىغان ئىلىم ئىگىلىرىنى دەرھال جەلپ قىلدى.

تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىي گىرۋىكىدە «يوقاقون» دەپ ئاتىلىدىغان خىلۋەت يۇرتنىڭ بارلىقىنى ئۇخلاپ چۈشىدىمۇ ھېس قىلالمايدىغان ياۋروپالىقلار ۋە شەرقىي ئاسىيانىڭ ئىنسانشۇناسلىرى، ئارقا - ئارقىدىن يوقاقون زىيارىتىنى باشلىۋەتتى.

— سىز ئوقۇغانمۇ؟

گېرمانىيىلىك قىزىل چاچ يىگىت كۆلۈمسىرىگەن ھالدا ئۇنىڭدىن سورىدى. چەتئەللىكنىڭ يۇرىكىنى چۈشىنىش قىيىن بولسىمۇ، ئۇنىڭ بەرگەن جاۋابى ھەممەيلەننى قايىل قىلدى:

—ئوقۇمىغان. لېكىن ئوقۇمىغانلارنىڭ قەلبىنى ئوقۇغانلاردىن بەكرەك چۈشىنىمەن.

— ئاجايىب... توغرا پىكىر، توغرا پىكىر!

— قانداق قىيىنچىلىقىڭىز بار، قىيىنچىلىق بولسا، تارتىنماي دەۋېرىڭ، بىز ياردەم قىلىمىز.

پاكىنەك مومايىنىڭ بۇ ياخشى كۆڭلى ئۇنىڭغا چۈشىنىشلىك ئىدى. مىللەت، دۆلەتنىڭ چەك - چېگرىسى بولسىمۇ، ئىلىم - مەرىپەتنىڭ چېگرىسىز ئىكەنلىكىنى بىلىدىغان بۇ دېھقان ئوغلى ئۆز غۇرۇرىنى، مىللىتىنىڭ، دۆلەتنىڭ ئابرويىنى ساقلاشنى بىلەتتى. شۇڭا چەتئەللىك بۇ مومايغا تۈزلا جاۋاب بەردى:

— قىيىنچىلىق! بىزدە ھازىر مۇنداق ئاتالغۇ يوق. قىيىنچىلىق بولغان تەقدىردىمۇ، بىزدە ئۇنى ھەل قىلالىغۇدەك دەسمايە - ماغدۇر بار.

موماي ۋىلىلدە قىزاردى. سۆھبەت سورەت ئاپپاراتىنىڭ توغرىلىنىشى بىلەن ئۈزۈلدى.

ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي، ياپونىيىلىك ئىككى مېھمان يوقاقۇندا پەيدا بولدى. ئۇلار تارىختا يوقالغان بىر گۆھەرنى، ئۆچۈپ كەتكەن قۇتلۇق ئىزنى قايتا تېپىۋالغاندەك، ئۇنىڭ «خەير - ساخاۋىتى»نى ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ماختىشاتتى. ھەتتا ھېسسىياتى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان بىر ياپون قىزى، ئۇنى «ئەپەندىم» دەپ چاقىردى. بۇ خىل چاقىرىش، بىزنىڭ نامرات تۇپرىقىمىزدا بىر خىل مەسخىرىدەك تۇيۇلسىمۇ، ئاشۇ قىز ۋە ئۇنىڭ قۇرداشلىرى نەزىرىدىكى ئەڭ يۇقىرى ھۆرمەت تۇيغۇسى ئىدى. ئۇلار دېھقان ئوغلىنىڭ جاسارىتىنى توغرىدىن - توغرا ماختاشنى راۋا كۆرمەيتتى. بەلكى، ئۇنىڭغا دېھقاندا بولۇشقا تېگىشلىك سەممىي روھتىن باشقا يەنە بىلىم ئىگىسى، ئىختىساس ئىگىسىدە بولۇشقا تېگىشلىك روھىيەتنى سوۋغا قىلىشقانىدى.

— سىزگە ئامەت تىلەيمەن!

ياپونىيىلىك مېھمان ئۇنىڭ ئالقىنىنى مەھكەم قىستى. ئاخىرىدا، ئۇزۇن موي قەلىمى بىلەن كىرەم ئىمىنگە ئاتاپ بېغىشلىما يېزىپ بەردى.

... ئىنسان بالىسى ھاۋادىن ئۇستۇن تۇرىدۇ، لېكىن بىلىمسىز ئىنسان ھاۋادىنمۇ تۆۋەندۇر.

مانا بۇ بىر چەتئەللىكنىڭ مىللەت ئۈچۈن تۆھپە ياراتقان، مىللەتنى قالاقلىق، نامراتلىق ئازابىدىن قۇتۇلدۇرۇش يولىدا ئۆز يۈرىكىنى مەشئەل قىلىپ ياققان ھۆرمەت ئىگىسىگە بىلدۈرگەن ئالىي ئېھتىرامى، سەممىي سالىمى ئىدى. مانا بۇ جاھاننىڭ شەرقىدىن، مەدەنىيەت ئۇچىقىدىن كەلگەن يېپيېڭى بىر سادا ئىدى. مانا بۇ يىراقنىڭ، خوتەن ئېلىنىڭ شان - شەرىپى، يېپەك يولىدىكى بىپايان زېمىننىڭ شان - شەرىپى ئىدى.

— ئەگەر خالىسىڭىز، سىزنى ياپونىيىگە زىيارەتكە تەكلىپ قىلىمىز. قانداق، بارالامسىز؟ چوقۇم بېرىڭ!

— پۇرسەت بولسىلا، چوقۇم بارىمەن!

— ......

دېمەك، يوقاقۇندا مەكتەپ بار بولدى. بورانچى دەرياسى بويىغا جايلاشقان بۇ نامرات سەھرادىمۇ ئىختىساس ئىگىلىرى، تېخنىك ئۇستىلار بارلىققا كېلىشتىن ئىبارەت خىيال رېئاللىققا قاراپ يۈزلەندى. كۆز يو-پۇرساقلىرىدەك چېچىلىپ ياتقان ئۆسمۈرلەر، كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ئانا ماكاندا، چىراغسىز، نىشانسىز، بىلىمسىز ياشاپ ئۆتكەن يوقاقۇنلۇقلار، كۆز ئالدىدىكى رېئاللىقتىن بۇ يەكۈننى چىقاردى. ئىلگىرى، ئىلىم - ھېكمەت شەربىتىدىن مەھرۇم قالغان بەرنا يىگىتلەر، كۆزى ئوچۇق، دانا ئەمالىقتا، تارىخنىڭ سوغۇق تۆشەكلىرىگە كىشەنلەنگەن قىز - چوكانلار — مەرىپەت مەشئىلىنىڭ پارلاق نۇرىدىن شادلاندى، جۇشقۇنلاپ تۇرغان ياشلىق ھاياجىنىنى يوقاقۇنغا بەخش ئەتتى.

بۈككىدە ئورمانلىق ئىچىدە ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان يېڭى مەكتەپ كىشىنى زوق - ھاياجانغا سالاتتى. گويا، يوقاقۇن رەسىمدە بولغان قىزدەك باشقىچە نازاكەت، باشقىچە خۇش ھىد، باشقىچە سالاپەت بىلەن يېڭىلىق كۆرۈنەتتى. يوقاقۇن — ھەقىقەتەن ئۆزگەردى.

ئوقۇش باشلاندى. قوڭغۇراقنىڭ يېل ئاۋازى ئەتراپنى لەرزىگە سالدى. رەتلىك، پاكىز كىيىنگەن كىچىك بوغۇنلار، جىلتىسىنى بويىنغا سالغىنىچە، دەرسخانىلارغا ئاقتى... ئەزەلدىن جىمجىت، سۈت ئۇيقۇدا ياتقان يوقاقۇن ئەسىرلىك ئۇيقۇسىدىن ئويغاندى. كەلت ئاسمى-

نىنى تىترىتىپ تۇرىدىغان بورانچى دەرياسى، دەريا شاۋقۇنى، ئېشەك-كالىلارنىڭ نەرە تارتىشلىرى — كىچىك قوشلارنىڭ ۋىچىرلاشلىرى — مەكتەپ ھاياتىغا، ھاياتى كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان گۈزەل يېڭى تۇرمۇش قاينىمىغا قوشۇلۇپ كەتتى.

كېرەم ئىمىن مەكتەپنى ياخشى باشقۇردى. بىر تۇتاش پىلانلاش، تەشكىللىك باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللاندى. ئۇ ئالدى بىلەن مەكتەپ مۇھىتىنى گۈزەللەشتۈرۈش پىلانىنى تۈزدى. يول ۋە تەنھەرىكەت مەيدانىغا ماي ياتقۇزدى. ئېرىق بويلىرىغا گۈل-گىياھ، مېۋىلىك دەرەخ تىكتى، چىم ياتقۇزدى. مەكتەپ سەيناسىغا كاھىش بىلەن قاشارلانغان گۈللۈك باغ ياسىدى. ئۇ دۇلدا ئىشخانا، ئىككى ياندا ئوقۇتۇش بىناسى، ئوتتۇرىدا گۈللۈك، ئېرىق، يول، مەيدان چۆرىسى قويۇق مەجنۇنتال يوپۇرماقلىرى بىلەن باراقسانلاشتى.

ئۇ، ئوقۇ - ئوقۇتۇشتا جىددىي كېرەكلىك ئۈسكۈنىلەرنى يۆتكەپ كەلگەندىن سىرت، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى، سەي - كۆكتات، قىشلىق يېقىلغۇ ۋە قوشۇمچە كىرىم مەنبەسىنى تولۇقلاش جەھەتتىكى قىيىنچىلىقلىرىنى ۋاقتىدا ھەل قىلىپ بەردى. مەكتەپ قۇرۇلغان بەش يىلدا، ئۇ ماشىنا، ئادەم كۈچى سەرپ قىلغاندىن سىرت، 96 مىڭ 300 يۈەندىن ئارتۇق نەق پۇل خەجلەپ، ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرىنى مۇنتىزىملاشتۇردى. ھازىر بۇ مەكتەپ ئوقۇتۇش، تەلىم - تەربىيە خىزمىتى، ئارقا سەپ جەھەتلەردە، خوتەن يېزىلىرىدىكى مەكتەپلەر ئىچىدە ئالاھىدە ياخشى، كۆزگە كۆرۈنگەن مەكتەپلەردىن بولۇپ قالدى.

1987- يىلى 15- ئىيۇن.

ئۇ ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان ۋەكىل سۈپىتىدە، ئۈرۈمچىدە چاقىرىلغان «ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ خىزمىتى يىغىنى» غا قاتناشتى. ئېچىلىش مۇراسىمىدا رەئىس تۆمۈر داۋامەت ئۇنى يىغىن قاتناشقۇچىلىرىغا تو- نۇشتۇردى. دۆلەتلىك مائارىپ كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى خې دۇڭچاڭمۇ ئۇنىڭ بىلەن سەمىمىي كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭ خەلق ئۈچۈن ياخشى ئىش قىلىپ بەرگەن خىسلە- تىنى ماختىدى. ئۇنىڭغا بولغان ئالقىش ساداسى پۈتكۈل زالنى تىترەتتى. بۇ قېتىمقى يىغىندا، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئۇنىڭغا «مائارىپنى قوللاش نەمۇنى- چىسى» دەپ رەسمىي شەرەپلىك نام بەردى، گۇۋاھنامە ھەم ئوردېن بىلەن تەقدىرلىدى.

1987 - يىلى 27- ئىيۇن، ئۇ يەنە تەكلىپ بىلەن بېيجىڭغا بېرىپ، «پۈتۈن ئارمىيە بويىچە قەھرىمان - نەمۇنىچىلار ۋەكىللىرى يىغىنى»غا قاتناشتى ھەمدە بەختلىك ھالدا دېڭشياۋپىڭ قاتارلىق رەھبەرلەرنى كۆردى. يىغىندا جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى باش سەنمۇبۇسى، سىياسىي بۇسى، ئارقا سەپ تەمىنات بۇسى تەرىپىدىن شەرەپ گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشتى. 1989- يىلى، دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن «خەلق ئەسكەرلىرىنى تەربىيىلەشتىكى ئىلغار شەخس» بولۇپ باھالىنىپ، شەرەپ گۇۋاھنامىسى بىلەن تەقدىرلەندى. بۇ يىل ئۇ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ۋەن لى بىلەن خۇشال ھالدا كۆ- رۈشتى. ھەمدە بىللە سۈرەتكە چۈشتى. ۋەن لى ئۇنىڭ يىراقنى كۆرەر ئەزىمەت ئىكەنلىكىدىن مىننەتدار بولۇپ، «سىز ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ پەخرى!» دېدى. بۇ قېتىمقى قۇرۇلتاينىڭ گۇرۇپپا مۇزاكىرىسى داۋامىدا ئاپتونوم

رايونلۇق پارتكومىنىڭ سېكرېتارى سۇڭ خەنلياڭ ئۇنىڭ ئۇلۇغۋار ئىش ئىزلىرىنى تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— مەيلى كاپىتالىزم دۇنياسىدا بولسۇن، ياكى سوتسىيالىزم جەمئىيىتىدە بولسۇن، كىمكى خەلق ئۈچۈن، مىللەت ئۈچۈن ياخشى ئىش قىلىپ بېرىدىكەن، ئۇ مەڭگۈ ئۇنتۇلمايدۇ. قەدىمدىمۇ، كەلگۈسىدىمۇ، چەتئەلدىمۇ، جۇڭگودىمۇ شۇنداق بولىدۇ. مىللەتنىڭ بۇ خىل ئىپتىخارىنى، ھۆرمىتىنى تاغ - دەريامۇ، دېڭىز - ئوكيانلارمۇ توسۇيالمايدۇ. ئىنسانىيەتنىڭ بەختى ئۈچۈن قوشۇلغان بۇ تۆھپە — ئەڭ مۇقەددەستۇر. بىز ئۇنى مەڭگۈ قەدىرلىشىمىز، مىڭلىغان - ئونمىڭلىغان كېيىرەم ئىمىنلەرنىڭ يېتىشىپ چىقىشىغا يەنىمۇ تىلەكداش بولۇشىمىز كېرەك.

ۋەكىللەر گۈلدۈراس ئالقىش ساداسى ئىچىدە ئۇنى ئارىغا ئېلىۋالدى. بۇ مىنۇتلاردا ئۇ ئۆز - ئۆزىنى قانداق كونترول قىلىشنى، ۋەكىللەرگە قانداق جاۋاب بېرىشنى ئويلاپ يېتەلمەيتتى. كۈچلۈك ھېس - ھاياجان ئۇنىڭ قەلبىنى داۋالغۇتماقتا ئىدى. ئۇ كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئالغان ھالدا، ۋەكىللەرگە «رەھمەت!» دېگەن بىرلا ئېغىز سۆز بىلەن جاۋاب بېرەتتى. شۇ كۈنى كېچىسى ئۇ قىلىنىقى بىر ھېتىر كېلىدىغان يۇمشاق كارىۋات ئۈستىدە يېتىپ زادىلا ئۇخلىيالمىدى. قانداقتۇر بىر كۈچ، كۆزگە كۆرۈنمەس ئىسسىق قول، ئۇنىڭ مەڭزىنى، يۈز - كۆزلىرىنى سىيلاۋاتقاندەك، قانداقتۇر بىر يېقىملىق ئاۋاز ئۇنى يېقىنلا يەردە چاقىرىۋاتقاندەك، كىمدۇر بىرسى ئۇنىڭغا چىرايلىق تىزىلغان بىر دەستە گۈلنى سۇنۇۋاتقاندەك، ئۇيقۇسى قاچتى... ئۇنى تېخىمۇ ھاياجانغا سالغىنى بېيجىڭ ئاسمىنىغا تۇتىشىپ كەتكەن ھەيۋەتلىك ئورمان. ئۇ

قارا رەڭلىك پىكاپ بىلەن بىر تالاي توقاي يىلىقلارنى، كوچىلارنى، ئاسمان - پەلەك بىنالارنى ئارقىدا قالدۇرۇپ، سەر خىل گۈللەر ھۆپپىدە ئېچىلغان باغقا كېلىپ توختىغانىدى. قورۇنىڭ شەكلى مىللىي پاسوندا سېلىنغان بولۇپ، ئالدى گۈللۈك، ئارقىسى سالقىن ئورمانلىق، ئىككى ياندا ھەشەمەتلىك قورۇ نامايان بولدى.

— خۇش كېلىپسىز، خۇش كېلىپسىز!

چېھرىدىن كۈلكە يېغىپ تۇرغان سەيپىدىن ئەزىزى بۇنىڭ قوللىرىنى مەھكەم قىستى. ئۇلار گۈللۈك ئارىسىدىكى بۆكلۈكتە، چىغىر يوللاردا ئاستا قەدەم تاشلاپ مۇڭداشتى. سەيپىدىن ئەپەندى ئۇزۇن مۇددەت ئايرىلىپ كەتكەن قېرىندىشى بىلەن تاسادىپەن كۆرۈشۈپ قالغاندەك، ھاياجان بىلەن سۆزلەيتتى.

— سىز مىللىتىمىزنىڭ قەھرىمانى، بايلىقى. خوتەندەك نامرات، ياقا پۇچقاقتا، تارىخنىڭ قانلىق يىللىرىنى باشتىن كەچۈرگەن ئەزىز تۇپراقتا، سىزدەك ئوچۇق قول كىشىلىرىمىز يېتىشىپ چىققىنى ئۈچۈن يۈزىمىز تېخىمۇ يورۇق بولدى.

— ياق، ئەپەندىم، ئۇنچىلىك ئەمەس!

مەڭگۈلۈك خاتىرە ئۈچۈن سەيپىدىن ئەزىزى بىلەن كېرەم ئىمىن يېقىن تۇرۇپ بىر نەچچە پارچە سۈرەتكە چۈشتى.

1991- يىلى، سۈڭخەنلياڭ بىر گۇرۇپپا ئادەمنى باشلاپ، خوتەندە خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە كەلدى ۋە ئايروپىلان شوتىسىدىن چۈشۈپلا، ئۇنىڭ بىلەن قىزغىن كۆرۈشتى. ئايرودرومدا قارشى ئېلىشقا چىققان 2000 دىن ئارتۇق ئادەمنىڭ ئالدىدىلا ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈردى.

— سىزنى چەكسىز ھۆرمەتلەيمەن، ئۇيغۇر مىللىتىدىن بىر دېھقان چىقىپ، مىللەت ۋە كەلگۈسى ئەۋلاد ئۈچۈن

ئۇنتۇلغۇسىز خاتىرە قالدۇردى، — ئۇ كۆپچىلىككە قاراپ تەنتەنە بىلەن جاكارلىدى، — ئۇيغۇرلارنىڭ جەننىتى بار دەيدۇ، ئەگەر جەننەت ھەقىقەتەن مەۋجۇت بولسا، سىز ئۇدۇل جەننەتكە كىرىسىز.

بۇ سادا پۈتۈن ئايرودرومنى، نۇپتۇ كەتكەن ئاسفالت مەيدانىنى، يىراقتا كۈمۈش ئېرىتمىسىدەك سۇزۇلۇپ ئاققان يۇرۇڭقاش دەرياسىنى لەرزىگە سالدى. تەبىئەت بۇ قۇتلۇق مىنۇتلارغا شاھىت بولدى.

## ئىككى باي ھەققىدە رىۋايەت

— باي، كېرەمباي!
— يوقاقۇنىنىڭ بېيى!
— بايلارنىڭ بېيى!

ئۇنىڭ ئاڭلايدىغىنى، ئاڭلاۋاتقىنى مۇشۇ خىل ئىبارىلەر ئىدى. «ئانا سۈتى بىلەن كىرگەن خۇي، جان بىلەن چىقار» دېگەندەك، ئۇنىڭ ئاددىي ـ سادda ياشاشقا ئۆگىنىپ قالغان دېھقانچە تەبىئىتى بۇنداق ئۇچرىشىشلارنى زادىلا كۆڭلىگە سىغدۇرالمايتتى. «ئەمدىلا ئېغىزىغا ياغ تەگكەن» كۈنلەردە ئۆز ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا مۇنداق قۇرۇقچىلۇق سۆزنىڭ ئۇلىنىپ قېلىشىنى ئەسلا خالىمايتتى. بۇ خىل مەدھىيە سۆزلىرى، قارىماققا تۈز كۆڭۈل كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن سەمىمىي باھاسىدەك تۇيۇلسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ تېنىدە قان قەرزىگە بوغۇلغان مۇدھىش ئۆتمۈشنىڭ دەھشەتلىك سىماسى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. «باي» سۆزى «زومىگەر»نىڭ قىسقارتىلمىسى بولۇپ، يوقسۇللار ئۈستىدىن ئەجەل قامچىسىنى ئوينىتقان بىر توپ چىلبۆرىنىڭ

سالاھىيىتىگە ۋەكىللىك قىلاتتى. ئۇ، بۇ خىل سالاھىيەتنى، بۇ خىل مەنتىقىنى قانداقمۇ قوبۇل قىلالىسۇن؟!

ئۆزى تۇگۇل قەبرىسىمۇ تېپتېز قىلىۋېتىلگەن ئاشۇ ئىنساپسىز بايلارغا ئۇنىڭ ھېلىمۇ ئۆچلۈكى قايناپ تاشاتتى.

ئۇنى ئەندىشىگە سالغىنى «باي» دەپ ئاتىلىش. ئۆزىنى «باي» دەپ ئاتىغۇچىلارغا ئىز قەلبىنى چۈشەندۈرۈش ئىدى. دۇرۇس، چەت-چۆرىسى قوم بارخانلىرى، تاشلىق سايلار بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن بۇ يۇرتتا ئىلگىرى ئىككى ئادەمنىڭ «باي» دېگەن نامى بار ئىدى. ئۇلار بايلىق ئۈچۈن جاننى سېلىپ بېرىدىغان «مەخلۇق» لار بولغانلىقتىن، ئۆز بايلىقىنى كۆز-كۆز قىلىشىپ، پۇقرالارنى بىر ئۆمۈر قاقشىتىپ ئۆتتۈشكەن. گەرچە ئۇلارنىڭ قورۇقىنى ئاللىقاچان قوم باستان بولسىمۇ، «باي» سۆزى بۈگۈنكى يوقاقۇنلۇقلارنىڭ ئېڭىدا «ئىنساپسىز»، «ھىيلە-مىكىر»، «قان شورىغۇچى»، «زورلۇق-زومبۇلۇق»، «ئېكسپىلاتاتسىيە»، «پومېشچىك» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن مەنىداش ئىدى. ئىككى باينىڭ نامى تىلغا ئېلىنسىلا، ئۇلاردىن يىرگەنمەيدىغان، نەپرەتكە ئوت تۇتاشمايدىغان دېھقانلار كەم ئىدى.

ئۇنىڭ بىرى، تاشتۆمۈر باي.

كىشىلەر نەچچە ئون يىل ئىلگىرى، يۈزلىرى بۆرتۈپ چىققان، مولۇن كۆز بىر قاسساپنى كۆرگەن، چاشقان قۇيرۇقىدەك ئۇزۇن ۋە ئىنچىكە بۇرۇتىنى ئېشىپلا يۈرىدىغان بۇ باي، ساقال-بۇرۇتلىرى ئۆسۈپ كەتكەنلىكتىن، ئۇزۇن مۇددەت كۆن نۇرى كۆرمىگەن مەھبۇستىلا ئوخشايتتى. قان تېپىپ تۇرىدىغان كۆزلىرىدىن بىر خىل قەبىھلىك، رەھىمسىزلىك چىقىپ تۇراتتى. ئەمما، قىشمۇ

يا ز كېيىدىغىنى، ياقىسى، پەشلىرى جۇۋازچىنىڭ قاپىقىدەك ياغلىشىپ كەتكەن كۆرەك جۇۋا، يەيدىغىنى «تالقان» ئىدى. بېلىنى سۆگەت چىۋىقى بىلەن باغلاپ، بىر يارماق ئۈستىدە تىك تۇرىدىغان پەخسىق ئىدى. يېمەيتتى، كىيمەيتتى ھەم باشقىلارغا يېگۈزمەيتتى، كىيگۈزمەيتتى. بايلىقى، پۇلغا كەلگەندە «چاشقانغا كېپەك ئالدۇرمايدىغان» قۇۋ تۈلكە ئىدى. گەرچە ئۇ ئاتالغان قاسساپ بولسىمۇ، بىر لوقما گۆشنى چايناپ باققان ئەمەس، بەلكى خەق تاشلىۋەتكەن سۆڭەكنى غاجىلاپ كۈن ئۆتكۈزەتتى. دۇنيانىڭ لەززىتىنى «بايلىق» دەپ چۈشىنىدىغان بۇ ئاچكۆز تەلۋە، پۈتۈن ئۆمرىنى ئاشۇنداق ئۆتكۈزۈپ، بىر تاغار ئالتۇن يىغقان. ئارا كۈندە ئالتە قېتىم ساناپ، خەققە ئازراقمۇ نەپ بەرمىگەن، ئۆلەر چېغىدا، ئىشىك-تۈڭلۈكنى مەھكەم تاقاتقۇزۇپ، ئۆزى بىر تاغار ئالتۇن ئۈستىدە دۈم يېتىپ جان ئۈزگەن. كېيىن، ئۇنىڭ بۇ بايلىقى، ئوغۇللىرىنىڭ بېشىغا پىت سالغان. نادان ئوغۇللار ئالتۇننى بۆلۈشەلمەي، قان-قېرىنداشلىقتىن كېچىپ، بىر-بىرىگە پىچاق سېلىشقان. ئاقىۋەت، بىرى زىنداندا، بىرى قىمارخانىدا كىشى قولىدا ئۆلگەن، ھايات قالغانلىرى كوچىدا تىلەمچىلىك قىلىپ، جان باققان. ھېچكىم ئۇلارغا «تاشنۆمۈر باينىڭ ئوغۇللىرى» دەپ تەسەللىي بەرمىگەن.

تاشنۆمۈر باينىڭ ئوغۇللىرىغا قالدۇرغان نامۇنىشانىسى پەقەت ئۇلارنى نابۇت قىلىشتىن ئىبارەت بولغان، بىر تاغار ئالتۇن بىلەن ماختانغان كۆرەك باي، ئاخىرقى ھېسابتا، تۇپراق قوينىدا قەبرىسىز قالغان. پۇل، دۇنيا شامالدەك ئۆچۈپ، پەقەت ئۇنىڭ يىرگىنىچلىك كەچمىشىلا قالغان.

يەنە بىرى، خېتەم ھاجى.

ئۇ كۆزلىرى كىچىك، قوشۇق يۈز، كۆتمەك ساقال، دائىم يۆتىلىپلا يۈرىدىغان پەتەك ئادەم ئىدى. ئەينى چاغدا ئۈنىڭ نامى، بايلىقى ئالتە شەھەرگە پۇر كەتكەن، ئاياغ تىۋىشىدىن يەر تىترەيدىغان زوممىگەر ئىدى.

قەشقەردىن خوتەنگىچە بولغان پايانسىز زېمىندا، ئۈنىڭ 720 مىڭ مو تېرىلغۇ يېرى، باغ - ئورمىنى بار ئىدى. خوتەن شەھىرىنىڭ دۈشەنبە، چارشەنبە بازارلىرى ئۈنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولۇپ، بازار كۈنىدىكى بارلىق باج، سېلىق، كىرىم دەۋا - دەستۇر ئىشلىرىنى مونوپول قىلىۋالغانىدى. ئۆيدە 60 تىن كۆپرەك قارا خىزمەتچىسى بولۇپ، ھەشەمەتلىك ئايۋان - سارايلىرىغا قاراشتىن سىرت، توخۇ - كەپتەرلىرىنى باقاتتى. كەپتەرلىرىنىڭ سانى ھەددى - ھېسابسىز بولۇپ، ھەممىسىنى بىرلا ۋاقىتتا ئۇچۇ- رۇش توغرا كەلسە، پۈتۈن بىر مەھەللىنىڭ ئاپتىپىنى توسىۋالاتتى. توخۇلارغا بىر قېتىمدا نەچچە تاغار دان چېچىلاتتى. بەش نەپەر قويچى يايلاقتا، «توقماقسالدى» دېگەن ئېدىردا ئۈنىڭغا تەئەللۇق 5700 تۇياق چارۋىنى باقاتتى. يەنە بەش قويچى ئائىلىسىدىكى چوڭ - كىچىك چارۋىلارغا قارايتتى. ئائىلىدە قوتاز ۋە سېغىن كالىلىرى كۆپ بولغانلىقتىن، مەھەللىدە كىمنىڭ زىرائەتتى، ئورمىنى بولۇق ئۆسسە چارۋىلىرىنى شۇ يەردە باقاتتى.

پۈتۈن قورۇ تۆت كورپۇسقا بۆلۈنگەن بولۇپ، ھەر- بىر كورپۇستا 12 ئېغىز ھەرەمخانا، ھۇجرا، مېھ- مانخانا، قازناق... لىرى بولاتتى. خېتەم ھاجى يېتىپ- قوپىدىغان ھەرەمخانا — سارايغا تۆت دەرۋازا، تۆت ئاي- ۋاندىن ئۆتۈپ كىرگىلى بولاتتى. ئۈنىڭ قانداق يېتىپ، قانداق قوپىدىغىنىنى ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيتتى.

ھەر ھەپتىسى ھەلقە ئۇيۇشتۇرۇلاتتى. ئىككى قازاندا ئىككى خىل تائام پىشۇرۇلۇپ، شەھەر كاتتىلىرى، يۇرت ئاق-ساقاللىرى، بايلارغا گۆشلۈك پولۇ، نامرات، يېتىم-يېسىر-لارغا ئۇماچ تارتىلاتتى.

سارايلاردىكى ھەر بىر ھوجرىدا خىلمۇخىل قۇشلار بېقىلاتتى. ھاڭغىرىت، ئۇلار، كەكلىك، غاز، قاغا، سالۋا... دەمدەر... قاتارلىق قۇشلارنىڭ ھەربىرىگە بىردىن ئادەم قارايتتى. قورۇنىڭ ئارقا تەرىپىدە 30 مو كەلگۈدەك مېۋىلىك بېغى بولۇپ، ئۆرۈك، ئالما، نەشپۈت، ئالۇچا، ئۈزۈم، شاپتۇل، ئەنجۈر، پىستە-بادام تۈرلىرىنىڭ ھەممىسى تېپىلاتتى. باغ ئىچىنى بىر توپ قاپلان ئىت، ھويلا ئارامىنى بىر توپ غاز باقاتتى. قازناقلارنىڭ ھەربىرىدە ئىككى-ئۈچ ئەۋلاد قوشۇلغان مۈشۈكلەر توپى بولۇپ، ھەربىر توپ «تاۋار» ئائىلىسى، «دۈردۈن» ئائىلىسى دەپ «قەبىلە»گە ئايرىلاتتى.

ئادەتتە، ھېيت-ئايەم، ھەلقە كۈنلىرىدىن باشقا ھەر-قانداق چاغ، مەيلى كېچە، مەيلى كۈندۈز بولسۇن، باغ ۋە ھويلا ئەتراپىغا يېقىن كېلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. مۇبادا بىرەرى ياكى كىچىك باللار ئازغىشىپ كېلىپ قالسا، غازلار تەرەپ-تەرەپتىن چوقۇلايتتى، ئىتلار تىرىك قويماي يالمىۋېتەتتى.

خېتىم ھاجى جاھىل، تەلۋە ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ مەخسۇس مىنىدىغان ئىككى ئېتى بولۇپ، چۈشتىن ئاۋ-ۋال ئىككى قارا ئېتىنى، چۈشتىن كېيىن بوز ئېتىنى مىنەتتى، ئاتقا مىنگەن ۋە چۈشكەن چاغلىرىدا ئىككى ئادەم قولتۇقىدىن كۆتۈرۈپ ئالاتتى. يول يۈرگەندە ئۆزى ئات ئۈستىدە تىزگىننى تۇتاتتى، ئالدىدا بىر، ئىككى ياندا ئىككى ئادەم ئۇنى مۇھاپىزەت قىلىپ ماڭاتتى.

ئۇنىڭ ھەمىشە بىلىكىگە قىندۇرۇپ يۈرىدىغان بىر قارچى-
غىسى بولۇپ، ئۇنى كۆندۈرۈش جەريانىدا، ئىككى ئادەم
ئۇخلىماي نەچچە كېچە - كۈندۈزلەپ، ناغرا - سۇناي چېلىپ
چىققانىدى.

ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، ئۆتمۈشتىكى بايلار خوتۇن
ئېلىپ، خوتۇن قويۇپ بېرىش، خوتۇن ئۈستىگە خوتۇن
ئېلىشتا بىر - بىرى بىلەن بەسلىشەتتىيۇ، شۇنچىۋالا
بايلىقنى باسۇرۇپ ياتقان خېتەم ھاجى، ئايال جىنسى-
لىقنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى تېخى كۆرۈپ باقمىغا-
نىدى. چۈنكى ئۇ ئاياللارنى تولىمۇ ئۆچ كۆرەتتى.
ئاياللار ماڭغان چىغىر يولدىن ئەگىپ ئۆتۈپ كېتەتتى.
ئاياللارنىڭ ئىزىدىن ئاتلىمايتتى. ئۇلارنىڭ ئاۋازىنى
ئاڭلاشنى قاتتىق خورلۇق ھېس قىلاتتى. ئاياللارنىڭ
چېھرىگە قاراشنى ئەڭ چوڭ گۇناھ ھېسابلايتتى. ناۋادا
بىرەر قىز - چوكان ھۆرمەت يۈزىسىدىن ئۇنىڭغا قاراپ
تەبەسسۇم قىلىپ قالسا، مەيلى ئۇ قانچىلىك گۈزەل،
لاتاپەتلىك قىز بولسىمۇ، زەي قامچىسىنى شىلتىپ تۆۋە
قىلدۇراتتى.

مانا شۇ بايلىق ئىگىسى ئازادلىق ھارپىسىدا گۇناھى-
دىن قورقۇپ زەھەر ئىچىپ ئۆلۈۋالدى. ئۇنىڭ پۈتۈن
ئۆمرىدە يىغقان بايلىقى، ئۆي - بىساتلىرى ھۆكۈمەت خەزى-
نىسىگە ئۆتتى.

تاشتۆمۈر باي، خېتەم ھاجىلار ئەنە شۇنداق ئۆتتى،
شۇنداق ئۆلدى. يىللار ئۆتۈپ، ئۇلارنىڭ ھەيۋىسى،
ئۆمۈرلۈك دۇنياسى ئەل - يۇرت خاتىرىسىدىن ئەبەدىي
ئۆچتى. ئۆز نەپسى، ئۆز مەنپەئەتى يولىدا قان چاچقان
بۇ «باي»لار تارىخ سەھنىسىدىن مەڭگۈلۈك سۈپۈرۈپ تاش-
لاندى. بىراق، كېرەمباي - يوقاقۇننىڭ كېيىنكى ئەۋلاد

بېيى، ئۆتمۈشتىكى بايلارغا ئوخشىمايتتى. ئۆتمۈشتىكى بايلار ئۆز بايلىقى ئۈچۈن خەلقنى زار-زار قاقشاتقان بولسا، كېرەمباي، ئۆز بايلىقى بىلەن نامرات خەلقنى باياشاتلىققا ئېرىشتۈرۈشنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى كاپالىتىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى. ئۆتمۈشتىكى بايلار بىلەن كېرەم باي ئوتتۇرىسىدىكى پەرق-ھاك مانا مۇشۇ.

كېرەمباي، يەر تېرىش، بوز يەر ئېچىش، قەلەمچە كۆچىتى يېتىشتۈرۈش ۋە كۆپ خىل ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىش ئارقىلىق تاپقان 40 مىڭ يۈەن پۇلنى مەردلەرچە ئىئانە قىلىپ، يوقاقۇن ئەۋلادلىرىنىڭ بەختى ئۈچۈن مەكتەپ سالدى. شۇ ئارقىلىق، نامراتلىقنىڭ تۈپ يىلتىزى بىلىمسىزلىك، نادانلىق ئىكەنلىكىدەك ھەقىقەتنى كۆرسىتىپ بەردى.

40 مىڭ يۈەن!

بۇ ئاز پۇلمۇ، بىر تاغار ئالتۇنغا، ئۇ مۇرۋايەت يېتىپ يېسىمۇ يەتكۈدەك دۇنيا دەپىنىگە سېلىشتۇرغاندا بۇنى ناھايىتى كۆپ پۇل دېگىلى بولمايدۇ. ئەمما، نەچچە ئەسىرلىك فېئودال ئاسارەتنىڭ ئىسكەنجىسى، تۈرلۈك سىياسىي، ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەرنىڭ داۋالغۇتۇشى ئاستىدا، قۇرت-قوڭغۇزدەك ياشاپ كەلگەن يوقاقۇنلۇقلار، يېڭىباشتىن كۆكلەشكە باشلىغان نامرات دېھقانلار ئۈچۈن، بۇ ھەقىقەتەن ئاز پۇل ئەمەس. ئۇ يېڭى دەۋر دېھقانلىرىنىڭ بېيىغا، سەركەردىسىگە مۇناسىپ ئىش قىلدى.

1989-يىلى، 113 مىڭ 700 يۈەن خەجلەپ، بىر تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ سالدى. بۇ مەكتەپنىڭ قورۇلۇش كۆلىمى 1065 كۋادرات مېتىر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 486 كۋادرات مېتىرلىق ئون سىنىپ، 204 كۋادرات مېتىرلىق تۆت ئائىلىك ئوقۇتقۇچىلار ياتىقى، 321

كۋادرات مېترلىق ئىشخانا، تەجرىبىخانا، ئىسكىلات ۋە 60 كۋادرات مېترلىق ھاجەتخانا بار. مەكتەپنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى پۈتۈپ، ھازىر ئوقۇش داۋاملاشماقتا. كېرەم باي ئۆز ئارزۇسىنى سۆزلىگەندە مۇنداق دەيدۇ:

— كەلگۈسىدە مۇشۇ ئەتراپتىكى بەش كەنتتە توققۇز يىللىق مەجبۇرىي مائارىپنى يولغا قويۇپلا قالماستىن، كەسپىي - تېخنىكا بىلىمىگە ۋە ئەمەلىي ئىشلەش ئىقتىدارىغا ئىگە تۆۋەن، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ھەتتا ئالىي دەرىجىلىك خادىملار بار بولىدۇ. مەن ھازىر ئېچىلىۋاتقان تېخنىكا سىنىپىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار ئىچىدىن يەنە بىر قىسمىنى تاللاپ، يۇقىرى دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپلەردە ئوقۇتىمەن. بۇنىڭغا قانچىلىك راسخوت كەتسە، ئۆزۈم كۆتۈرىمەن. مۇشۇنداق قىلىپ 2000 - يىلغا بارغاندا، كەنتىمىزنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق، سەھىيە - ساقلىقنى ساقلاش، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ ھاللىق سەۋىيىگە يېتىش جەھەتتە، زۆرۈر بولغان بىر قىسىم كەسپىي - تېخنىك تايانچىلىرىغا ئىگە بولۇشقا ئاساس سالىمەن.

مانا بۇ يېڭى باينىڭ پىلانى. مانا بۇ ئاددىي بىر دېھقاننىڭ ستراتېگىيىلىك ئىدىيىسى. ئۇنىڭدا مانا مۇشۇنداق ئاڭ، دەۋرگە، كەلگۈسىگە ئاڭلىق ئىنتىلىش، ئۆز يۇرتىغا، يۇرتىنىڭ پارلاق ئەتىسىگە ئوتتەك تەلپۈنۈش ئىرادىسى بولغاچقا، بىر قانچە يىللاردىن بېرى، ئۇنىڭ مائارىپقا سالغان مەبلىغى 240 مىڭ يۈەندىن ئېشىپ كەتتى! ئۇنىڭ باشلامچىلىقى بولغاچقا، ۋىلايىتىمىزدەك ئىقتىسادىي جەھەتتىن نامرات، مەدەنىيەت جەھەتتىن ئارقىدا تۇرۇۋاتقان، چەت، تەبىئىي شارائىتى قىيىن بىر يۇرتتا، ئۆز ئەمگىكى، ھالال مېھنىتىگە تايىنىپ بېيىغان،

بېيىغاندا، دۆلەت، خەلق مەنپەئەتىنى ئويلاپ مەكتەپ ئاچقان، مائارىپقا مەبلەغ سالغان قاسىم ئىمىن، مەتكېرەم قارى، مەتتۇرسۇن، سادىر، ئابدۇغوپۇر ھاجى... قاتارلىق ۋەتەنپەرۋەر شەخسلەر، ۋىلايەتلىك قاتناش باشقارمىسى، تاشيول ئاسراش باش ئۇچاستىكىسى قاتارلىق ئىلغار ئورۇنلار كۈندىن - كۈنگە كۆپەيدى.

ئۆتمۈشتىكى بايلار — بايلىق ئالدىدا خوراپ تۈگىدى. بىراق كېرەم ئىمىن، بايلىققىمۇ، ئىلاھىي تەقدىرگىمۇ چىنپۈتمىدى. بەلكى بىر ئەقىدە، بىر ئارزۇ ئۈچۈن كۈرەش قىلىپ ئۆزىنىڭ، دەۋر ئىشلىرىنىڭ، كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ غېمىنى يېدى، شۇلار ئۈچۈن بايلىق توپلىدى.

خۇددى كەلگۈسىدىكى يوقاقۇندا، زامانىۋى ئاڭغا ئىگە بىر دېھقان باي ۋۇجۇدقا كېلىشىنى بىلگەندەكلا، قەدىمكى دەۋردە بىر پەيلاسوپ مۇنداق ئىككى كەلىمە سۆز قالدۇرغانىكەن:

«بالىلارنى ئاسراڭلار، ئۇلار ئۈچۈن مال - دۇنيا يىغىش يولىدا باش قاتۇرماي، بەلكى يىغقان دۇنيارىڭلارنى ئۇلارنى تەربىيىلەشكە، ئىلىم - ھۈنەر ئىگىسى قىلىشقا سەرپ ئېتىڭلار. تەربىيە: پۈتمەس - تۈگىمەس بايلىق ۋە مىراستۇر.»

بۇ قەدىمىي ھېكمەت، بۈگۈنكى دەۋردىمۇ ئۆز قىممىتىنى يوقاتقىنى يوق. كېرەم ئىمىن، كېرەمباي، پۇل تاپتى، ئەقىل، يۈز تاپتى، نام - ئابروي تاپتى. پاراسەت ۋە ھالال ئەمگەك بەدىلىگە نۇرغۇن بايلىقنىڭ ئىگىسى بولۇپ قالدى. ئەقەللىيسى، بورانچى دەرياسى بويىدىكى 40 مىڭ تۈپ تېرەكلىكتىن، كونىشلۇن يايلاقلىرىدىكى نەچچە مىڭ تۇياق چوڭ - كىچىك چارۋىغىچە، ئۈرۈمچى، خوتەن لىنىيىسىدىكى موكىدەك قاتناۋاتقان 20 نەچچە

ئاپتوموبىلدىن، زامانىۋى توخۇ-ئۆردەك فېرمىسى، سۈت-تۇخۇم بازىسى، ئۇن-ياغ زاۋۇتلىرى، دان ئايرىش، تېرىش، ئورۇش، يۇمشىتىش ئۈسكۈنىلىرىگىچە بولغان بايلىق ۋە بېيىش مەنبەلىرى ئۇنىڭ خۇسۇسىي مۈلكىگە ئايلاندى. ئۇنىڭدا يەنە 2 — 3 مىليوندىن ئارتۇق ئايلانما مەبلەغدىن باشقا، يول، ئۇچۇر كاتېگورىيىسى، قانۇنىي كاپالەت، ئالاقە تورى بار بولدى.

## زۇمرەت ئاسمان، زۇمرەت سەھرا

### گېزىت خەۋىرى (1)

مەملىكەتلىك 7-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، مائارىپنى قوللاش نەمۇنىچىسى كېرەم ئىمىن، ئېگىزدە تۇرۇپ، يىراقنى كۆرۈش خىسلىتىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۆز يېنىدىن 240 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، يوقاقۇن كەنتى ئۈچۈن بىر ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە دوختۇرخانا سالدۇرۇپ بېرىپ، دېھقانلارنىڭ چوڭقۇر ھۆرمىتىگە ئېرىشتى. پارتىيىنىڭ توغرا سىياسىتىنىڭ تۈرتكىسى ئاستىدا، ئىگىلىكى يىلدىن-يىلغا يۈكسىلىۋاتقان كېرەم ئىمىن، بېيىغاندا، يۇرتداشلىرى ئۈچۈن ياخشى ئىش قىلىپ بېرىشنى شەرەپ بىلىپ كەلدى. ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتى ئۇ قۇرغان دوختۇرخانىغا 100 مىڭ يۈەنلىك داۋالاش ئۈسكۈنىسى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئون كىشىلىك بىر جىپ ماشىنا تەقدىم قىلدى.»

**گېزىت خەۋىرى (2)**

«خوتەن ناھىيىسىدىكى مەرىپەتپەرۋەر دېھقان كارخانىچى كېرەم ئىمىن ئۆز كەنتىدە دوختۇرخانا سالدى. كېرەم ئىمىننىڭ ئەۋلادلارنىڭ بەختى ئۈچۈن جان كۆيدۈرىدىغان ئالىيجاناب روھى ۋىلايەت، ئاپتونوم رايون تەۋەسىدىكى خەلقپەرۋەر دېھقان كارخانىچىلار، تىجارەتچىلەرگە ئىلھام بەردى. قاراقاش ناھىيىسىنىڭ زاۋا يېزىسىدىكى قاسىم ئىمىن، ماكىلاي يېزىسىدىكى روزىباقى تۇرسۇن، خوتەن شەھىرىنىڭ ئىلچى يېزىسىدىكى ئابلىكىم ھاجى، لوپ ناھىيىسىنىڭ سامپۇلا يېزىسىدىكى ساۋىر ھاجى... قاتارلىقلار، كېرەم ئىمىننى ئۈلگە قىلىپ، 100 مىڭ يۈەندىن 28 مىڭ يۈەنگىچە مەبلەغ سېلىپ، شىپاخانا، ئامبۇلاتورىيە قۇرۇپ، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ داۋالىنىش شارائىتىنى ياخشىلاشقا زور تۆھپە قوشتى. بۇ ئەزىمەتلەرنىڭ سەھىيە ئىشلىرىغا سالغان ئومۇمىي مەبلىغى 420 مىڭ يۈەنگە يېتىدۇ.

خوتەن ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە، ئۇلارنىڭ ئۆچمەس تۆھپىسىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن، ئۇلارغا «سەھىيەنى قوللاش نەمۇنىچىسى» دەپ شەرەپلىك نام بەردى...

1991 - يىلى 1 - ئۆكتەبىر.

خوتەن ئاسمىنى زۇمرەت تۈسكە كىردى. يوقاقۇن ئاسمىنى، دېھقان كارخانىچىنىڭ ئانا ماكانى بولغان بۇ خىلۋەت سەھرا زۇمرەت تۈسكە كىردى. ئەتىگەنلىك شەپەقنىڭ نۇر جۇلالىرىغا چۆمۈلگەن ئاسفالت يول، يول بويىدىكى بۈككىدە ئورمان بايرام تەنتەنىسىدىن جانلىنىپ كەتتى.

مىڭلىغان - ئونمىڭلىغان يوقاقۇنلۇق، بورانچى دەريا بويىنى زىلزىلىگە كەلتۈردى.

شادىيانە ناخشا — يوقاقۇن ناخشىسى ياڭرىدى. ئاغرا-
سۇنايىنىڭ رىتىمى پاراسلاپ ئېتىلغان پوجاڭزا ساداسى
بىلەن قوشۇلۇپ، نەچچە مىڭ يىللىق تارىخنى يېڭىلىدى.
قۇتلۇق ناخشا، قۇتلۇق كۈنگە، قۇتلۇق ئاۋاز، يېپيېڭى
قىياپەت بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان يوقاقۇنلۇقلارغا ئىلھام
بەخش ئەتتى.

دۆلەت بايرىمىنىڭ 42 يىللىق مۇساپىسى قىزغىن
تەبرىكلىنىۋاتقان گۈزەل بىر تاڭ باشلىنىشى بىلەن،
نامرات دېھقانلارنىڭ يۈرىكىگە شىجائەت، تومۇرىغا قان،
چېھرىگە كۈلكە يۈگۈردى.

يېڭى بىر تاڭ، تارىخنىڭ گۈزەل بىر رېئاللىقى يو-
قاقۇندا ئەنە شۇنداق باشلاندى. ئەينى يىللاردا، يوقا-
قۇنغا بەخت كارۋىنىنى باشلاپ كىرگەن ئاسفالت يول —
قىزىل لىباس ئاستىدا يالتىرىدى.

قوللىرىغا گۈل تۇتۇۋالغان ئۇسسۇلچى قىز - يىگىتلەر،
سۆزۈك قاينام ئۈستىدىكى ياپراقتەك لەرزان پىقىرقىنىچە
ئادەملەر توپىنى ئالغا سىلجىتماقتا. پاكىز، رەتلىك
كىيىنگەن بىر توپ ئادەم، بورانچى دەرياسىنىڭ شەرقىي
قىرغىقىدا يېڭىدىن قەد كۆتۈرگەن ھەيۋەتلىك بىر بىناغا
كىرىپ كەلگەندە، ئاسماندىكى ئوت ئىلاھى، غايەت زور
شاۋقۇنى بىلەن تەبىئەت كۆكسىدىن ئۇچقۇپ چىققانىدى.

مۇراسىم باشلاندى.

دۆلەتلىك سەھىيە مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىس-
تىرى جاڭ تۆمۈر رېشاتكىلىق دەرۋازا ئالدىدا لېنتا
كەستى. ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتى، مەمۇرىي
مەھكىمە ۋە مۇناسىۋەتلىك جايلارنىڭ مەسئۇللىرىدىن
بولۇپ 2000 كىشىلىك قوشۇن «كىرەم ئىمىن شىپا-
خانىسى» قورۇسىدا زور داغدۇغا پەيدا قىلدى.

شادىيانە مۇقام، شادىيانە ئۇسسۇل، شادىيانە كۈلكە! يوقا قۇنلۇقلار ئۆز ھاياتىنىڭ دەخلى ـ تەرۇزسىز كۆكلەۋاتقانلىقىغا يەنە بىر قېتىم چىنىقتى. بۇ يوقا قۇنلۇقلارنىڭ ئىچىگە سىغدۇرۇش مۇمكىن بولماي كەلگەن مۇقامى، ناخشىسى، كۈلكىسى ئىدى. ئۇلاردا ھايات چۈشەنچىسىنىڭ يېڭىلىنىشى، يېڭى پەللىگە قەدەم قويۇشى ئىدى. مۇنداق تەبىئىيلىك، يوقا قۇنلۇقلارنىڭ نەزەر دائىرىسى ئىچىدە تەسەۋۋۇرغا سىغمايدىغان كونا «لەتىپە» ئەمەس ئىدى. ئۇلار ئۆز يېرىدە — دەل يوقا قۇننىڭ كىندىكىدە ھايات مۇئەككىلىنىڭ كۆلىمىسىرەپ ئولتۇرغىنىنى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتاتتى. ئىسسىق، رايىش بىر چىرايىنىڭ جىلۋىلەنگىنىنى، خاسىيەتلىك ئىلاھىي قولىنىڭ بېشىنى سىيلاۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىۋاتاتتى.

بۇخىل تۇيغۇ — يوقا قۇن روھىيىتى ئۈچۈن بىر يېڭىلىق، خۇددى زىمىستان قىشتىن كېيىنلا باھار يامغۇرى ياغقاندەك مۆجىزە ئىدى. شۈبھىسىزكى، بۇ مۆجىزە، بۇ يېڭىلىق يوقا قۇنلۇقلارنىڭ غۇرۇرىنى، ئىپتىخارىنى كۆتۈرەتتى. ئۇلارنىڭ ھايات يولىنى يەنىمۇ گۈزەللەشتۈرەتتى. ئۇلار ئويلاپ باقمىغان ئۆزگىرىشلەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرەتتى.

— يوقا قۇندا دوختۇرخانا بار بولدى.

— ئەمدى داۋالىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشتۇق!

بۇ — بىر ئەۋلاد كىشىلىرىنىڭ يۈرەك تىۋىشى، قەلب خۇشاللىقى ئىدى. ئۆتمۈشتىكى يوقا قۇندا، ھەرقانداق بىر كىشى ھېس قىلالمىغان، ھېس قىلىشى مۇمكىن بولمىغان بىرخىل تىۋىش ئىدى. تەبىئەتنىڭ دەھشەتلىك سۈرگۈنلىرىدە، ھايات باغچىسىدىن خازان بولغان مىڭلاپ يوقا-قۇنلۇقلار، ھېچقاچان ھېس قىلماي يېتەلمىگەن بىر تىۋىش ئىدى... تۆكۈلۈپ تۇرغان قانلىق تارىخ مۇنداق يېڭى،

مىسلىسىز خەيرخاھلىق ئۈستىدە ھېچقاچان ئادىل ۋە مەڭگۈلۈك يەكۈن چىقىرالمىغانىدى.

مىلادىنىڭ 1898 — 1906 - يىللىرى خانئېرىق زېمىنى تارىخىنىڭ جاراھەتلىك يىللىرىنى باشتىن كەچۈردى.

ۋابا، ئاغرىق - سىلاق پۈتكۈل خانئېرىقنى، يوقاقۇنىنى قاپلىدى. ...بەزى كەنتلەردىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ئۆلۈپ كېتىپ، چۆلگە ئايلاندى. بەزى كەنتلەرنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمى قىرىلىپ، گۆر كولاش قىيىنغا چۈشتى. ھەتتا، بەزىدە پۈتۈن بىر ئائىلە كىشىلىرى ئۆلۈپ كېتىپ، ئۇلارنى كۆمۈشكە ئادەم چىقماي، جەسەتلەر سېسىپ كەتكەن... ئۇ چاغدىكى چەك ئەمەلدارلىرى ئۆز جېنى بىلەن بولۇپ كېتىپ، پۇقرالارنىڭ ئۆلۈپ-تىرىلىشى بىلەن كارى بولمىغان. كىشىلەر كېسەلدىن قېچىپ، يۇرتىنى تاشلاپ كېتىشكەن. ئىگىسىز قالغان مال - چارۋىلار ئاچلىقتىن ئۆلگەن. چۆل قالغان كەنتلەر ھۇۋلاپ، ئېتىز - باغلار ئاق قالغان. ئۆي - ئۆزىدە يىغا - زار، چېچىلىپ ياتقان ئالتۇن - كۈمۈشلەرگە ھېچكىم كۆز قىرىنى سالمىغان. ياقا يۇرتتىن كەلگەن سودىگەر - سەييالار مال - مۈلكىنى تاشلاپ قاچقان، گۆر كولاپ ئۆلگۈرمىگەنلىكتىن، بىرلەھەتتە 10 — 15 جەسەت قويۇلغان... كىچىككىنە بىر كەنتتە 18 كۈن ئىچىدە 1300 ئادەم ئۆلگەن...

... خوتەندىكى بارلىق تېۋىپلار بىرلىشىپ، چارە قىلغان بولسىمۇ ئۈنۈم ھاسىل قىلالمىغان. چەك ئەمەلدارلىرى قېچىپ كەتكەنلىكتىن، شۇ چاغدىكى شەرىئەت ئاخۇنلىرى دۇئا تەلەپ قىلىشنى توغرا تاپقان. بۇنىڭ بىلەن، مەھەللە - ئۆيلەردە خەتمىقۇرئان قىلىش، زارا- خەتمە ئۆتكۈزۈش، ھەممە كىشىنى قۇرئاننىڭ ئاستىدىن

ئۆتكۈزۈپ، تۆۋە - ئىستىغبار ئېيتىش، خالىس سادىغا بېرىش، نەزىر - چىراغ ئىشلىرى كۆپىيىپ كەتكەن...

مانا بۇ ئۆتمۈش. ئۆتمۈشتىكى يوقاقۇن دەل مۇشۇ خىل ھالەتتە، ئېچىنىشلىق كۈنلەرنى باشتىن كەچۈرگەنىدى. بۈگۈنكى كۈندە، ئۆتمۈشتىكى قوغدىنىش، داۋالاش ئۇسۇلىدىن باشقىچە بولغان، پۈتۈن ئىنسانىيەت تارىخى ئېتىراپ قىلىدىغان زور بىر قۇرۇلما — يوقاقۇننى غەمدىن خالاس قىلدى. يوقاقۇن ئەجدادلىرىنىڭ روھىغا ئىلھام بېرىدىغان بۇ يېڭىلىق، پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ، ھەر ساھە ئاممىسى ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك تارماقلارنىڭ ئالقىشىغا، مەدەت بېرىشىگە ئېرىشتى.

لېنتا كېسىش داۋاملىشىۋاتقاندا، بويىنىغا سۈرەت ئاپپاراتى، قولىغا خاتىرە تۇتۇۋالغان كۆزەينەكلىك بىر مۇخبىر، كېرەم ئىمىنگە يېپىشىۋالغانىدى:

— سىزنىڭ دوختۇرخانا سېلىش خىيالىڭىز بۇرۇندىنلا بارمىدى؟ ياكى...

— خېلى بۇرۇنلا شۇنداق ئويلىغانىدىم.

— بۇنىڭدا بىرەر سەۋەب بارغۇ دەيمەن؟...

— شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق دېيىشكىمۇ بولىدۇ.

مۇخبىر بىردىنلا جانلىنىپ كەتتى.

— سىز ھەقىقەتەن قالتىس ئادەم ئىكەنسىز، مۇشۇنداق چوڭ ئىشنى قىلغان تۇرۇقلۇق، تېزۇكرەك ئىككى ئېغىز سۆزلەپ بەرمەيسىزغۇ؟

— ھىم، بىز دېھقان خەق، تەكەللۇپ دېگەننى ئانچە ياقتۇرۇپ قالمايمىز... سورىغان سوئالىڭىزغا جاۋاب بېرىشتىن بۆلەك، سۆزلىگۈدەك ئىش يوق!

— دېمەكچى بولغىنىم، سىزنىڭ دوختۇرخانىدا سېلىشىڭىزغا سەۋەب بولغان مەلۇم ئامىل بولۇشى مۇمكىن...

— ئامىل؟

كېرەم ئىمىن كۆلۈمسىرىدى، ئۇنىڭ بۇ كۈلكىسىدە ساددىلىقتىن باشقا، بىرخىل قانائەتسىزلىك، تەخىرسىزلىك تۇيغۇسى نامايان بولاتتى. ئۇ مۇخبىرغا ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن گەپنى ئۇچۇقلا باشلىدى:

— دوختۇرخانىدا سېلىشتىن بۇرۇن، يىلىغا 70—80 دىن ئارتۇق كېسەلنى ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىغا يۆتكەپ داۋالىتىشقا توغرا كەلدى. بەزىدە يېرىم كېچىلەردىمۇ دوختۇرغا چاپاتتىم. دېھقانلارنىڭ قولىدا نەق پۇلى بولمىغاچقا، كۆپىنچىسى «بوتكا دوختۇرلىرى»غا كۆرۈنىدۇ. قارىماققا بۇنداق «ئەركىن داۋالاش پونكىتلىرى» چوڭ دوختۇرخانىلاردىن ئەرزان داۋالايدۇ. ئەمما، شەخسىي تاپاۋەتكە چۈشكەن بۇنداق دوختۇرلارنىڭ كۆپىنچىسى قىپقىزىل ئالدامچى. ئۇلار ئاغرىق پەسەيتكۈچى دورا ئورنىدا ئۇيقۇ دورىسى ئىشلىتىپ، ئادەم ئۆلۈش ۋەقەسى كېلىپ چىقسىمۇ، ھېچكىم سۈرۈشتۈرمەيدۇ. چۈنكى ئۇ «كىنىشكىسى بار» دوختۇر-دە! خاتا دىئاگنوز، خاتا داۋالاشتىن، تالاي كىشىلەر ئۆلۈپ كەتتى. ئەمەلىيەتتە، بۇنى، دېھقانلار «تەقدىر»دىن كۆرىدۇ... ئىلگىرى نامراتلار، بەشتە كاپالەتلەندۈرۈلىدىغانلار چوڭ-چوڭ دوختۇرخانىلاردا ھەقسىز داۋالىنىپ، پارتىيىنىڭ مېھىر-شەپقىتىنى بىۋاسىتە كۆرەتتى. ھازىر، جاھان ئۇلارنى تونۇمايدۇ. پۇل بولمىسا بىراۋ ئۆلەر ھالەتتە ياتسىمۇ ياتاققا قوبۇل قىلمايدۇ. ئەلۋەتتە، بۇمۇ قائىدە-دە!

مۇخبىر، كۆپنى بىلىدىغان بۇ دېھقاننىڭ ئوچۇق-يورۇق، ساددا ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. راست... كېرەم

ئېمىن دەۋاتقان ئىشلار جەمئىيەتتە بار. بۇنداق ناچار ئۇسۇللارنى، ئۆلچەمسىز «پونكىتلار» نى تەكشۈرۈپ-ئېنىق-لاش، بازار قىياپىتىنى، جەمئىيەت تەرتىپىنى ھەققىي تۈردە ياخشىلاش كېرەك.

— ئاجىزلارغا نىسبەتەن، مەركەز تۇرغۇن ياخشى تەدبىرلەرنى تۈزۈپ بەردى. مېنىڭچە، بىرەر ئورۇن ياكى مېنىڭدەك بىر شەخس پۈتۈن جۇڭگودىكى، خوتەندىكى بار-لىق ئاجىزلارنى، نامرات، مېيىپلارنى بەختلەندۈرۈپ كېتەلىشى مۇمكىنمۇ؟ پۈتكۈل جەمئىيەت، جۈملىدىن، ۋىلا-يىتىمىزدە ئىناۋىتى بار چوڭ دوختۇرخانىلارمۇ ئويلىنىپ كۆرۈشى كېرەك. بىراۋ جان تالىشىۋاتسا، 100 يۈەن تاپشۇرمىغىچە ياتاققا قوبۇل قىلمىسا... ھەي، قائىدە-تۈزۈم دېگەنمۇ بولۇشى، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن تۈزۈلۈشى كېرەك-دە! راستىنى دېسەم، بەزىلەر كېسەل ئازابىدىن جان ئۈزسە، يەنە بەزىلەر نامراتلىقتىن ئۆلۈۋاتىدۇ. بۇنىڭغا كىم ئەيىبلىك؟

— بۇنىڭ ھەممىسىنى دوختۇرلاردىن كۆرگىلى بول-مايدۇ. ئۇلارنىڭمۇ پۇل تېپىش ۋەزىپىسى بار-دە!

— پۇل! مېنىڭچە، پۇل ھەل قىلغۇچ ئامىل ئەمەس، يەنىلا ئادەم ئامىلى بىرىنچى! بەزى ئىشلار ھەققەتەن كاللامدىن ئۆتمەيدۇ. ئالدىنقى يىلى قىشتا، بىزنىڭ بۇ يەردە شۇنداق بىر ئىش سادىر بولدى. تېخى ئەمدىلا بۇرۇتى خەت تارتقان بىر ياش ئارمان بىلەن قازا قىلدى. قولى قىسقا، نامرات بولسىمۇ، ئەتىدىن-كەچكىچە تۈگمەن بىلەن ھەپىلەشتى... بىھۇدە جان ئۈزدى...

زىمىستان جۇدۇن تازا تاڭ-تاڭغا چىققان شۇ كېچىسى كېرەم ئېمىن شېرىن ئۇيقۇدا ياتاتتى. قاق يېرىم كېچە بولغاندا، ئۇنىڭ دەرۋازىسى يېنىك قېقىلدى.

— كىم؟
— مەن، تۆگمەنچى زاھىتاخۇن.
ئۇلار ئىسسىق ئۆيگە كىرىشتى. بوۋاينىڭ ساقاللىرى قىراۋداپ، تېخىمۇ ئاقىرىپ كەتكەنىدى. سوغۇقتىن تو-ڭۇلۇپ قالغان گەۋدىسى ھېلىلا يىقىلىپ چۈشىدىغاندەك تىترەيتتى. ئۇ يىغلامسىراپ تۇرۇپ سۆزلەيتتى:
— ئىككى كۈن بولدى. ئوغلۇم تۆگمەندە يىقىلىپ چۈشۈۋىدى. ھارۋىغا سېلىپ، ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىغا ئېلىپ بارسام، ياتاققا ئالمىدى.
— نېمە كېسەل ئىكەن؟
— شوك دېگەندەك قىلىشتى. بىچارە، قورۇق قاق-شالغا ئوخشىشىپ قالدى. يېنىمدا پەقەت 30 يۈەنلا پۇلۇم بار ئىكەن، قانچە يالۋۇرساممۇ، 24 سائەتكىچە داۋالىمساق، دورا كار قىلمايدۇ، شۇڭا، دەرھال 200 يۈەن تاپشۇرۇڭ، دېدى، بۇ كېچىدە نەدىنمۇ پۇل تاپارمەن، بىر تاللا ئوغلۇم قېلىۋىدى...
بوۋاينىڭ كۆزىدىن بوراندەك ياش قۇيۇلدى. ئۇنىڭ ھالىتى، ھەقىقەتەن ئېچىنىشلىق، ھەسرەتلىك ئىدى. بۇنىڭدىن نەچچە ئون يىللار بۇرۇنقى قارلىق سەھەردە چوڭ ئوغلىنىڭ جەسىتىنى كۆتۈرۈپ ماڭغاندىمۇ، بۇنچى-لىك ئازابلانمىغان، ياش تۆكمىگەنىدى. مىسكىن، ئاچ-چىق تارىخنىڭ قايتىلىنىشىنى، جوڭگودىكى نەچچە يۈز مىليون ئاتا كۆڭلىگە سىغدۇرالمىغىنىدەك، 20 نەچچە يىل كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندە، ئۇ ئۆز پەرزەنتى-دىن ئايرىلىشنى ھەرگىز خالىمايتتى.
كېرەم ئىمىن دەرھال يولغا چىقتى. ھېلىمۇ ياخشى، توختاخۇن يېتىشتىن بۇرۇن جىپ ماشىنىنىڭ باكىغا ماينى لىق قاچىلاپ قويغانىدى.

— بالام بولالمىدى، كۆزىنىڭ قارىقىمۇ كەينىگە تارتىپ كەتتى... شۇنداقتىمۇ دوختۇرلار بىر ئامال قىلار...

بوۋاي ماشىنىدا ئولتۇرۇپ، شەھەرگە قاراپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەزمىگەن ھالدا، كېرەم ئىمىنگە رەھمەت ئېيتاتتى. كېسەلدىن بىر خىل ئۆتكۈر پۇراق تارقىلىۋاتقانلىقىغا قارىماي، بالىسىنى چاقىراتتى. بېشىنى يۆلەشتۈرۈپ، تىزىغا ئالاتتى.

— ئىش بۇنىڭ بىلەن تۈگىمىدى، — كېرەم ئىمىن مۇخبىرنىڭ ئويچان كۆزلىرىگە قاراپ، سۆزىنى داۋام قىلدى، — بوۋايغا ئىچىم ئاغرىدى. يېنىمدىن 200 يۈەن چىقىرىپ بارلىق رەسمىيەتلەرنى بېجىردىم، دوختۇرلار پۇلنى كۆرۈشى بىلەن ماشىنا ئادەمدەك تېز ھەرىكەتلىنىپ كەتتى... ئەپسۇس، بوۋاينىڭ ئوغلى قۇتۇلدۇرۇش باسقۇچىدىن ئاللىقاچان ئۆتۈپ كەتكەچكە، ئەتىسى جان ئۈزدى. يولداش مۇخبىر، سىز ئويلاپ كۆرۈڭ، بىرسى ئۆلۈۋاتسا، ھاياتى قىل ئۈستىدە تۇرۇۋاتسا، دوختۇرلار «100 يۈەن تۆلە» دەپ ياتاققا ئالمىسا، بۇنىڭغا نېمە دېگۈلۈك؟ دەل ئاشۇ ئىش كاللامغا قاتتىق تەسىر قىلدى. سەۋەب مانا شۇ!

— سىز كەنتكە، باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپ سېلىپ بەردىڭىز، يەنە بۇ دوختۇرخانىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردىڭىز. بۇ جەرياندا بەلكىم قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلگەنسىز؟

— قىيىنچىلىق — ئۇزۇن زامانلاردىن بېرى بىزنى نامرات قالدۇرغان نەرسە دەل مۇشۇ، بۈگۈنكى كۈندە، قىيىنچىلىقتىن قورقساق، ھېچ ئىشنى باشقا ئاچىقالمايسەن... ناھايىتى، يىللىق كىرىمىدىن سىرت، بەش-ئالتە پارچە گىلەمنى ساتتىم، جەمئىي 180 مىڭ يۈەن مەبلەغ بىلەن پۈتتۈردۈم. يېقىندا، ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتى

100 مىڭ يۈەنلىك داۋالاش ئۈسكۈنىسى بەردى. ئون كىشىلىك بىر جىپ ماشىنىنى يۇقىرىدىن دوختۇرخانىغا تەقدىم قىلدى. بۇنىڭ بىلەن شەھەردىن دورا يۆتكەش، دوختۇر-سېستىرالارنى توشۇش، شەھەرگە ئېغىر كېسەللەرنى ۋاقتىدا ئاپىرىش ئىشلىرىمىز ھەل بولدى. راستىنى ئېيتسام، ھەممىنى ئۆز كۆزىڭىز بىلەن كۆردىڭىز. مەن، ئۆزۈمنىڭ يالغۇز ئەمەسلىكىمنى، پارتىيە، ھۆكۈمەت ماڭا يۆلەك بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىۋاتىمەن.

— سىزگە چوڭقۇر تەشەككۇر ئېيتىمەن. سىز خەلققە بەخت يارىتىسىز.

مۇخبىرنىڭ ھاياجانلىق سۆزلىرى... گېزىت، رادىئو، تېلېۋىزور ئېكرانلىرىدا خېلى كۆنەرگىچە ياڭرىدى. ئۆتكۈر قەلەم، قايناق تۇيغۇ ئاستىدا، يوقاقۇننىڭ دەۋرگە خاس يېڭى قىياپىتى نامايان بولدى.

يوقاقۇندا — يېڭى بىر ھايات باشلاندى. ئون نەچچە كىشىلىك داۋالاش قوشۇنى — كۆلىمى 400 كۋادرات مېتىردىن كۆپ بولغان يېڭى قورۇنى ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلدى. ئوپېراتسىيە ئۆيى، رېنتگېنخانا، ئېلېكتروكاردىئوگرامما ئۆيى، بەش ئەزا بۆلۈمى، 40 كاراۋاتلىق بالنىست قورۇ ئىچىنى جانلىق كارتىنىغا ئايلاندۇرۇۋەتتى. دوختۇرخانا قۇرۇلۇپ بىر يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە، ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش، ساقلىقنى ساقلاش، باشلانغۇچ دەرىجىدىكى سەھىيە-سالامەتلىكنى ئاسراش، كېسەل كۈتۈش، پەرۋىش قىلىش جەھەتتىن زور نەتىجىلەر بارلىققا كەلدى. بىر يىل ئىچىدە، 4936 ئادەم ئامبۇلاتورىيىدە، 419 نەپەر ئادەم بالنىستتا يېتىپ داۋالاندى. 15 مىڭ يۈەن سەرپ قىلىنىپ، دوختۇرخانىنىڭ توك

تارقىتىش، جاھازىلاشتۇرۇش، كۆكەرتىش، گۈزەللەشتۇرۇش، يېقىلغۇ مەسىلىلىرى ھەل قىلىندى. كېيىن ئىمىن ياتاق ئالدىدىكى گۈلتاش ئۈچۈن يەنە 2000 يۈەن، دوختۇر-خانا پاسىل تېمى ئۈچۈن 13 مىڭ 500 يۈەن چىقىم قىلدى.

## قەھرىمۇ، مېھرىمۇ بار ئاتا!

يەلكىسى يادەك كەڭ، ئوتتۇرا بوي، سوزۇنچاق يۈزلۈك ئىمىن ھاجىم ئۇلارنى ئىشىك ئالدىدا كۈتۈۋالدى:

— ياخشى كېلىپسىز، — ئۇ ئۇستىبېشى ئادەتتىكىچىلا كىيىنىۋالغان مۇخبىرغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى، — بۇ، بىزنىڭ ئۆي، كېلىڭ، ئۇكا، ئۆزىڭىزنى نەدىن سورايمىز؟

— يىراقتىن، خېلى يىراق بىر جايدىن كەلدىم.

— خوش، ئۇرۇمچىدىن دەڭ! چوڭ شەھەردىن كېلىپسىز، قالتىس ئىش قىپسىز!

ھاجىم، يوقاقۇننىڭ مويسىپىتى، كونىسى، پېشقان، تاۋلانغان ئاقساقىلى ئىدى. سەھرا كىشىلىرىگە خاس ئادىمى، ساددا كىيىنگەن، ساپ دىل، توز، سەممىي ئادەم ئىدى. 92 باھار، ياز، 92 كۈز ۋە قىشنى ئۆزاتقان تىمەن قارىچۇقلىرى باللارنىڭكىدەك يېقىملىق چاقناپ تۇراتتى.

مۇخبىر ھاياجانلىق تەسىراتلىرىنى يوشۇرالماي، ھۆرمەت نەزەرى بىلەن ئۇنىڭغا قارىدى. شۇ، دەل ئۆزى، نەچچە كۈن ئىلگىرى ئۆزۈنغا سوزۇلغان تال بوستانلىق يولدا ئۇلار ئۇچرىشىپ ئۆتكەن. قاردەك سەللە، تىككىدە ئۆسكىلەڭ قاش ئاستىدىكى بىر جۈپ نۇر، تېتىكلىك ھەم

جۇشقۇنلۇقتىن دېرەك بېرىپ تۇرغان ئاشۇ بىر جۈپ قارى-
چۇق، ئۇنىڭغا كۈلۈمسىرىگەن، «كۆزەتكۈچى» شۇ چاغدىلا،
بۇنى بايقىۋالغانىدى. بىمالال قول سېلىشلىرى، گۈس-
گۈس دەسسەشلىرى ئۇنىڭ كېرەم ئىمىننىڭ دادىسى
ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ قويغانىدى. مانا ئەمدى بۇ
چۈشەنچە، رېئاللىق ئارقىلىق «ھەقىقەت»كە ئايلاندى.

جۇلالىنىپ تۇرغان كۆز، پېچاقنىڭ قىنىدەك بۆرتۈپ
چىققان قاڭشار، كەڭ پەنجىلىك تاپان، ئۇزۇن ھەم مىس-
تەك پارقىراق قوللار كېرەم ئىمىننىڭ ۋۇجۇدىغا سىما
بولۇپ تۇراتتى.

مىللەتنىڭ، ۋەتەننىڭ ئىپتىخارىنى قاتارغا قاتقان
كىشى، سەھرا ئادىمى مۇشۇ ئىكەن-دە!

مۇخبىر ھويلىغا كىردى. ياسالغىنىغا تۆت-بەش
يىللار بولغان بۇ ئىمارەت ئاسمانغا تاقاشقۇدەك ھەشە-
مەتلىك بولمىسىمۇ، يېزىغا خاس پاسوندا، دېھقانغا ئوخ-
شاش ئىسسىق، مېھرلىك كۆرۈنەتتى. ئوتتۇرىدا چوڭ ئاي-
ۋان، ئىككى ياندا مېھمانخانا ۋە تۇرالغۇ ئۆي، ھويلا
سەيناسى، پەش، تال-باراڭ بىلەن يېپىلغان، پاك-
پاكىز سۈپۈرۈلگەن سۇپىغا، قۇياشنىڭ ئالتۇن تەڭگى-
لىرى شۇڭغۇغانىدى.

يېزا ھاياتىغا نەزەر سالغاندا، بۇ يەرنى ئادەم
دېڭىزى دەپ ئاتاشقا بولاتتى. مېھمانخانا ئالدىدىكى
چوڭ سۇپىدا ئەتلەس كۆڭلەك كىيىۋالغان بىر جۈپ قىز،
چوڭ ياشلىق ئىككى ئايال چىۋىق بىلەن ئاق بۇلۇتتەك
قوي يۇڭىنى ساۋاپ ئولتۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا،
پەگاھدا، قورساقلىرى يالىڭاچ، يالاڭباشتاق، يالاڭغىداق بولۇ-
ۋالغان يېزا بالىلىرى چۇرقىرىشاتتى. بىرىنىڭ قولىدا

پىشۇرۇلغان كۆكباش، بىرىنىڭ قولىدا قوغۇن، بىرىنىڭكىدە ئامۇت ...

— بوۋا، بوۋا، مېنى سۆيۈپ قوي، — بالىلار ھاجىمنىڭ ئالدىغا تەڭلا يوپۇرۇلۇپ كېلىشتى. ئېگىشىپلا قول سوزۇپ، ھەممىدىن كىچىك، تېخى ئەمدىلا ئايىغى چىققان پوسمىلاقىنا بىر قىزنى قۇچىقىغا ئالدى ۋە باشقىلارغا يالغاندىن ئاچچىقلاندى.

— ماڭ، ماڭ، ئەپلاتۇنلار، بېرىپ ئويۇنۇڭنى ئويناش!

دەل شۇ چاغدا، ئوتتۇرا بوي، ئاق سېمىز، كۆزلىرى چوڭ كەلگەن بىر چوكان ئىشىكتىن كىردى. بۇ ھاجىمنىڭ ئايالى، تېخى بىر نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا ئېلىۋالغان ھەمراھىسى ئىدى. ئايال چۈمبەل تارتىۋالغان بولۇپ، پەقەت كۆزلىرى، يۈزىنىڭ ئۈستۈن قىسمىلا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ مېھمان بىلەن سالاملاشقاندىن كېيىن، مېھمانخانا ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

ھويلا ئىچى بىر دەمدىلا پاتىپاراق بولۇپ كەتتى. بويى تامدەك ئېگىز، سېمىزلىكتىن بەدىنىنىڭ ھەممە يېرى دولقۇنلاپ چايقىلىپ تۇرىدىغان بىر توپ قوي پادىسى ھويلىغا كىردى. ھاجىم قويلارنى كۆرۈپ، چاققانلىق بىلەن ئورنىدىن تۇردى، ئاندىن مېھمانىغا قاراپ:

— قاراڭ، ئۆمرۈمدە تاپقان-تەرگىنىم مۇشۇ، تېخى يېقىندىلا ئالتاي تەرەپتىن كەلتۈردۈم. جەمئىي 160 تۇياق نەسىللىك قوي. 4000 يۈەن خەجلىدىم ... بىر نەچچە كۈن بولدى، ئوت يېمەس، سۇ ئىچمەس بولىۋالدى. مانا ئەمدى كالپۇكلىرى خىمىردەك ئىشىشىپ كەتتى بۇ جانىۋارلىنىڭ، — دېدى.

ھاجىم خىسلەتلىك ئادەم ئىدى. ھەممە ئىشنى ئۆزى قىلاتتى. ھەر بىر ئىشقا ئۆز سۆزىدىن ھېكمەت تاپاتتى. ئۇيىراقتىن كەلگەن بىر مۇخبىرنىڭ ئۆزىگە قاراپ ئولتۇرغىنىنى ئېسىدىن چىقىرىپ، ھويلىنىڭ جەنۇبىدىكى باغنى بويلاپ قوتانىغا كەتتى. ئايالالار ۋە بالىلار بولسا پەرۋايى پەلەك، مۇخبىرغا قارار كۆزى يوق، ئۆز ئىشى، ئۆز پارىڭى بىلەن مەشغۇل ئىدى.

ئۇ ئوڭايسىزلاندى. كىشىلەر بىپىسغاندا مۇشۇنداق بىنەزەر، ھاكاۋۇر بولۇپ قالامدىغاندۇ؟...

ئۇ ئۆزىدىكى ئوڭايسىزلىقنى بېسىش ئۈچۈن ھويلىدىكى چىغ ئۈستىدە باش كۆتۈرمەي گۈل چېكىۋاتقان ئىككى ياشتىن سورىدى:

— سىلەر، ھاجىمنىڭ شاگىرتلىرىمۇ؟

— ياق، بىز ھۈنەرۋەن، كىگىزچى.

مۇخبىرنىڭ قىزىللىقى يۈزىگە تەپتى. دەرد ئۈستىگە دەرد، دېگەن مۇشۇ بولسا كېرەك. ھاجىم بۇرۇن جۇۋازچى، ھازىر قاسساپ تۇرسا، بۇلار قانداقمۇ ئۇستا-شاگىرتلىق مۇناسىۋەتتە بولسۇن؟

ھېلىمۇ ياخشى، جاۋاب بەرگەن يىگىت بېشىنى كۆتۈرمىدى. مۇبادا، بۇ «ساۋاتسىز» مۇخبىرغا قاراپ سالغان بولسا، نېمە قىلار ئىدىكىن؟

سەزگۈر قىزلار، ئايالالار پىخىلداپ كۈلۈشتى. بايا-تىن بېرى جىمجىت ئىچىگە سىغماي ئويناۋاتقان بالىلارمۇ مۇخبىرنىڭ باش-ئايىغىغا يېڭىباشتىن سەپسېلىشتى. ھۈنەرۋەن ھەققىدىكى ئەقەللىي سەزگۈ سەۋەبى بالىلارغا چۈشىنىشلىك ئىدى. ئۇلار كۈلۈشتى، كۈلكە ئارقىلىق مەسخىرە قىلىشتى.

مۇخبىر لام-جىم دېمىدى، كىگىزچى ئۇستىلار بىلەن بولۇپ كەتتى.

— ساقلاپ قالدىلا، ئۇكام.

بوۋاي ئىككى بىلىكى تۈرۈلگەن، ئاق يەكتىكىنىڭ پەشلىرى بېلىگە قىستۇرۇلغان ھالدا ھويلىغا قايتىپ چىقتى. ئاندىن ياغ يۇقى قوللىرىنى پاكىز يۇدى.

— بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى، سۈيى خىل كەلمىدى. ئەبگارلار ئەمدى جاجىسىنى تاپتى. ئاچچىق ياغ بىلەن ئىغىز-بۇرنىنى ياغلاپ قويدۇم. ئىككى كۈندىلا سەللىمازا ئوڭشىلىپ قالىدۇ.

ئۇ ھويلىدا قاراپ تۇرغان كىچىك نەۋرىسىنى قۇچاققا ئالدى-دە، مۇخبىرنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى:

— خوش مەندىن سورايدىغاننى سوراۋەرسىلە؟

— كېرەمئاخۇن توغرىسىدا بىرنەرسە دەپ بەرسىلە، خاتىرىلىۋالسام.

— ھىم، دەپ بەرسەم بېرەي، لېكىن خاتىرىلىگۈچىلىكى يوق. بىزنىڭ بۇ بالىمىز شۇنداق تۈز ئادەم بولدى. كىچىكىدە ئانىسى قازا قىلىپ كېتىپ ماڭا ئىبجەل بولۇپ قالغانىدى. كوپېراتسىيە ۋاقتىدا ماڭا ئەگىشىپ جۇۋاز ھەيدىدى. قۇمقايغاندا بوز يەر ئاچتى. كېيىن خەقنىڭ دۇئاسىنى ئالدى. كىنوچىلىق قىلىپ يۈرەتتى. ھۆددىگەرلىك يولغا قويۇلغاندا كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. كېيىن كۆۋرۈك سالدى، مەكتەپ، دوختۇرخانا سالدى. قولىغا پۇل كىرىۋىدى، مانا ئەمدى ئۆيدە يوق، نەلەردە يۈرىدىكىن، دورىغىمۇ تېپىلماس بولۇپ كەتتى.

— ئۇنىڭ بىلەن ئۈرۈمچىدە كۆرۈشكەنىدىم، يېقىندا قايتقان.

— ھەي، بىزنىڭ ئۇ بالىمىززە، شۇنداق تۈز ئادەم بولدى، پۇل تاپتىڭ، يۈز ـ ئابرويۇڭمۇ، ئۆي ـ بىساتىڭمۇ يەتكۈچە بار. ھەممە يەردە شامالدەك ئەگىپ يۈرگۈچە، خوتۇن ـ بالىلىرىڭ بىلەن بىللە ئۆيۈڭدە پۈتۈڭنى ئۇزۇن سۇنۇپ ياتساڭ، بىرەر كۈن بولسىمۇ ئارام- خۇدا ئۆتسەڭ بولماسمۇ دەپ نەسىھەت قىلدىم، ھەي، ئۇ ئاڭ- لايتتىمۇ. تازا بىغەرەز ـ دە، ئالتە پاتمان ماشىنىنى يىغى- ۋېلىپ نېمە قىلىدۇ!

— ۋوي، سۆزلەپلا كەتتىلىغۇ، بىرەر پىيالە چاي قۇيماي؟!

روپاچ ئايالىنىڭ «تەنبىھلىرى»دىن ھاجىم دىككىدە ئاياغقا تۇردى. ئۆگزىگە قويۇلغان شوتىدىن مۇشۇكتەك پىلدىرلاپ چىقىپ كەتتى. ھەش ـ پەش دېگۈچە بىر ئېتەك ئامۇتنى كۆتۈرۈپ چۈشتى.

— خوتۇن، چاي، چاي دەپ قاپسىلە، بۇنىڭدىنمۇ ياخشى چاي بارمۇ؟ مېھمان، ئالسىلا تارتىنماي، ئامۇت دېگەن غىچلا قۇۋۋەت.

ئۇلار خۇشلاشتى. ھاجىم مۇخسىرنىڭ تەكەللۇپلىرىغا ئۇنىماي، داستىخاندىكى ئامۇتلارنى سومكىسىغا سېلىپ بەردى ۋە دەرۋازا ئالدىغىچە ئۇزىتىپ چىقتى.

قاق سەھەر، يېقاقۇننىڭ خورازلىرى يېڭى تاڭنى كۈتۈۋالماقتا. سەھەرنىڭ ئۆزىگە خاس غۇر ـ غۇر شامىلى، كېچىدىن بېرى غەپلەت ئۇيقۇسىغا پاتقان مۇخ- سىرنىڭ چېكە چاچلىرىنى يەلپۈپ ئۆتتى. ئۇ كۆزىنى ئېچىپ، ئايۋانغا سەپسالدى. كېرەم ئەمەن ياتقان يەر بوش، ئۇ ئاللىقاچان تۇرۇپ كەتكەنىدى.

— توغرا، ئاخشام بىز بورانچى دەرياسىنى، دەر- يانىڭ قىزىل شەپەق ئاستىدىكى مەنزىرىسىنى كۆرۈشنى

كېلىشكەن، ئەجەبا، بۇ باينىڭ شەپىسىزلا چىقىپ كەت-
كىنى نېمىسى؟

يوقاقۇننى ئىككى قىرغاققا ئايرىپ تۇرىدىغان تۇپە-
لىق يول سەھەر شاۋقۇنىغا تولغانىدى. كېرەم ئىمىن
يالاڭغىداق، مايكىچان، يولنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا نېمە-
گىدۇر قاراپ تۇراتتى.

— ياخشى تۇرۇپسىزمۇ!

ئۇ خۇش خۇي ھالدا مۇخبىردىن ئامانلىق سورىدى:

— ياخشى تۇردۇم، لېكىن قاتتىق ئۇخلاپ قاپتىمەن.

— ھېچقىسى يوق، شەھەرلىك دېگەن سائەت ستىرېل-
كىسىغا بەتلەگىلىك تۇرسا.

كېرەم ئىمىن كۈلۈمسىرىدى.

ئۇلار بورانچى دەرياسىغا قاراپ ماڭدى. ھاجىم
يول بويىدىكى ياڭاق ئاستىدا يېڭىلا سويۇلغان بەش
ئېرىكنىڭ گۆشىنى ھارۋىغا بېسىۋاتاتتى. ئۇ ئوغلىنى
كۆرۈپ، قولىدىكى ئىشنى توختاتتى. خۇددى يات ئادەم-
دەكلا تۈزلا كۆرۈشتى.

— بازارغا مېڭىپسەن-دە!

ھاجىم بېشىنى يېنىك لىڭشىتىش بىلەن جاۋاب
بەردى.

— كەل، ماۋۇنى پىشۇرۇپ يە!

ھاجىم لىغىرلاپ تۇرغان بىر سان گۆشنى كېسىپلا
ئوغلىغا سۇندى. كېرەم ئىمىن پەرۋاسىز ھالدا رەت
قىلدى:

— قويغىنا، دادا، ئامىنەخان بالنىستتا بالىغا قارايدۇ،
بۇ بىر نېمىنى كىم پىشۇرۇپ بېرىدۇ؟ بىز دەريا تەرەپكە
بېرىپ كېلەيلى، ساڭا ئاقيول بولسۇن. سوداڭ ئەن
كەتسۇن!

ئۇلار خۇشاللىنىپ ئانچە ئۇزىمايلا كېرەم ئىمىن بىر-نەرسىنى ئەسكە ئالدى:

— ھە راست، دادا، قويلىرىڭ ئوت يېدىمۇ؟

— يېدى، كېچىچە ئىككى ئادەم ئوت سېلىپ ئۈلگۈر-تەلمىدۇق. بالانى يەيدىغانلاردىن ئوخشايدۇ.

— بوپتۇ، يېگىنى ياخشى.

— توختىغىنا، بىردەم توختاپ تۇر.

ھاجىم ئىككى تاقاپلا ھويلىسىدىن بىر ئېتەك ئالما ئاچىقتى. ئەقىللىق بوۋاي بالىسىنىڭ مېۋە-چېۋىگە قەۋەتلا ئامراق ئىكەنلىكىنى ھېچقاچان ئېسىدىن چىقار-مايتتى. كېرەم ئىمىن ئاشۇ قەھەتچىلىك يىللىرىدىمۇ، ھەپتىلەپ-كۈنلەپ مېۋە-چېۋە بىلەن ئۆزرە تۇرغان. ھالا بۆگۈنكى كۈندە، نېمە يەي، نېمە كىيەي دېسە شۇ بار. توققۇزى تەل ئائىلىسىنىڭ «خوجىسى» بولغاندا، تۇرمۇشىنىڭ تەمىنى قانداق تېتىش كېرەك؟ ئۇنىڭ يالاڭغىداق تاپانلىرى پەقەت توپىلىق يولدىلا راھەتلىنىدۇ. ئۇنىڭ تېنى مېۋە-چېۋە، قوناق تامىقى بىلەن بۆلەكچىلا ھۇزۇرلىنىدۇ. بۇ ئۇنىڭدىكى چىن، ھەقىقىي، تەبىئىي كەيپىيات. ئۆزگەرتىش، يوشۇرۇن ساقلاش مۇمكىن بولمايدىغان دېھقانچە خۇسۇسىيەت!

ئۇ قىزىل ياقۇتتەك جىلۋىلىنىپ تۇرغان ھەيۋەتلىك پايانداز ئۈستىدە مېڭىپ باققان، كىشىنىڭ ئەقلىنى لال قىلىدىغان خان سارايىنىڭ مەرمەر پەشتاقلىرىدا، خان قەسىرىدە، ئالتۇن-تەخت ئالدىدا، سەرخىل گۈللەر بىلەن تولغان باغۇ ئېرەملەردە نەچچە، نەچچەرەت ماڭغان. ئىسمىنى بىلىپ بولمايدىغان كاتتا رېستورانلاردا رەڭلىك ئۈستەللەردە غىزالانغان. كۆزىيەتكۈسىز ئېگىز ئىمارەتلەردە لۆم-لۆم كارۋات ئۈستىدە ئۇيقۇنىڭ راھىتىنى كۆرگەن.

ھەشەمەتلىك كوچىلاردا، ئەينەكتەك جۇلالاپ تۇرىدىغان
دېڭىز بويلىرىدا، تاغ، ئېدىر، قېيىنزارلىقلاردا، جاھان
كۆرگەن. كاتتا رەھبەرلەر، جامائەت ئەربابلىرى بىلەن
يۈزمۇ يۈز كۆرۈشۈش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن. ئەمما ئۇنىڭ
نەزىرىدە ئۆزى دەسسەپ تۇرغان مۇقەددەس تۇپراقتىن
ئەزىز نەرسە يوق. ئۇ كۆرگەن، بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ئاجا-
يىپ كەچمىشلەر گۈزەل بىر چۈش، تاتلىق بىر خىيالدىن ھال-
قىپ كېتەلىگىنى يوق. ئۇنىڭ ئەسلەيدىغىنى، كۆز ئالدىغا كەل-
تۈرۈپ سېغىنىدىغىنى يەنىلا بورانچى دەرياسى، قىزىل شەپەق
ئاستىدا جىلۋىلىنىپ تۇرغان گۈزەل قىرغاق، سېرىق توپىلىق
يول، دىماغقا، مول ھوسۇلنىڭ خۇشھىدى تېگىپ تۇرىدى-
غان ئالتۇن تۇپراق، جۇۋازخانا، قومۇقا يىغان كېچىلىرى...
ئۇنىڭ ھۇزۇرلىنىدىغىنى، قازاندا پىشتىقلاپ قايناپ تۇرى-
دىغان ئالتۇن رەڭلىك غىزا، تارىخىي نېمەت!... يالاڭ-
غىداق يۈرگەن سەبىي چاغلار!

ئۇ بورانچى دەرياسىنىڭ سۈيىنى نەچچە يۈز قېتىم-
لاپ ئۇچۇملاپ ئىچكەن، يۇمشاق، ئەمخۇش يېزا يولىدا قىي-
غىتىپ ئوينىغان، مۇنبەت ئېتىزلارغا باغرىنى يېقىپ، قې-
نىپ-قېنىپ ئۇخلىغان. سەھرانىڭ ساپ ھاۋاسىنى ئانا
سۈتىدەك ھالاللاپ سۈمۈرگەن، سۇ كېچىپ، باھارنى كۆز
بىلەن، كېچىنى كۈندۈز بىلەن ئۇلىغان. باھاردىكى كۈچ-
لۈك بوران، تومۇزدىكى تىنچىق ئاپتاپ، كۈزدىكى ئالتۇن
كارتىنا، قىشتىكى قارلىق دالا. ئۇنىڭ ھەربىر ھايات
قەدىمىدە، تۇرمۇش مەنتىقىسىگە، ھەتتا ئىچكى ھوجەيرىسى-
گىچە سىڭىپ كىرىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىر تەن، بىر جانغا
ئايلانغان. شۇنداق ئىكەن، ئۆز يېزىسىنى، يېزا يوللىرىنى
ۋە ئۇنىڭ ھايات شاۋقۇنىنى قانداقمۇ ئۇنتۇپ كېتەلەي-
سۇن؟ ئۇنى بۈگۈنكىدەك شۆھرەتكە، بايلىققا، ئىمتىيازغا

ئېرىشتۈرگىنى، چوڭ شەھەرلەرگە، مۇھىم رەھبەرلەر ئالدىغا ئېلىپ بارغىنى ... دەل مۇشۇ يېزا، سەھرادىكى داغدام يول، دەريا ۋە قىزىل قىرغاقۇ؟! دەل مۇشۇ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن قەدىرلىك مۇھىتقۇ؟!

مۇخبىر خىيالدىن ئويغاندى. ئىمىن ھاجىم بىر ئېتەك ئالمىنى ئۇنىڭغا سۇنۇۋاتاتتى. كېرەم ئىمىن بولسا بەھۇزۇر ئالما يېۋاتاتتى:

— قاراڭ، بۇ يۇرتىمىزنىڭ سۈت ئالمىسى. ئۆزى كىچىك بولغىنى بىلەن نەپەسنى راۋانلاشتۇرۇشتا بۇنىڭدەك شىپالىق دورىنى تاپماق تەس. ئېلىڭ، كۆپرەك يەڭ.

— يولداش، تارتىنماي ئېلىڭ، ئۈرۈمچى دېگەن ساپلا زاۋۇت ماكانلاشقان جاي. تۇرخۇندىن ئىس پۇركۈپ تۇرغاچقا ساپ ھاۋانى تاپماق تەس ... بىزنىڭ خوتەنگە كېلىپ نەپەس يولىنى راۋانلاشتۇرغانلا، سىزلا ئەمەس ... ئېلىڭ، تارتىنماي يېۋېرىڭ!

كېرەم ئىمىن چاقچاق قىلىۋاتاتتى. بۇ چاقچاقتا ئۇنىڭ سەممىي، ساددا مىجەزى سىڭدۈرۈلگەندىن سىرت، يەنە، ئۆز ئاتىسىغا ۋە مۇخبىرغا بولغان قېرىنداشلىق، ئاتا-بالىلىق مېھرى چوڭقۇر سىڭگەندى.

ھاجىم ئۇلارنىڭ ئىزىنى بويلاپ، خېلى يەرگىچە باردى. شۇ تاپ ئۇ ئالما ئەمەس، ساپ ۋە سەممىي ھېسسىياتىنى، ئوتلۇق مېھرىنى سۇنۇۋاتاتتى. قەلبىدىكى ئىپتىخارلىق تۇيغۇسىنىڭ يارقىن سىماسىنى تاپشۇرۇۋاتاتتى. ئانا سۈتىدەك پاك، غۇبارسىز، تاتلىق بىر سېزىمنى ئاتا قىلىۋاتاتتى.

بۇ، ئاتا-بالىلىق مۇھەببەت ئىنسان تۇيغۇسىنىڭ يۈكسەك پەللىسى ئىدى. بۇنداق تۇيغۇ، كۆپ ھاللاردا ئۇزاق مۇددەتلىك ھارغىنلىقتىن كېيىن پەيدا بولىدىغان

كۆچلۈك شىجائەتكە ئوخشىشىپ كېتەتتى. بەزىدە، مۇنداق تۈيغۇدىن تاغدەك جەسۇر، ئىرادىلىك كىشىلەرمۇ ئېرىپ كېتىدۇ. ئاتا - بالا ئۈچۈن تېخىمۇ شۇنداق، ھاياجانلىنىشقا، پەخىرلىنىشكە تېگىشلىك مىنۇتلار ئىدى.

بوۋاي ھېلىمۇ ئۇلارغا ئەگىشىپ كېلەتتى. بورانچى دەرياسىغا قاراپ سىلجىۋاتقان ئوغلىغا يېنىش - يېنىشلاپ قارىغىنىچە ئىللىق كۈلۈمسىرەيتتى. مۇشۇنداق سېخىي، ئوچۇق - يورۇق، ئاق كۆڭۈل ئوغلىنىڭ بولغانلىقىدىن چەكسىز پەخىرلىنەتتى، سۆيۈنەتتى، بېشى ئاسمانغا تاقىشاتتى.

ئەمدى تولۇق چۈشەنچە ھاسىل قىلىشقا بولىدۇكى، بوۋاينىڭ تۈنۈگۈنكى «تاپا - تەنىلىرى»، ۋايساشلىرى ئۆز ئوغلىغا بولغان كۈچلۈك ئېتىقادىنىڭ، سادا قەتمەنلىكىنىڭ ئىپادىسى، ئاتىلىق مېھرىنىڭ شاھىتى ئىكەن! قەھرىمۇ، مېھرىمۇ بار بۈيۈك ئاتىنىڭ مېھرىبانلىقى، مېھرى-مۇھەببىتىنىڭ جۇدۇن ئىچىدە چېچەكلىشى، ئوت ئىچىدە تۆرىشى ئىكەن. بۇ نەقەدەر پاك، نەقەدەر ئۇلۇغ ئەقىدە ۋە ئۇلۇغ كۆيۈنۈش ـ ھە!

## ئۆزۈن يوللار...

**گىزىت خەۋىرى:**

شەھەر ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ۋە يېزا ئىگىلىكىنىڭ گۈللىنىشىگە ئەگىشىپ، ئاپتونوم رايون تەۋەسىدە، يەككە ترانسپورت ئىشلىرى تېز تەرەققىي قىلماقتا. ئالاقىدار تارماقلارنىڭ ستاتىستىكا قىلىپ كۆرسىتىشىچە: ھازىر

ئاپتونوم رايون بويىچە. ماتورلۇق قاتناش ترانسپورتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان كەسپىي ئائىلىلەر سانى 9528 دىن ئېشىپ كەتكەن. بۇنىڭ ئىچىدە، يۈك ئاپتوموبىلى بىلەن ترانسپورت قىلىدىغان كەسپىي ئائىلە 3180 دىن ئاشقان. يەككە ترانسپورت كەسپىي ئائىلىلىرى، ئاپتونوم رايون قاتناش - ترانسپورت ئىشلىرىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ترانسپورت كەسپىنىڭ مۇھىم تولۇقلىمىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، تىيانشاننىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىدا يۈك يۆتكەش، يولۇچى توشۇش، شەھەر - يېزا، ناھىيە - شەھەرلەرنىڭ تاۋار ئوبوروتى، بازار رىقابىتىنى جانلاندۇرۇشتا پائال رول ئوينىماقتا. ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش نازارىتى دەسلەپكى قەدەمدە يەككە ترانسپورت ئائىلىلىرىگە 300 دىن ئارتۇق يۈك ئاپتوموبىلى سېتىپ بەردى. 32 قارار كۇرس ئېچىپ 2790 دىن ئارتۇق شوپۇر تەربىيىلەپ بەردى. بۇ، يەككە ترانسپورت تىجارىتىنىڭ پارلاق ئىستىقبالىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان مۇھىم پاكىت!

1992 - يىلى ئاۋغۇست ئايلىرى، يوقاقۇن بەئەينى بىر يېشىل تۆشەككە ئايلانغانىدى. ئېتىز - ئېرىقلاردىن، يول بويلىرىدىن، سەھرانىڭ ئۆزىگە خاس خۇش ھىدى كېلەتتى. كۆممىقوناقلىق مەيدان شامالدا يېنىك شىرىلدايتتى. ياڭاق دەرەخلىرى ئۆزىنىڭ ھەيۋەتلىك گەۋدىسى بىلەن يىراق - يىراقلارغا سايە تاشلايتتى. يول بويىدىكى تال بارىڭىدا ھەگىزى قىزىرىشقا باشلىغان ئۈزۈم ساپاقلىرى قىزىل مەرۋايىتتەك چاقنايتتى.

«بەخت» ماركىلىق موتسىكلىتنىڭ گۈرۈلدىشى بىلەن بۇ يەرگە ئىككى ئادەم پەيدا بولدى. ئۇنىڭ بىرى، يېزىنىڭ كاتىپى، يەنە بىرى، مۇخبىر!

— مانا كەلدۇق! — كاتىپ تال باراڭ بىلەن قاپ-
لانغان ھويلا ئالدىغا كەلگەندە، موتسىكلىتنىڭ ئوتىنى
ئۆچۈردى، — كېرەمباينىڭ ئۆيى مۇشۇ!

سەھرا ھاياتى نەقەدەر كۆڭۈللۈك؟ باراڭ ئاستىدا
زۇمرەت كەۋسەر ئېقىپ تۇرغان چىملىق ئېرىق ۋىلىقلاپ
ياتاتتى. ئايمۇق تالىنىڭ بولۇقلۇقىدىن ھەتتا توخۇلارمۇ
بىمالال چوقۇلاپ يېيەلەيدىغان دەرىجىدە ساڭگىلىشىپ
تۇراتتى. ھەيۋەتلىك پېشايۋان ئاستىدىكى ئوچاق بېشىدىن
مەززىلىك قورۇمىنىڭ پۇرىقى تارقىلاتتى:

— دادىڭىز ئۆيدە بارمۇ؟ — كاتىپ، قورۇما قورۇۋاتقان
15 ياشلاردىكى بۇغداي ئۆڭ قىزدىن سورىدى. قىز
بېشىنى كۆتۈرۈپمۇ قويماستىن جاۋاب بەردى:

— يوق، دوختۇرخانىغا كەتكەن.

— قاچان كېلىدۇ؟

— بىلمەيمەن.

مۇخبىر ئەجەبلىنىپ قىزغا قارىدى. ئەتلەس كۆڭلەك
كىيىۋالغان بۇ مەسۇمە سەھرا قىزلىرىدەك ساددا ئەمەس
ئىدى. «باي بولغانىدىكەن، شۇنداق يورەكلىك كېلىدۇ-دە!»
كاتىپ دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە چۈشەندۈردى:

— يولداش مۇخبىر، سىز بۇنى ئېغىر ئالماڭ، كې-
رەمباينى ئىزدەپ كېلىدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىگەنلىكتىن،
ئۇلار مۇشۇنداق ئۆگىنىپ قالغان.

— ھېچقىسى يوق! ناتونۇش كىشىلەر ئارىسىدىكى
بۇنداق تەكەللۇپتىن خاپا بولۇشنىڭ نېمە ھاجىتى؟

— يۈرۈڭ بولمىسا، كېرەمباي كەلگۈچە ئۇنىڭ بۇ ئېسىل
قورۇقىنى، ماشىنا ئەترىتىنى كۆرۈپ كېلەيلى!

ئۇلار ئىككىسى چوڭ يولدىن ئەگىپ ئۆتۈپ ئۇزۇنغا
سوزۇلغان تار كوچىغا قاراپ مېڭىشتى. بېنزىننىڭ پۇرىقى

كېلىدىغان بۇ توپىلىق يول ماشىنا ئەترىتىگە ئېلىپ باراتتى. ئۇلار ئەمدىلا ماشىنا مەيدانىغا كىرىپ كېلىشىگە ئالدى تەرەپتىن ۋاڭ-چۇڭ كۆتۈرۈلدى. بەش-ئالتىدەك ئادەم كىمنىدۇر ئارىغا ئېلىۋېلىشقانىدى. ئۇلارنىڭ ئەل-پازىدىن بىرەر كېلىشمەسلىكنىڭ يۈز بېرىش ئېھتىمالى كۆرۈنۈپلا تۇراتتى.

ئۇلار توپ ئارىسىغا قىستىلىپ كىردى. قولىغا پىچاق تۇتۇۋالغان بىر تەلۋە بوۋاي كىمنىدۇر قاغاۋاتاتتى.

— ۋوي سولتەكلەر، كېلىشە، قارنىڭنى يېرىپ، قېنىڭنى ئىچىمەن... باي ئاكامدىن قورقمامسەن- ھە، بەللى باي دېگەن باي، دەككەڭنى يەپ قېلىشما دېدىم. بۇنىڭغا كۆنمىسەڭ، مانا پىچاق. يارىمەن - يارىمەن بىكا!

— ۋوي، توختاخۇن، نېمىگە چېچىلىسەن، — كاتىپ چاقچاقلىق بىلەن بوۋاينىڭ قولىدىكى پىچاقنى يۇلۇۋالدى، — ساقال ئەستاغپۇرۇللىغا يەتكەندە، بۇ ياش بالا بىلەن نېمە تالىشىسەن، ئاكا، يۈر تاماكا چېكىۋال!

— ئاناڭ چەكسۇن ئۆلگۈرلەر، مۇتتەھەملەر، ۋوي سولتەكلەر... ھېيلە- مىكرىڭنى كىم بىلمەيدۇ...

شوپۇرلار پىخىلداپ كۈلۈشتى. ئەجەبلەنگەن كاتىپ ئۇلاردىن رەنجىگەن قىياپەتتە سورىدى:

— ئاتا سۈپەت ئادەم بىلەن شۇنداقمۇ چاقچاقلىشامسىلەر، يەنە كېلىپ، توختاخۇن قوينىڭ قوزىسىدەك ياۋاش تۇرسا...

— نەدىكى گەپنى قىلىسەن، كاتىپ ئاكا، — ئارىدىن كىچىككىرەك بىر يىگىت سۆز قىستۇردى، — ئۇ دېگەن قوزا ئەمەس، مۈڭگۈز تەڭلەپ تۇرغان قوچقار... ساراڭ تېكە...

— مانا تېكە، مانا قوچقار!

توختاخۇن ئېڭىشىپ يەردىن بىر چاڭگال توپا ئالدى-دە، يىگىتلەرگە قارىتىپ چاچتى. يۈز- كۆزلىرى چاڭ- توزانغا كۆمۈلگەن يىگىتلەر يوپۇرۇلۇپ كېلىپ، توختاخۇننى تۇتۇۋېلىشتى ۋە كۆتۈرگىنىچە كۆتۈرۈپ يولغا ئاچىقتى. دەل شۇ چاغدا، ئۇلارنىڭ ئالدىدا كېرەم ئىمىن جىپ ماشىنىسىنى تورمۇز قىلدى:

— نېمە ئىش بۇ! ئىشىڭلارنى قىلماي...

كېرەم ئىمىن كۆزنەكتىن بېشىنى چىقىرىپ سورىدى.

— بۇ ئاشىق يىگىتنى ئۆيىگە كۆتۈرۈپ كېتىۋاتىمىز، ماي قاچىلاپ بېرىڭ دېسەك، پىچاق كۆتۈرۈپ يۈرىدۇ...

كېرەمباينىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلدى. ئۇ كۈيۈنگەن هالدا توختاخۇننى چاقىردى:

— توختىكا، يەنە جېدەل تېرىپسەن-دە! يۈر، باغقا بېرىپ ئارام ئالغىن!

— سەل ئالجىپ قالدى!

كېرەم ئىمىن مۇخبىرغا شۇنداق چۈشەندۈردى. بوۋاينىڭ ئوزايىدىن نېرۋىسى ئاجىزلاپ قالغانلىقىنى بىلگىلى بولاتتى.

— داۋالاتقىلى بولماسمۇ!

— داۋالىتىش،— كېرەم ئىمىن كۈلۈمسىرىدى،— ئالجىپ قالدى دېسەم راست چېغى دەپ قالماڭ، نامازشامدا كۈن چىققاندەك ئىش بولۇۋاتىدۇ شۇ تاپتا. ئاڭلىسىڭىز سىزمۇ كۈلۈپ كېتىسىز! يۈرۈڭ، چاي ئىچكەچ سۆزلىشەيلى.

ئۇلار ئاق چامغۇر توغرالغان ئۈگرە بىلەن قورساق توقلىدى.

— سەهرا تامىقى ئۇستىخاننى يارىدۇ-دە!

مۇخبىرنىڭ سۆزىدىن كېرەمباي كۈلۈمسىرىدى. بۇ ئۇنىڭ سەل ئوڭغايسىزلانغانلىقىنى بىلدۈرەتتى. چۈنكى

كېرەمباي ھەممەيلەننىڭ كۆزىچىلا تەڭلىدەك چوڭ ئايىغىنى ئىككى قاتلىغانىدى...

— مەندىن ئەجەبلەنمىگەيسىز، — ئۇ مۇخبىرغا چۈشەندۈردى، — مەن ھېچقانداق كەيپ قىلمايمەن، بىردىنبىر كەيپىم سەھرانىڭ مۇشۇ نېمىتى، يەنى مېۋە-چېۋىسى. يەرلىك كۆكتاتتىن قورۇلغان مۇنداق تاماققا نېمە يېتىدۇ؟ كۆنۈپ قاپتىمەن. ئەتراپىمدىكىلەر نېمە يېسە، شۇنى يېۋېرىمەن... ئاچ قالسا، ئاچ قالىمەن. ئۇلاردىن يوشۇرۇنچە ئىككى جىڭ كاۋاپنى ئۆيۈمگە ئەكىرىپ يېيەلمەيمەن. بىر قوي سويسام ھەممىنى قازانغا سېلىپ تەڭ يەيمىز، پۇلۇم-ئىقتىسادىم بار دەپ ئالاھىدە بولۇۋالسام قاملاشمايدۇ-دە! ھېيت-بايراملاردا ئالتە-يەتتە قوي سويۇپ، مۇشۇ يەردىكى نامرات-ئاجىزلارغا بۆلۈپ بېرىمەن. چۈنكى ئۇلارمۇ ھېيت قىلىشى كېرەككۇ!

— ھېلىقى توختاخۇن سىزنىڭ نېمىڭىز؟

مۇخبىرنىڭ سوئالىدىن كېرەمباي تېڭىرقاپ قالمىدى:

— توختاخۇن ئۆيۈمدە تۇرۇۋاتقان نامرات. ئۆزى ساۋاتلىق، چوت سوقۇشنى، كىرىم-چىقىم ئىشلىرىنى بىلىدۇ. ئۇزۇن يىل ئامبارچىلىق قىلغان، ھېسابات باشقۇرغان، سەممىي-ساداقەتمەن ئادەم. ئەپسۇس بۇ يىل 80 گە ئۇلاشتى، خوتۇن-بالىسى ياكى تۇغقىنى يوق. ئاش-تاماق، كىيىم-كېچەك مەندىن، ئىشلىگىنىگە ھەق بېرىمەن. ھازىر 2000—3000 يۈەن پۇلى، بىر يۇرۇش ئائىلە بىساتى بار. ئۆيلەپ قوياي دېسەم ئۇنىمايدۇ، نوچىسىنى دەيدۇ.

— كۆڭلى ياش ئىكەن-دە!

— شۇنداق، يېقىندا نېرۋىسى سەل بۇزۇلۇپ «مال» تونۇيدىغان بولۇپ قاپتۇ. بىزنىڭ دوختۇرخانىدا تېببىي تېخنىكومنى پۈتتۈرگەن ئىككى قىز بار ئىدى. بىرىنى

«پولات كۆز»، يەنە بىرىنى «قۇندۇز چاچ» دەپ ئاتىۋاپتۇ... پات ئارىدا ئۇقسام، 600—700 يۈەن پۇل خەجلەپ، ئاشۇ قىزلارغا نەرسە-كېرەك سوۋغا قىپتۇ. ئولتۇرۇش قىلىپ، ئۇلار بىلەن كۆڭۈل ئېچىپتۇ. قىزلار رىۋايەت تۈسىنى ئالغان بۇنداق ئولتۇرۇشتا، تېلىققۇچە كۈلۈپتۇ، ئۇمۇ بىللە كۈلۈپتۇ. «تۇختاخۇن، سىز بىزنىڭ پەخرىي ئاتىمىز بولۇڭ» دەپ كۆڭۈل ياساپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ نىرۋا تالالىرى ئازراق كاردىن چىقتى. بىر قېتىم ئالدىمغا چاقىرىپ: «... سىز كىچىك بالا ئەمەس، 80 ياشلىق ئادەم، مىڭنى قىلغان بىلەن ئۇ قىزلار سىزگە تەگمەيدۇ... ئەخمەقلىق قىلىپ پۇل بۇزماي، ئۆزىڭىزگە چۈشىدىغانىنى تېپىڭ، ھازىرلا تويۇڭلارنى قىلىپ قوياي» دېدىم. لېكىن ئۇ ئۇنىمىدىغان... ئاشۇ قىزلاردىن بىرىنى ئالغىنىم ئالغان دەپ چىڭ تۇرۇۋالدى... ھالا بۈگۈن شوپۇرلار ماي قاچىلاپ بېرىڭ دېسە، پىچاق تەڭلەپتۇ.

— ھەقىقەتەن تەسىرلىك ھېكايە ئىكەن. خوش، ئۆز پارىڭىڭىزغا كېلەيلى، — مۇخبىر ئۆزىنىڭ كېلىش مەقسىتىنى بايان ئېيتقانىدى، — سىزنىڭ ئۇزۇن يىللۇق ترانسپورت تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانغانلىقىڭىزنى ئاڭلاپ، قىزىقىپ قالدىم. تىجارەت يولى، كارخانىنىڭ تۈزۈلمىسى جەھەتتىن كونكرېتراق تەجرىبە تونۇشتۇرۇپ بېرىشىڭىزنى ئۆتۈنىمەن.

— مۇكەممەل تەجرىبە يوق، — كېرەم ئىمىن تۈزلا جاۋاب بېرىشكە ئادەتلىنىپ قالغانلىقتىن، گەپنى ئەگىتىپ ئولتۇرۇشنى خالىمىدى، — راستىنى ئېيتسام، بىر ئىش قىلماق ئاسان ئەمەس ئىكەن. دەسلەپ، ترانسپورتنى ئىككى تىراكتور بىلەن باشلىدىم. 1984 - يىلى تراكتورنى سېتىپ، يۈك ماشىنىسى سېتىۋالدىم. يوقانىنىڭ خانىرىق ۋە باغچىدىن ئىبارەت ئىككى يېزىنىڭ پاسىلىغا ئورۇنلىشىشى،

قاتناش جەھەتتىن كىرىم مەنبەسىنى ئاشۇرۇشتا پايدىلىق شارائىت ئىكەن. مەن پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، كىرىمنى يىلمۇ يىل ئاشۇردۇم. توپلىغان دەسمايىنى مەبلەغ سېلىپ تاپقان پايدىغا يەنە ماشىنا سېتىۋالدىم. 1992 - يىلىغا كەلگەندە چوڭ ماشىنا 19 غا، كىچىك ماشىنا ئىككىگە كۆپەيدى. ئەمما، ماشىنا بولغان بىلەن توشۇيدىغان يۈك تېپىش قىيىن بىر مەسىلە. بۇ جەھەتتىن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى، سودا نازارىتى، قاتناش نازارىتى مېنىڭ ئېھتىياجىمنى چۈشەندى. ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە مەسئۇللىرى ئالاھىدە خىزمەت ئىشلەپ، ۋىلايەتلىك بەش خىل مېتاللار شىركىتىنىڭ يىللىق توشۇش ۋەزىپىسىنى ماڭا بەردى. ئەمما، مال بېسىش، چۈشۈرۈش جەھەتتە قىيىن ئۆتكەللەر يەنىلا كۆپ. ئىزدەنمىسەك بىكار، ئۆتتى ئاز دەپ نېفىتنىڭ باھاسى ئۆستى، يول ئاسراش راسخوتى يىلدىن يىلغا ئۆسۈپ كەتتى. 7000 يۈەننى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن يەنە 3000—4000 يۈەن دەسمايە كېتىدۇ. ساڭا قالىدىغىنى 4000 يۈەن. مۇبادا، بىخەتەر يول يۈرەلمىسە، ئىشنىڭ كاشىلىسى شۇ.

كېرەم ئىمىن كۆپنى كۆردى. نۇرغۇن مۇناسىۋەتلەرگە سودا ئالاقىلىرىگە قاتناشتى. تاۋار ئىگىلىكى مىسلىسىز جانلىنىپ كەتكەن بۈگۈنكى جۇڭگودا نۇرغۇن ئىشلار قانۇن، تۈزۈم، بەلگىلىمىلەرنىڭ كاپالىتىدە ئېرىشتى. چوڭ - چوڭ ئىقتىسادىي توختاملار، سودا ئالاقىسى، ئۇچۇر لىنىيىسى دۆلەت بەلگىلىگەن پرىنسىپ، ئۆلچەم بويىچە ئىشلىنىپ، كىشىنى خۇشال قىلىدىغان چوڭ ياخشى ۋەزىيەت شەكىللەندى. ئەمما ھەرقانداق بىر مۇستەھكەم بىنادىمۇ، مەلۇم بوشلۇق، كەمتۈكلۈك مەۋجۇت بولۇپ تۇرغىنىدەك، بىر قىسىم سودا ئورۇنلىرى، مال - تارقاتقۇچى، ئىش بېجىرگۈچى

خادىملار ئۆز نەپسىنى يىغالمايۋاتىدۇ. پۇلنى تۆلىمەي، رەسمىيىتى بېجىرىلگەن تالونلارمۇ ئىناۋەتكە ئېلىنمايدىغان ناچار ھاللار ھەممە يەردە مەۋجۇت. «ئادەمگەرچىلىك» ئايرىم كىشىلەرنىڭ نەزەرىدە بېيىشنىڭ داغدام يولى دەپ قارالماقتا.

19 يۈك ئاپتوموبىلى ئۈرۈمچى-خوتەن لىنىيىسىدە موكىدەك قاتناۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، بۇ دېھقان كارخانىچىنىڭ غەم-ئەندىشىسىز، تۇسالغۇسىز ياشىشى، يىللىق ساپ پايدىنى 60—70 مىڭ يۈەنلىك سەۋىيىدە ساقلاپ قېلىشى ئاسان ئەمەس-دە! بازار — رىقابەت، رىقابەت يەنە بازار... مانا بۇ ھەر بىر قەدەمنى ئەستايىدىل، پۇختا بېسىشنى شەرت قىلىدىغان تىجارەت شەكلى. ئەگەر سەللا بىخەستەلىك قىلىنسا، ئورنىنى تولدۇرۇۋېلىش مۇمكىن بولمايدىغان چوڭ زىيان تارتىش تۇرغانلا گەپ!

كېرەم ئىمىن، يېتىم، ئاجىزلاردىن تەشكىللەنگەن شوپۇرلار قوشۇنىنى تەربىيىلەشكە، قاتناش قائىدىسىنى ئومۇملاشتۇرۇشقا زور كۈچ سەرپ قىلغاندىن سىرت ئىشچىلار بىلەن يىل، پەسىل بېشىدا قانۇنلۇق توختام تۈزدى.

«پايدا كۆرسەك ئۆزۈڭگە، زىيان تارتساڭ ماڭا.» مانا بۇ ئۇنىڭ ئىزچىل پىرىنسىپى، نامرات-ئاجىزلارغا قاراتقان كەڭ قول سىياسىتى. ئۇ ھەربىر شوپۇرنىڭ ئايلىق مائاشىنى، كاماندىروپكا پۇلىنى مۇقىم توختىتقاندىن سىرت، مۇكاپات ئارقىلىق خېرىدار ئىزدەش ئۇسۇلىنى قوللاندى. «ئۈرۈمچىدە توشۇلىدىغان بىر يول يۈك، شوپۇر ئۆزى تاپسا، مۇكاپاتى 650 يۈەن» قىلىپ بېكىتىلدى. شوپۇرلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرى دۆلەت ئىشچى-خىزمەتچىلىرىگە ئوخشاش، ھېيت-بايراملاردا، قىش ۋە يازدا، ئوزۇقلىنىش، ئىسسىنىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتى.

— شۇنداق قىلىپ، ئۇلارنىڭ يۈرەك تۇشۇش ئاكتىپ-
لىقىنى قوزغىدىم. ئۇلارنىڭ بەزىسى ۋەزىپىنى ئىككى قاتلىدى.
بۇلارغا، ئىككى قات مۇكاپات بېرىلگەندىن باشقا، ئائىلە
ئىقتىسادىغا ئالاھىدە ئېتىبار قىلدىم. بۇ جەرياندا ئون
نەچچە ياشنى ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق قىلدىم. بىر نەچچە
ئائىلىگە يېڭى ئۆي سېلىپ بەردىم. بۇنىڭغا كەتكەن مەبلەغ،
يىللىق كىرىمىنىڭ بىر يېرىمى ھەسسىگە توغرا كەلدى.
ھازىر بۇلارغا مائاش ـ مۇكاپات بولۇپ، ئېيىغا 10 مىڭ
يۈەن پۇل كېتىدۇ. كارخانىغا قاراشلىق 150 كىشىنىڭ
تۇرمۇشى ئۈچۈن نەچچە باراۋەر پۇل خەجلەيمەن، بۇمۇ
مەن ئۈچۈن مەنىلىك تۇرمۇش!

— سىز شۇنچىۋالا ئادەمنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ
بېقىۋاتىسىز، بۇنىڭدىن قانداق ھوزۇر ـ ھالاۋەتكە ئېرىشتىڭىز؟

مۇخبىرنىڭ بۇ سوئالى قوپاللاراق بولسىمۇ، ھەرھالدا
ئويلىنىشقا ئەرزىيتتى.

— مېنىڭ كۆزدە تۇتقىنىم بايلىق ئەمەس، شۇنچىۋالا
دەرەخلەرنى، ئۆيلەرنى بىنا قىلدىم. ماشىنا ئەترىتى تەش-
كىللىدىم. ئۆز بايلىقىمغا تايىنىپ، مەكتەپ، دوختۇرخانا
سالدىم. مېنىڭچە، بۇ نەرسىلەر ھامان تۈگەيدۇ. ماڭا
قالىدىغىنى ياخشى نام، ياخشى ئەسلىمە. تارىخ، كېيىن
ئىمىن دەپ بىر دېھقاننىڭ ئۆتكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالمىسا،
مەن ئۈچۈن ئەڭ زور بايلىق، بەخت شۇ بولىدۇ.

— شۇنداق ـــ، مۇخبىر كۆز ئالدىدىكى بىلىملىك دېھقان
بىلەن بولغان سۆھبەتتىن مەمنۇنىيەت ھېس قىلدى،
كىشى پەقەت بىر قېتىملا تۇغۇلىدۇ. ئۇنىڭ ھايات يولى
قانچىلىك ئۇزۇن ۋە مۇرەككەپ بولسۇن، ياخشى پەزىلەت،
ياخشى خۇلق بىلەن ئىز قالدۇرالىسا، ئۇنىڭ ھاياتى، چىن
مەنىسىنى تاپقان بولىدۇ. مۇبادا، پۈتۈن ئۆمرىنى يېيىش-

ئىچىش بىلەن ئۆتكۈزسە، مۇنداق ھايات — قۇرت-قوڭغۇزلارنىڭ ئادەم تېنىنى يەپ تۈگەتكىنىدەك قورقۇنچلۇق تۈس ئالىدۇ... ئالدىنقىسى بەختىنىڭ، كېيىنكىسى بەختسىزلىكىنىڭ سەۋەبى.

تۇرمۇش — ئۇزۇن يول. ئەگرى-توقاي، مۇرەككەپ تۇرمۇش يولىدا ئېغىشماي مېڭىش — دېھقان كارخانىچىنىڭ ھايات كارتىنىسى. بورانچى ئوغلىنىڭ ئىزدىنىش، ئالغا بېسىش داۋامىدا يەكۈنلىگەن ئاقىلانە خۇلاسىسى. قۇياش، زېمىن ۋە ئادەمدىن ئىبارەت ئۈچ گەۋدىنىڭ بىرىكمىسىدىن ھاسىل بولغان يېڭى مەنتىقە!

## كۈمۈش دولقۇن، كۈمۈش قولۋاق

«بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي رايون ساياھەت خاتىرىسى» ۋە «قەدىمكى ئۇدۇن بەگلىكىنىڭ پايتەختى توغرىسىدا تەتقىقاتلار» دېگەن رىسالىلەردە مۇنداق دېيىلگەن: خوتەن خانلىقىنىڭ جەنۇبىدا قورۇم تاغلىرى، شىمالىدا تەكلىماكان چوڭ قۇملۇقى جايلاشقان. خانلىقنىڭ جەنۇب تەرىپى، نىسبەتەن ئېگىز بولۇپ، قورۇم تاغلىرىدىن ئېرىگەن قار-مۇز سۇلىرى شىمالغا قاراپ ئېقىپ، ئىككى دەريا ھاسىل قىلغان. ئۇنىڭ بىرى، شەرق تەرەپتىكى يۈرۈڭقاش (ئاق قاشتېشى) دەرياسى، يەنە بىرى، غەرب تەرەپتىكى قاراقاش (قارا قاشتېشى) دەرياسى بولۇپ، خانلىقنىڭ شەرقىي شىمال قىسمىدا 80 چاقىرىم يىراقلىقتا، بۇ ئىككى دەريا ئېقىمى بىرلىشىپ، ئۈچىنچى دەريانى ھاسىل قىلغان. ئەينى ۋاقىتتا، قوشنا خانلىقلاردا قۇم-بوران

ئاپتى قاتتىق بولسىمۇ، لېكىن خوتەن خانلىقىنىڭ مۇنبەت ئېتىزلىرى، مۇشۇ ئىككى دەريا ئوتتۇرىسىدا بولغاچقا، قەدىمدىنلا ئاۋاتلىشىپ كەلگەن.

«غەربىي رايون تەزكىرىسى» VI ئەسىر باياندا يەنە مۇنداق دېيىلگەن:«... خوتەن دۆلىتى غەربىي رايونغا جايلاشقان. يامغۇر كۆپ ياغىدۇ. باياۋانلىرى پايانسىز، ھاۋاسى ياخشى، بۇغداي، گۈرۈچ، ياڭاق، شاپتۇل ياخشى ئاينىيدۇ. ئىككى دەريادىن قاشتېشى چىقىدۇ. مېۋە - چېۋە، كۆكتات جەھەتتە ئىچكى رايونلاردىن قېلىشمايدۇ...»

يوتقان قەدىمىي خارابىلىكىدىن ئۇچرىغان ئىزلار، سامپۇلا بوستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان بىر بۆلۈك ئاسار ئەتىقىلەرنىڭ يىل دەۋرىدىن قارىغاندا، خوتەن خەلقىنىڭ بۇنىڭدىن 3000—2000 يىللار ئىلگىرى، بۇ قەدىمىي دەريالارنىڭ ئىككى قاسنىقىدا ياشاپ، مۇنبەت ئېتىز ساھىللىرىدا ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

بۈگۈنكى كۈندە، خوتەن ۋىلايىتىدە چوڭ - كىچىك دەريا - ئېقىنلىرىدىن 36 سى بولۇپ، بۇ دەريالارنىڭ يىللىق ئېقىن مىقدارى 7 مىليارد 181 مىليون كۇب مېتر. يىللىق ئېقىن مىقدارى 14 مىليون كۇب مېتردىن ئاشىدىغان چوڭ دەريا - ئېقىنى 24 كە يېتىدۇ. بۇلاق سۈيى 1 مىليارد 300 مىليون كۇب مېتر، ئېچىشقا بولىدىغان يەر ئاستى سۈيى تەخمىنەن 2 مىليارد 200 مىليون كۇب مېتر.

يۇرۇڭقاش دەرياسى 6000 مېتر ئېگىزلىكتىكى كۇئېنلۇن تېغىنىڭ چىملىق دېگەن يېرىدىن باشلىنىپ، قوشلاش شورتاڭلىقىدا قاراقاش دەرياسى بىلەن قوشۇلۇپ، خوتەن دەرياسىنى ھاسىل قىلىدۇ. ئاندىن تارىم دەرياسىغا قۇيۇلىدۇ.

بورانچی دەریاسی — لایقا یېزىسىنىڭ شاخلىق كەنتىدىن باشلىنىپ، 36 كىلومېتر سوزۇلۇپ، ئىسلامئاۋات يېزىسىغا بېرىپ، ئاندىن قاراقاش دەریاسىغا قوشۇلۇپ كېتىدۇ.

1939 - يىلى يۇرۇڭقاش دەریاسىغا كۆۋرۈك سېلىندى. قەدىمىي دەریا ئۆزىنىڭ قانلىق ھاياتىنى شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشتۇردى. بەڭباش ئېقىننىڭ ھاياتلىق ئۈستىدىكى زوراۋانلىقى ئاخىرقى چەككە يەتتى. بولدۇقلاپ، نەرە تارتقان چوڭقۇر قايناملار، ئەجدىھادەك لۆمشىپ تۇرغان دەریا قىنى ئادەملەرنى تىرىك يالماشتىن، قاينام تەكتىگە چۆكتۈرۈپ ئوينىشتىن ئىبارەت راھەتلىك ھاياتتىن مەھرۇم بولدى.

«كۆۋرۈك، يۇرۇڭقاش كۆۋرۈكى پۈتتى.»

كونا جەمئىيەتتىكى خوتەن، مەيلى ئۇ قانچىلىك زۇلۇم، ئېكسپىلاتاتسىيە ئاستىدا ئېزىلمىسۇن، ئىككى قىرغاق ۋادىسىدا قانچىلىگەن قانلىق قىلىچلار ئوينىمىسۇن، قانچىلىگەن خوتەنلىك ھۆكۈمرانلارنىڭ دەھشەتلىك قىيناشلىرى ئاستىدا جان بەرمىسۇن، خوتەن دەریاسى ئۈستىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان زور قۇرۇلۇشنى كۆرۈپ، ئۆز-ئۆزىنى قايىدىن چۈشىنىشتى.

ئۆتمۈش كەلمەسكە كەتتى. يۇرۇڭقاش دەریاسى دەۋر روھىغا جور بولدى. 300 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى يۇرۇڭقاش كۆۋرۈكى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ قاتناش تۈگۈنىگە ئايلاندى. ئۆتمۈشتىكى ئازاب - ئوقۇبەتلىك سەپەر، كۆڭۈللۈك ساياھەتكە، ئۆتمۈشتىكى ئېچىنىشلىق دەریا - خوتەن بوستانلىقىنىڭ مەنزىلگاھىغا ئايلاندى... ئۆتمۈشتە، مىڭلاپ تولۇمنى يۇتۇپ كەتكەن، مىڭلاپ سەپەرچىنى ئۆلۈم گىردابىغا تارتقان ھەيۋەتلىك قايناملار، بۈگۈن موكىدەك ئۆتۈشۈپ

تۇرغان ئاپتوموبىل، ئادەملەرنىڭ ئاستىدا جىمجىت سوزۇلۇپ ياتماقتا. ۋەھىمىلىك سادىغا ئايلانغان دەريا شاۋقۇنى، بۈگۈنكى خوتەندە، توي ناخشىسىغا، قىز-يىگىتلەرنىڭ مۇھەببەتلىك بېيىتلىرىغا، گۈزەل ئاخشامدىكى شېرىن تىۋىشلىرىغا شاھىت بولۇپ قالدى. بۇ — تەبىئەتنىڭ قاتتاللىقى، ئادەملەرنىڭ ھاياتىي كۈچى ئوتتۇرىسىدىكى بىر يېڭىلىق! تەبىئەت، ئادەملەر ۋۇجۇدىدىن تامغان بۇنداق يېڭىلىقنى مەڭگۈ قوبۇل قىلىشى، ئېتىراپ قىلىشى شەرت، ئادەملەر ئۈچۈن ئۆلۈم چىللىغان گۇناھكار تەبىئەت، ئاخىرقى ھېسابتا، ئىنسانلارغا مەڭگۈلۈك ھايات، بەخت يارىتىپ بېرىدۇ، خالاس.

ناھىيە مەركىزىدىن يۇقاقۇن كەنتىگىچە بولغان 20 كىلومېترلىق مۇساپە، كىشىگە قەدىمىي ئورمانلىقتەك سېھىرىي كۈچ بېغىشلايتتى. سەنئەت گۈزەللىكىنى نامايىش قىلىپ تۇرغان بۇ يېڭى يېپەك يولى، كۆل بويىدىكى مەجنۇنتالدەك ياشناپ تۇرغان يېزا-مەھەللىلەر ھەقىقەتەن كىشىنىڭ مەستلىكىنى، زوقىنى قوزغايتتى. يەلپۈنۈپ تۇرغان بۇغدايلىقلار، چوڭ-كىچىك يوللار، يول بويىدىكى ئېرىق-ئۆستەڭلەر، مەھەللە-كويلارنىڭ تۆت ئەتراپى — ھەممە يەر قاتمۇقات ۋە كۆككە بوي سوزغان سۆۋادان تېرەك، ياڭاقلىق ۋە مېۋىلىك ئورمان بىلەن قاپلانغان. تەرەپ-تەرەپكە كەتكەن كوچا-مەھەللە يوللىرى ئۈستىدىكى پەردىشتە پەلەك يايغان ئۈزۈم تاللىرى، گويا تەكلىماكان قوينىدا غايىب بولغان جاۋاھىر تىلسىماتىدەك چاقناپ تۇراتتى.

— خوتەندە، بۇنداق ئۈزۈملۈكلەر قانچىلىك بار؟

مۇخبىرنىڭ بۇ سوئالى، خۇددى يەتتە قات تۆشەك ئۈستىدە ئەللەيلەنگەندەك، ھۇزۇرلىنىپ كېلىۋاتقان شوپۇرغا

قىلىچە يېپىشماق بولۇپ تۇيۇلمىدى. ئۇ، كۆزىنى يولدىن
ئۈزمەي تۇزلا جاۋاب بەردى:

— ئۆزۈم تەكلىرىنى دەمسىز؟، پەمىچە خوتەن يېزى-
لىرىنىڭ دائىرىسى قانچىلىك بولسا، يېزا ئۈستىدىكى ئۆزۈم
تەكلىرى شۇنچىلىك بار.

— ئوھوي، شۇنچىلىك كۆپمۇ؟

— ... ...

— كەلدۇق!

ماشىنا لېپپىدە سۇ ئېتىپ تۇرغان ئېرىستەڭ بويى-
دىكى كۆك سىرلىق دەرۋازا ئالدىدا توختىدى. مۇخبىرغا
كىرەم ئېمىنىڭ خوتەن ئۇسلۇبىدا سېلىنغان، ھەممە
يېرىدە ئوتقاشتەك زىلچە-گىلەملەر چاقناپ تۇرغان ئازادە
ئايۋان-سارايلىرى ياقتى. ھويلا-ئارامدىكى ئۈزۈم تال-
لىرى، مېۋىلىك دەرەخلەر، گۈللەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى،
ئۆي ئىگىسىنىڭ گۈزەللىككە بولغان بىر خىل يېگىچە
خاھىشىنى ئىپادىلەپ تۇراتتى:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ئۆيدە كىم بار؟...

ئاجايىپ ئىش. شۇنچە كاتتا، باي ئۆينىڭ ئىشىك-
دېرىزىلىرى ھاڭغىرقاي ئوچۇق بولۇپ، ئۆيدە «ئىنس-جىن»
كۆرۈنمەيتتى. ھەتتا تىرىق قىلغان ئاۋازمۇ يوق ئىدى.
مۇخبىر ئەجەبلەندى. بىرەر يۈز كىشى مەشرەپ ئوينىسا
بىمالال سىغقۇدەك ئايۋان-سارايغا، گىلەملەر سېلىنغان
سۇپىلارغا، ئىشىك تەرەپكە قارىتىپ قويۇلغان رەڭلىك
تېلېۋىزورغا قاراپ قويدى.

— قارىغاندا، بۇ ئۆيگە ھازىرچە بىز خوجايىن ئوخ-
شايمىز.

شوپۇر بىلەن مۇخبىر نېمە قىلىشنى، كىمگە سالام
بېرىشنى بىلمىدى ۋە ئىشىكى ئوچۇق مېھمانخانىلارنى،

ھۆجرا ئۆيلەرنى ۋە ئىسكىلاتلارنى ئارىلاشقا باشلىدى. توققۇزى تەل تۇرمۇش مۇخبىرىغا ئالاھىدە تەسىر قىلدى:

— ھۇشۇنداق ئائىلىلەر خانىۋىرىق يېزىسىدا خېلى كۆپمۇ؟

— كۆپ ئەمەس، ئەكسىچە پەرقىمۇ چوڭ.

— مەسىلەن، قانچىلىك باردۇ؟

— يېزىدىكىلەرنىڭ تەكشۈرۈپ ئېنىقلىشىچە، كىرىم ئىمىنىنى ئۆلگە قىلىپ، دېھقانچىلىق بىلەن قوشۇمچە كەسىپنى بىرلەشتۈرۈپ، يىللىق كىرىمى 20 مىڭ يۈەندىن ئاشقان ئائىلە، خانىۋىرىق يېزىسىدا 50 كە ئۇلاشتى. ئەمما بۇ، 300 نەچچە مىڭ نوپۇسى بار چوڭ بىر يېزا ئۈچۈن بەكمۇ ئاز سان.

ئۇلار ھويلىغا چىققاندا، ھويلىنىڭ پىنھانراق بىر يېرىدە ئۇلارغا مۆلۈلدەپ قاراپ تۇرغان ئۈچ ياشلاردىكى قىپيالىڭاچ بىر ئوغۇل بالىغا كۆزى چۈشتى. بالا بۇدۇرۇق، سېمىز ۋە ناھايىتى ساغلام ئىدى. قاپقارا خۇمار كۆزىدە، قىپقىزىل مەڭزىدە بىر خىل زېرەكلىك، بالىلىق مەسۇملۇقى جىلۋە قىلاتتى. لاي سۇغا چۆمۈلۈپ، توپىغا مىلىنىپ، قۇياش نۇرىدا كۆيۈپ، قىزارغان ئەت ـ تېرىلىرى مىستەك پارقىرايتتى.

— ھە نوچى، سۇغا چۈشتۈڭمۇ؟

— چۈشتۈم.

— ئېتىڭ نېمە؟

— ھېكىم.

— كىمنىڭ بالىسى سەن؟

— دادامنىڭ.

— دادامنىڭ؟

— كېرەمباينىڭ.

— كېرەمبايمۇ، قايسى كېرەمباينىڭ؟

بالا لەۋلىرىنىڭ ئۇچىدا جىلۋىلەنگەن شېرىن تەبەسسۇم بىلەن خۇمار كۆزلىرىنى سۈزۈپ، ئايۋان ـ ساراي تەرەپكە قاراپ قويدى. بىر نىمىنىڭ شەپىسىنى سەزگەندەك، ئىتتىك دەرۋازا تەرەپكە قارىدى. ھايال ئۆتمەي، دەرۋازىدىن مايلاشقان نىمكەش شەپكىنى باستۇرۇپ كىيگەن بىر ئاقپىشماق يىگىت ئىسقىرتقىنىچە كىرىپ كەلدى. ئۇ ئۆزىگە چەكچىيىپ قارىغان بالىغا كۆزىنى قىسىپ قويدى-دە، ئىسكىلاتتىن بىر تال سايمىنىنى ئېلىپ، ئالدىراپ تالاغا ماڭدى:

— يىگىت، بىزگىمۇ قاراپ قوي، — دېدى شوپۇر ئۇنىڭغا چاقچاق قىلىپ، — سالام ـ سائەت دېگەننىمۇ قىلماڭلار، سىلەر نېمە ئادەم، بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىسىلەر دەپ سوراپمۇ قويمايسىلەرغۇ؟...

— ھە، ھە، ئەسسالامۇئەلەيكۇم، مەن ئالدىراپىراق...

— سىلى كىم بولىلا، كېرەم ئىمىننىڭ ئىنىسىمۇ؟

— يوقسۇ، مەن تراكتورچى.

— كېرەم ئىمىن نەدە؟

— كۆۋرۈكتە.

— كۆۋرۈكتە؟ نېمە كۆۋرۈك ئۇ؟

ئاقپىشماق يىگىتنىڭ كۆزلىرىدە دەررۇ ھەيرانلىق، خۇدۇكسىراش ئالامىتى ئەكس ئەتتى.

— ئەجەب ئىش، جاھانغا بىر كەتكەن ئىش تۇرسا... سىلەر، راستىنلا كېرەم ئاكامنىڭ 50 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، بورانچى دەرياسىغا كۆۋرۈك قۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلمەمسىلەر؟

ئۇلار بورانچى دەرياسى بويىغا يېتىپ كەلدى. ئەزەلدىن جىمجىت، سۈكۈنات ئىچىدە ياتقان يوقاقۇن، بۈگۈن جانلىنىپ

كەتكەنىدى. بۇككىدە ئورمانلىق ئارىسىدا سوزۇلۇپ ياتقان ئىككى قىرغاق 100 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا دامبا ياساۋاتقان تراكتور - ماشىنىلار، ئادەملەرنىڭ ۋاڭ - چۇڭى بىلەن لەرزىگە كەلگەنىدى.

— قارشى ئالىمىز، قارشى ئالىمىز!

قارا تەرگە چۆمگەن كېرەم ئىمىن پۈتەي دەپ قالغان كۆۋرۈك ئۈستىدىلا ئۇلار بىلەن قىزغىن كۆرۈشتى.

— سىزنى تاپماق، دېڭىزدىن يىڭنە ئىزدىگەندەكلا بىر ئىش ئىكەن. قارىغاندا، پۈتۈن ۋۇجۇدىڭىز بىلەن تۇتۇش قىلىۋېتىپسىز - دە!

— شۇنداق دېيىشكىمۇ بولىدۇ. پەيتنى چىڭ تۇتۇش مۇھىم. قاراڭلار، ھاۋا تونۇردەك ئىسسىق بولسىمۇ، ھازىر قۇرۇلۇش قىلىش قولايلىق. قىشتا دەريادىن مۇز تېشىپ، تراكتور - ماشىنا بىلەن قۇرۇلۇش قىلىش ئەپسىز. ئەتىياز ۋە كۈزدە ھەممە ئادەم تېرىم - يىغىم ئىشى بىلەن بولۇپ كېتىدۇ. شۇڭا ئىسسىقتا ئازراق جاپا تارتسىمۇ، كۆۋرۈكنى پۈتكۈزۈۋالاي دېدىم.

— كۆۋرۈك سېلىش، يول ياساش — مىللىتىمىزنىڭ ياخشى ئەنئەنىسى. سىز يوقاقۇن ئۈچۈن چوڭ ئىش قىلىپ بېرىپسىز.

— يوقسۇ، ئۆز يۇرتىمىز ئەمەسمۇ؟! قانچىلىك تەر تۆكسەكمۇ، ئۆز بەختىمىز ئۈچۈن - دە!

كېرەم ئىمىن كۆۋرۈك يۈزىنى تەكشىلەۋاتقان قۇرۇلۇشچى ئۇستىغا ئاللىنېمىلەرنى جېكىلىدى - دە، مۇخبىرنى يول بويىدىكى دەرەخلىققە باشلاپ كىردى.

— ئەگەر قاتناش باشقارمىسىدىكى يولداشلار ھەمكارلاشمىغان بولسا، بۇنچىۋالا چوڭ كۆۋرۈكنى سېلىش ھازىرغىچە خىيال پېتى قېلىۋېرەتتى. سېمونت، پولات چىۋىق، تاش،

شىغال، تېخنىكا، ئەمگەك كۈچى تۆلەنمىگەن ئىش ھەققى بولۇپ،
80 مىڭ يۈەنگە باردى. مېنىڭچە قارىغىنىم قانچىلىك پۇلدى؟
— 50 مىڭ يۈەن خەجلەپسىز، بۇ پۇلنى ئاز دېگىلى بولمايدۇغۇ؟!
كېرەم ئىمىن ئېغىز - تاماغلىرىنىڭ قۇرۇپ، گەز
تاغلاپ كەتكىنىدىكە قارىماي قىزغىن پاراڭغا چۈشتى:
— شۇنچە چوڭ دەريادا كۆۋرۈك بولمىغىنى ئەجەبلى-
نەرلىك بىر ئىش. مۇخبىر يولداش، ھازىر جاھان تەرەققىي
قىلىپ خېلى بىر يەرگە باردى. نەنجىڭ - چاڭجياڭ كۆۋرۈكى،
سەنشيا بوغۇزى، يەكەن - تارىم چوڭ كۆۋرۈكى ... دېگەنلەرنى
ئادەملەر ياسىغانغۇ؟ لېكىن، يۇرتىمىز نامرات، ئارقىدا
قالغان دەپ يېتىۋەرسەك، كىشىلەر بىزگە قاراپ سوغۇق
كۈلىدۇ، ئىززەت - ئابرويىمىز تۆكۈلىدۇ. بىلىشىمچە، كونى-
لاردا «كۆۋرۈك، يول ياساش — ھەرەمگە يەتتە قېتىم بارغان
بىلەن باراۋەر» دېيىلگەن گەپ بار ئىكەنغۇ. نامرات، نامرات
دەپ قېلىشىۋېرىمىزمۇ؟ ئازاد بولغىلى 40 يىلدىن ئاشقان
بۈگۈنكى كۈندە، دەريادا بىر كۆۋرۈك بولمىسا نەقەدەر
ئېچىنىشلىق ئىش - ھە!؟
— كۆۋرۈك قۇرۇلۇشىنى پىلانلاۋاتقىنىڭىزغا قانچە
ئۇزۇن بولدى؟
— پىلان، نەدىمۇ پىلان بولسۇن، دەريا كۆزۈمچىلا
شاۋقۇن سېلىپ، ئادەملەرگە زىيان - زەخمەت سېلىۋاتسا،
خوتەندەك چوڭ شەھەردىن 20 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى بىر
يېزىدا تۈزۈكرەك قاتناش لىنىيىسى بولمىسا، پىلان تۈزۈپ
نېمە قىلاي؟
— بۇ گەپچە، دەريادا غەرق بولۇپ، ئۆلگەنلەر
بار ئىكەن - دە!
— بار، دەريا يۇتۇپ كەتكەن ئاشۇ بىچارىلەرنى كۆز
ئالدىمغا كەلتۈرسەملا، كۆۋرۈكنى نەچچە ئون يىل ئىلگىرى

سالالمىغىنىمغا ئۆكۈنمەن. ئۇزاقسى يىلى، ھارۋىلىق بىر ئايال بالىسىنى داۋالىتىش ئۈچۈن شەھەرگە ئېلىپ ماڭ-غانىكەن. ھارۋا دەريانىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە سەل بېسىپ كېلىپتۇ. ئايال ئالاقزادە بولۇپ، ئېشەككە مەھكەم ئېسىلىۋاپتۇ. ھارۋا كەلكۈن ئاستىدا ئۆكتۈرۈلۈپ، ئەمدىلا 12 ياشقا تولغان نارەسىدە قىزنى غەرق قىلىپتۇ. قىزىدىن ئايرىلغان ئانا ئۆزىنى قايناMغا ئېتىپتۇ. دەريا بويىدىكى بالىلارنىڭ چۇرقىراشلىرىدىن، ئېتىزدا ئورما ئوروۋاتقان ئىككى دېھقان ئوقتەك ئېتىلىپ كېلىپ دەرياغا سەكرەپتۇ. ئانا - بالا ئىككىسى گاھ چۆكۈپ، گاھ كۆرۈنۈپ ئېقىپتۇ. بەختكە يارىشا قىز قۇتۇلدۇرۇلۇپ قاپتۇ. لېكىن ئانىسىنىڭ كۆزلىرى مەڭگۈلۈك يۇمۇلغان بولۇپ، دۇنيا بىلەن ئەنە شۇنداق ۋىدالىشىپتۇ...

كېرەم ئىمىن نېمىگىدۇر ھاياجانلانغاندەك، ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى بورانچىغا، بورانچىنىڭ شىددەتلىك ئېقىنىغا تاشلاندى. رەھىمسىز كەلكۈن يۇتۇپ كەتكەن ئانا ۋە ئۇنىڭ ئۆز قىزىغا ئېتىلغان، قۇچاق يايغان ھالىتىنى كۆرگەندەك بولدى...

— كۆۋرۈكنىڭ بولمىغىنى بۇ يەردە نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارنى پەيدا قىلدى، — كېرەم ئىمىن خۇرسىنغان ھالدا سۆزلەيتتى، — ئىلگىرى بۇ دەريادا بىر ياغاچ كۆۋرۈك بولىدىغان. ئون يىللىق بالايىئاپەتتە كۆۋرۈك چۇۋۇپ تاشلاندى. ياغاچلىرى ناھايىتى يارام بولغانلىقتىن، كىشىلەر ئۇنى بىر - بىرلەپ توشۇپ كېتىشتى. «ئىنقىلاب كېسەلى» گە گىرىپتار بولغان تەلۋىلەرنىڭ ياغاچ بىلەن كارى بولمىدى. ئادەم دېگەن قوي مىجەز ئىكەن، بىرى سۇ كېچىپ ئۆتسە، ھەممىسى شۇنى دوراپ ئۆتۈۋېرىدىكەن. ئالدىنقى يىلى بىر سودىگەرنىڭ بىر يېرىم تونىنا ناۋىتى

ئېقىپ كەتتى. ھەر كىلوسىنى بەش يۈەندىن ھېسابلىغاندىمۇ، توپتوغرا 15 مىڭ يۈەنلىك مال. بۈگۈنكى سەھرادا 15 مىڭ يۈەن ئۈچۈن، بىر ئائىلە كىشىلىرى قانچە يىل جاپا، تەر تۆكىدۇ؟ لېكىن، خەتەرگە كۆنۈپ كەتكەن دېھقانلار ئاقسىمۇ، غەرق بولسىمۇ ئۆتۈۋېرىدىكەن. شۇنداق بولغاچقا، كۆۋرۈك سېلىش ھەققىدە تەشكىلىمۇ باش قاتۇرۇپ كەتمىدى ...

ئۆتمۈشتە ئۆتمۈش بولۇپ تۇرسۇن، بۈگۈنگە كەلگەندە بار زىيان دېھقانلارغا بولدى. دەريانىڭ غەربىدە تايتاق دېگەن بىر بازار بار. بازار تازا قىزىغاندا، لايقا ۋە خانئېرىق دېھقانلىرى دېڭىز ھاسىل قىلىدۇ. كۈنىگە 10 — 15 مىڭ ئادەم مۇشۇ دەريادىن ئۆتىدۇ. بەزىسى ھارۋىلىق، بەزىسى ئۇلاغ بىلەن سۇ كېچىدۇ. كەلكۈن ۋاقتىدا بۇ يەردە سودا - سېتىقمۇ راسا قىزىيدۇ. مىڭبىر جاپادا ئىشلەپ تاپقان مېلىڭنى، ھۆنىرىڭنى بازارغا ئەكىرەلمىسەڭكە كۆڭۈل چىدايتىمۇ؟ مۇخبىر يولداش، ئۆزىڭىز كۆرۈۋاتىسىز، دەريانىڭ ئېقىنى تېز، سۈيى ئاسانلىقچە ئۆكسۈمەيدۇ. بۇ، لايقا، تايتاق، يوقاقۇن ئۈچۈن ھەم بەخت، ھەم زۇلۇم ئەكەلگەن ئېقىن. مۇنداق قاتناش تۈگۈنىنى تىزگىنلىمەي بولامدۇ؟

مۇخبىر ئويلىنىپ قالدى. كېرەم ئىمىن رېئاللىق ئۈستىدىن «شىكايەت» قىلىۋاتاتتى. دېھقانلار ئۈچۈن يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن ياش تۆكۈۋاتاتتى.

دېھقان، يىل بويى ئىشلەيدۇ، ئاشلىق ۋە قوشۇمچە مەھسۇلات يارىتىش بەدىلىگە تۇرمۇشنىڭ ئەڭ مۇشكۈل داۋانلىرىغا دۇچ كېلىدۇ. ئۆزلىرى ئىشلەپ چىقارغان ئاشلىق، چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى تاۋارغا ئايلاندۇرۇش،

تۇرمۇش ئېھتىياجىغا جىددىي كېرەكلىك بولغان لازىمەت-
لىكلەرنى يۆتكەش ھازىرقى زامان دېھقانلىرىنىڭ ھاياتىدىكى
بىر يېڭىلىق. يەنە ئاشۇ دېھقان، ھېلىمۇ ئۆزىنىڭ كىچىككىنە
ئىمتىيازى، ئاددىي زۆرۈرىيىتى تۈپەيلىدىن مانا مۇشۇنداق
دەريادىن، كۆز يەتكۈسىز ئېقىندىن كېچىشكە مەجبۇر
بولىدۇ. يول — دېھقان ئۈچۈن، ھايات سەپىرىنىڭ تۈنجى
ۋە ئاخىرقى بېكىتى. بۈگۈنكى كۈندە يول تاپقانلار بېيىماقتا.
جۈملىدىن، «يول» ئۇقۇمى بارغانسېرى چوڭىيىۋاتقان
بۈگۈنكى يوقاقۇندا، دەريادا كۆۋرۈك بولۇشى، قاتناش
راۋان، سودا بازارلىرى ئاۋات بولۇشى شەرت.

— كۆۋرۈك، يوقاقۇنغا ھۆسن قوشۇپتۇ. سىز بۇ
ئىش ئۈچۈن ئاز بەدەل تۆلىمىدىڭىز، بۇ ھەقتە قانداق
تەسىراتىڭىز بار؟

— بۇ سوئالىڭىز ئالدىدا خىجالەتمەن. بىرلا نەرسە
ماڭا ئېنىقكى، مەن يۇرتۇم ئۈچۈن ئۆتەشكە تېگىشلىك
مەجبۇرىيەتنى ئۆتىدىم. كېيىنكى كۈنلەردە يوقاقۇنلۇقلار
دەريا بويىغا، كۆۋرۈك ئۈستىگە ھەربىر كەلگىنىدە،
مەندەك ئاددىي بىر دېھقاننى ئەسلەپ قالىدۇ. مانا شۇ
ئەسلەش مەن ئۈچۈن مەڭگۈلۈك بەخت!

كېرەم ئىمىن، كېرەمباي!

دېھقان ئۈچۈن غەم يېگەن، دېھقان ئۈچۈن بايلىق
ياراتقان، كەڭ قول دېھقان، زامانىنىڭ، دەۋرنىڭ ئالدىدا
كېتىۋاتقان ئەزىمەت، ئۆزىنىڭ ۋۇجۇدىنى، ۋولقان بولۇپ
ئېتىلغان يۇرت مۇھەببىتىنى ئەنە شۇنداق ئىزھار قىلدى!

كۈمۈش دولقۇن ئۈستىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان بېتون
«قولۋاق»، سانسىزلىغان دېھقاننى دەھشەتلىك قاينام
ئۈستىدىن ئۆتكۈزدى. سانسىزلىغان دېھقاننىڭ يۈرەك ئار-
زۇسىغا، كۈچلۈك تەلپۈنگە شاھىت بولۇپ تۇرغان بۇ كۈمۈش

كۆۋرۈك، يېقاقۇن ئوغلىنىڭ قايتماس ئىرادىسىگە، مۇستەھكەم قامىتىگە سىمۋول قىلىنغان.

كۆۋرۈك — بەخت ئەكەلدى. قاراقاش دەرياسىدىن توشۇلىدىغان قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، لايقا زېمىنغا يۆتكىلىۋاتقان يېزا ئىگىلىك سېلىنمىلىرى، شەھەر – يېزىنى يېقىنلاشتۇرۇۋاتقان بازار ئىگىلىكى. بەختنىڭ، قۇياش – زېمىن ئارىسىدىكى بەختلىك كېلەچەكنىڭ يېتىپ كېلىدىغانلىقىدىن دېرەك بەردى.

## يىراققا نەزەر

ئاق قار، ئاپئاق تۇمان، ئاسمانمۇ، زېمىنمۇ، دەريامۇ، دالامۇ قېلىن قارغا، ئاق خرۇستالغا بۆلەنگەن. ئۇپۇقتىن ئەمدىلا باش كۆتۈرگەن قىش قۇياشمۇ زېمىنغا، قار زەررىچىلىرىنى تۆكۈۋاتقاندەك باشقىچە جىلۋە قىلاتتى.

قار – ئاللانىڭ ھەممەت داستىخىنى بۈگۈن يېقاقۇندا كەڭ يېيىلغانىدى. ئاپئاق لىچەك ئاستىدا نازلىنىپ ياتقان بۇ پاك سەھرا ئۆز گۈزەللىكىنى ۋايىغا يەتكۈزگەنىدى. يېقاقۇننىڭ ئاپئاق بارمىقى ئۈستىدە تەبىئەت تەرىپىدىن سوۋغا قىلىنغان ياقۇت كۆزلۈك ئۈزۈك تىنىماي جىمىرلايتتى.

تەبىئەت پاكلانغان، يۇيۇلغان، يېقاقۇن سېھىرلەنگەن، مۇز قەلئەسىگە، خرۇستال دۇنياسىغا، ئاق قاشتېشى دېڭىزىغا ئايلانغانىدى. ئۇزۇنغا سوزۇلغان سەھرا يوللىرى، كىچىك – كىچىك چىغىرلاردىن جىپىدەك تۇتقان ئېتىزلار قوينىنى كەڭ ياپقانىدى. قېلىن قىراۋدىن قامچىلاشقان

دەرەخ شاخلىرى بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ، بولۇق «مېۋە» گە كىرگەن. ئۆگزىلەر، ھويلا - ئارامىلار، گۈللەر تۇتە- شىپ، ئاق پايانىدازغا ئايلاندى.

ئۇ غىرىس - غىرىس ئاۋاز چىقىرىپ، يېقىنلاۋاتقان كەنت مۇدىرىنى سەزمەيلا قالدى:

— ئوھوي، كېرەمباي، تورغا يىدەك قىرغاقتا قونۇۋاپ- سىزغۇ؟ ئەتىگەندىن بېرى ئىزدەپ بارمىغان يېرىم قال- مىدى، — ئېغىزىدىن پۇرقىراپ ھور كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان مۇدىر كۆۋرۈك سالاسونىغا يۆلەندى، — قاراڭ، يۇرتداشلار سىزنى ساقلاپ تۇرغىلى نەكەم.

— راستىنى ئېيتسام، بۇ دەريادىن مېھرىمنى زادىلا ئۈزەلمەيمەن. ئۇ بىز يوقاقۇنلۇقلارنىڭ تارىخى. بىز ئۆز تارىخىمىزنىڭ مۇشۇ ئېقىندەك ئۈزەلمەيدىغانلىقىدىن پە- خىرلىنىمىز.

— دەرياغا شۇنچىلىك ئىچىل بولۇپ كېتىپسىز، نېمىنى خىيال قىلىۋاتىسىز؟

— بۇ يەر ئۆزگىرىدۇ، باھاردىمۇ، يازدىمۇ ئىس- سىق، گۈزەل تۇسكە كىرىدۇ. بۇ يەر يېقىن كەلگۈسىدە رىۋايەتكە ئوخشىشىپ قالىدۇ. ئاڭلاڭ مۇدىر، بىزدە نېمە كەم؟ يوقاقۇنلۇقلار ئۈچۈن جىددىي كېرەكلىك بولغان زور ئىشلاردىن يەنە قايسىسى قالدى؟

مۇدىر كۈلۈمسىرىدى، ئاندىن بېشىنى چايقاپ، گويا كىتابلاردىلا بولىدىغان بۇ سۆزلەرگە ھەيران قالغان- لىقىنى بىلدۈردى.

مېنىڭچە، يوقاقۇندا ھەممە نەرسە تەل بولدى. مۇ- ھىمى مۇھىت - شارائىت ھازىرلاندى. دېھقانلار يول ئېچىشقا، ئىشلەشكە جۈرئەت قىلىشلا ئالتۇن - بايلىق خەزىنىسى كۆزىمىزگە كۆرۈنىدۇ. ئالايلى، بۇ يەردە نامراتلىق،

گادايلىق ئۇزۇن يىل ھۆكۈم سۈرۈپ كەلگەن. كىشىلەر ئۆز تەقدىرىنى ئاسمانغا، يەرگە باغلاپ ياشىغان. سىز مەك-تەپ ئېچىۋېدىڭىز، كەنتىمىز باشقىچە تۈسكە كىردى. بالىلارنىڭ شوخ ئاۋازى كەنت ئاسمىنىنى بىر ئالدى. بۇنى دەسلەپ كىمۇ خىيال قىلالايتتى؟ كەنتىمىزدە يەنە ئوتتۇرا مەكتەپ، دوختۇرخانا، دەريادا كۆۋرۈك بار بولدى. كەڭ دېھقانلار، ئوقۇش، داۋالىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشتى. قاتناش راۋانلىشىپ، ھاللىق سەۋىيىگە يېتىشنىڭ ئاسا-سى قۇرۇلدى.

ئۇلار، چىغىر يولدا يانداشىپ ماڭدى. ئۇلارنىڭ ئاياغ ئىزىدىن ئۇزۇنغا سوزۇلغان سەپەر كارۋىنىنىڭ جەسۇر سىماسى ھاسىل بولدى.

— كۆپچىلىك سىزنى تەشكىل قورۇسىدا ساقلاپ تۇرۇۋاتىدۇ.

ئۇلار بۇككىدە تېرەكلىك ئاستىدىكى قارلىق يولىدىن غەربكە، بورانچى دەرياسى تەرەپكە بۇرۇلدى. كۆكۈچ سىرلانغان تۆمۈر دەرۋازا ئۈستىدە «خانئېرىق يېزا يو-قاقۇن كەنتى پارتىيە ياچېيكىسى ۋە مەمۇرىيىتى» دەپ خەت يېزىلغان ۋىۋىسكا چاقناپ تۇراتتى.

يوقاقۇندا يەنە بىر بىنا قەد كۆتۈردى. قارلىق دالاغا ھۆسن قوشۇپ تۇرغان بۇ ھەيۋەتلىك قورۇ — يو-قاقۇن خەلقىنىڭ ئۇزۇن يىللىق ئارزۇسى، نامراتلىق سەۋەبىدىن قۇرۇلماي كەلگەن ماكانى ئىدى.

— يوقاقۇندەك چوڭ بىر كەنتتە ئىشخانا بولمىسا بولامدۇ؟ يىغىن، يولىيورۇقلارنى چاسا كوچىدا ئېچىش تولىمۇ بىمەنىلىك. ھازىر دېگەن 90 - يىللار، داق يەردە يىغىن ئېچىش زامانغا ماس كەلمەيدۇ. شۇڭا دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ، كەنت ئىشخانىسىنى قۇرۇپ چىقىش كېرەك!

خانئېرىق يېزىسىدىكى ئىناۋەتلىك رەھبەرنىڭ ئۆزۈن يىللاردىن بېرى ئىزچىل تەكىتلەپ كەلگىنى مۇشۇ سۆز ئىدى. ئەمما مەبلەغ مەسىلىسىدە ئۇلارغا ھېچكىم ئىگە بولالمىدى. ھېچكىم ئۇلارغا ئاتاپ پۇل تەستىقلاپ بېرەلمىدى. دەل شۇ سەۋەبتىن، يول، ئېتىزلىقلاردا، بەزىدە مەسچىتلەردە، شەخسىي قورۇلاردا «پارتىزان»لىق ئۇرۇشى قىلىپ، دېھقانلارنى ھەرخىل ئاممىۋى پائالىيەتلەرگە سەپەرۋەر قىلىپ كەلگەنىدى. مانا بۈگۈن كېرەم ئىمىن ئىشخانا قۇرۇلۇشىنى ئالدىغا تارتتى. ياغاچ-تاش ۋە باشقا ماتېرىياللارنى ئۆزى سېتىۋېلىپ توشۇپ كەلدى. قۇرۇلۇش خادىملىرىنىڭ ئىش ھەققىنى ئۆزى بەردى. ئومۇمىي قۇرۇلۇش كۆلىمى 305 كۋادراتمېتىر بولۇپ، كەنت پارتىيە ياچېيكىسى، مەمۇرىيىتى، ئىتتىپاق پائالىيىتى، قىرائەتخانا ۋە ئۈچ يۈرۈش خەلق ئەسكەرلىرى پائالىيەت ئۆيىدىن تەركىب تاپقان كەنت ئىشخانىلىرى، مەدەنىيەت ئۆيى، پائالىيەت مەركىزى، يېتەرلىك شىرە-ئىشكاپ، كىتاب-ماتېرىياللار، كۆڭۈل ئېچىش ئەسلىھەلىرى بىلەن تولۇقلانغان قۇرۇلۇش ۋە ئومۇمىي ئەسلىھەلەر ئۈچۈن ئۇ، ئۆز يېنىدىن 55 مىڭ يۈەن خەجلىگەن.

كەنت ئىشخانىلىرى قۇرۇلۇشىنىڭ پۈتۈش مۇراسىمى داۋاملىشىۋاتاتتى.

گۈلدۈراس ئالقىش ساداسى ئىچىدە كېرەم ئىمىن ھەممەيلەن بىلەن قىزغىن كۆرۈشتى. كەنت سېكرېتارى، مۇدىرى، ئەترەت باشلىقلىرى، ئوچاستكا ۋە يېزا مەسئۇللىرى، دېھقانلار ۋەكىلى، ئوتتۇرا-باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى، دوختۇرخانا خادىملىرىدىن بولۇپ، 200 چە كىشى ئۇنى ئارىغا ئېلىۋالغانىدى.

— يولداش كېرەم ئىمىن، مەن سىزگە بەخت تىلەيمەن، — ھاياجانلانغان مەكتەپ مۇدىرى ئۇنىڭ قولىنى چىڭ قىسىۋالدى، — سىزنىڭ غەمخورلۇقىڭىز بىلەن بۇيىل مەكتىپىمىزنىڭ ئايىغى چىقتى.

مۇدىر كۆزلىرىگە ياش ئالدى. نېمىنىدۇر دېمەكچى بولۇپ، يەنە سۆزلىيەلمىدى. ئۇنىڭ ھاياجانلانغانلىقى كۆپچىلىكنىڭ چوڭقۇر ھۆرمىتىنى بىلدۈرەتتى:

— بولدى، كۆپ ئىش قىلىپ بېرەلمىدىم.

كېرەم ئىمىن مۇدىرغا تەسەللى بەردى. ئەمما نەچچىلىگەن كۆز ئۇلارنىڭ ھەربىر ھەرىكىتى، سۆزىگە زوقمەنلىك بىلەن تىكىلگەنىدى.

1992-يىلى، يوقاقۇن تارىخىدا بۇرۇلۇش بولدى. ئەزەلدىن مەكتەپ بولمىغان بۇ خىلۋەت كەنتتىن بەش نەپەر ئەزىمەتنىڭ، شىنجاڭ تىببىي ئىنستىتۇت قارىمىقىدىكى تىببىي داۋالاش تېخنىكومغا قوبۇل قىلىنىشى، ئۇن نەپەر ئەزىمەتنىڭ ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىن، تىببىي تېخنىكوملارغا كىرگەنلىكى، يوقاقۇنلۇقلارنى تاڭ قالدۇردى. يوقاقۇن دېھقانلىرى ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ پارلاق ئىستىقبالىغا ئىگە بولغانلىقىدىن چەكسىز شادلاندى. خۇددى جەنۇبىي قۇتۇپقا تۇنجى قېتىم يېتىپ بارغان دېڭىزچىلاردەك تەنتەنە قىلىشتى.

ئۇ يەنە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ غېمىنى يېدى. بۇيىل 18 مىڭ يۈەن پۇل خەجلەپ، بىر تۈرمۈش ماشىنىسى سېتىۋېلىپ مەكتەپكە سوۋغا قىلدى. بۇ مائارىپنى ئېغىزدا قوللاۋاتقان تالاي ئورۇنلار، رەھبەرلەر تەسەۋۋۇر قىلالمايدىغان ئىش ئىدى.

كېرەم ئىمىن يوقاقۇننىڭ كېلەچىكىنى كۆرگەنىدى. يوقاقۇندا مۇنتىزىملاشقان ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى، كەسىپتە پىشقان، يارامىلىق دوختۇرلار قوشۇنىنىڭ بارلىققا كېلىشى،

يوقا قۇن دېھقانلىرىنىڭ ھاللىق تۇرمۇشىنى يارىتىشقا يار-يۆلەك بولالايدىغان ئىختىساس ئىگىلىرى كۆپلەپ مەيدانغا كېلىشى شەرت ئىدى. ئۇ، ئۆزىنىڭ بۇ پىلانىنى، زېمىنغا، زېمىن ئۇستىدىكى قۇياش ۋە مەزمۇت قەدەم تاشلاپ كېلىۋاتقان يوقا قۇن دېھقانلىرىغا شەرھلەپ، مۇنداق دېدى:

— 2000 - يىلغا بارغاندا، يوقا قۇندا يەنە بىر زور قۇرۇلۇش قەد كۆتۈرىدۇ. بۇ — ياپونىيىلىك دوستلار ۋە پارتىيە - ھۆكۈمەتنىڭ مەدەت بېرىشى، ئۆزۈمنىڭ تىرىشىپ، مەبلەغ توپلىشى بىلەن ۋۇجۇدقا كېلىدىغان زامانىۋى ئالىي مەكتەپ. يەنى باقمىچىلىق، چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق تايانچىلىرىنى، ئاگرونوم، مۇتەخەسسىسلىرىنى يېتىشتۈرۈشنى مەقسەت قىلغان، بىز ئۈچۈن تولىمۇ ئەھمىيەتلىك بىر ئىش. مەن، قانچىلىك كۆپ چىقىم كەتسىمۇ، بۇ قۇرۇلۇشنى چوقۇم قۇرۇپ چىقىمەن!

ھەممەيلەن ئۇنىڭ سەممىيىتىگە، بارلىقىنى يۇرتقا بېغىشلايدىغان ئاددىي ئەمما ئۇلۇغ خىسلىتىگە ئاپىرىن ئوقۇشتى.

— ياشاپ كەت، كېرەم، سەن بىزنى تەشكىللىگە، باشپاناھقا ئىگە قىلدىڭ. ئەمدى بىزنى باشلاپ ماڭىدىغان باشلامچى بار بولدى. بىز ساڭا ئەگىشىمىز، سەن بىلەن بىر يولدا يوقا قۇننى باشقىدىن قۇرۇپ چىقىمىز!

ئۇ خەلقىنىڭ ئوتلۇق ساداسى ئىچىدە يىراققا، قانداقتۇر بىر نۇقتىغا تىكىلدى. ئۇ ئۇپۇقتىكى قارلىق ئاسمان. قۇياش ۋە زېمىن ئۇنى كەلگۈسىگە يېتەكلەپ باراتتى.

# خاتىمە

ئۇ — بورانچى دەرياسىغا تويماي قارايتتى. ئانا دەريا شاۋقۇن كۆتۈرمەكتە ئىدى. گويا مەڭگۈ ئۈزۈلمەس ھايات ناخشىسىدەك، مېھرىبان ئانىنىڭ قۇتلۇق كۆزلىرىدەك، ئۇنىڭغا چەكسىز شىجائەت بېغىشلايتتى. ئۇنىڭ قەلبى كۈچلۈك دولقۇنغا ئايلانغانىدى. يىراقتا — يوقاقۇننىڭ گۈزەل ئەتىسىگە قاراپ تەلپۈنەتتى، يۈكسەك ئىپتىخارلىق تۇيغۇسى بىلەن زارىقاتتى. ئۆتكەن كۈنلەرنىڭ ھايات شاھىتى، كېلەچەكنىڭ پەخرى بولغان ئانا دەريا ئۇچۇن سەكرەيتتى. ئۇنى دەريا قايناملىرى بىلەن قۇچاقلىشىشقا، گۈزەل قىرغاقنى، قىرغاقتىكى ھەربىر گىياھنى باغاشلاشقا ئۈندەيتتى.

ئۇ، قۇياشقا قارىدى، زېمىننى ئىللىتىپ تۇرغان بۇ ئوت شارى ئۇنىڭ جىسمىغا ھاياتىي كۈچ ئاتا قىلماقتا ئىدى. ئۇ زېمىنغا نەزەر سالدى. قۇمقايغان سەھراسىدىن تەگرىتاغلىرىغىچە بولغان بىپايان دالا ئۇنىڭ ھايات ناخشىسىغا ئايلانماقتا ئىدى. ئۇ قۇياش بىلەن زېمىن گىرەلەشكەن گۈزەل مەنزىلنى كۆردى. ئۆتمۈشتە بىلىمسىزلىك، نامراتلىق دەشتىدە ئېزىپ يۈرگەن مىڭلىغان ئادەم زېمىن ئۈستىدە قۇياشتەك تاۋلىنىپ تۇرماقتا ئىدى. ئۇ ئانا دەريا — بورانچى ۋادىسىغا قاراپ پىچىرلىدى:

«قۇياش، زېمىن، ئادەم، مەڭگۈ بىللە!»

1993 - يىلى 1 - ئايدا يېزىپ تاماملاندى

1993 - يىلى 8 - 9 ئايلاردا تۈزىتىلدى.

责任编辑：阿·艾白
责任校对：阿布列孜，哈丽达

**太阳、大地、人**（维吾尔文）

*

阿里木江·热加甫　著

新疆青少年出版社出版
（乌鲁木齐市胜利路100号　邮编：830001）
新疆新华书店发行　　新疆福利印刷厂印刷
850×1168毫米　32开　　8.125印张
1994年12月第1版　1994年12月第1次印刷
印数：1—5070

ISBN7-5371-1933-3/I·654　定价：4.00元

如有印装问题请直接同承印厂调换

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى : شادىيە ھاشىم

ISBN7－5371－1933－3／I・654

باھاسى : 4.00 يۈەن （民文）